
# زەرەپشان بويىدا



قەييۇم تۇردى

2

قەييۇم تۇردى

# زەرەپشان بويىدا

(ھىكايە ۋە ئوچېركلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل تەھرىرى: ئەخەت ھاشىم

زەرەپشان بويىدا

(ھېكايە ۋە ئوچېركلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1981 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·459
باھاسى: 0·40 يۈەن

# نەشرىياتتىن

يولداش قەييۇم تۇردى 1937 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر شەھرىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، باللىق ـ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى قەشقەرنىڭ سەمەن، سۇزاق يېزىلىرىدا ئۆتكەن. 1944 ـ يىلدىن 1951 ـ يىلغىچە قەشقەر قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قارمىغىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يەكەن گېزىتى» تەھرىر بۆلۈملىرىدە مۇخبىر ـ تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە.

قەييۇم تۇردىنىڭ دەسلەپكى ھېكايە ـ ئوچېركلىرى 1955 ـ يىلدىن باشلاپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1976 ـ يىلى «قىزىلتاغ ئېتىكىدە» ناملىق رومانى، 1979 ـ 1981 ـ يىللىرى «كۈرەشچان يىللار» ناملىق 3 توملۇق رومانىنىڭ ئالدىنقى ئىككى تومى — «تاڭ ئالدىدا»، «زەرەپشان ئۈستىدە نۇر» ئېلان قىلىندى.

بۇ توپلامغا يازغۇچىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا يازغان بىر قىسىم ھېكايە ـ ئوچېركلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

## ھىكايىلەر

قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە ........................ 3
زەرەپشان بويىدا ........................ 29
زەينەپخان ھەققىدە ھىكايە ........................ 50
مىنىڭ دۇنيجاڭ ........................ 87
قۇدرەت ........................ 114
ئايخاننىڭ يېڭى ھىكايىسى ........................ 136
مۇسا تاغامنى ئەسلەيمەن ........................ 160

## ئوچېركلار

پىلە ئانىسى ........................ 191
شەمشەرىخان ........................ 213
ئۇراز بوۋا ........................ 220
ئارزۇلار ئەمەلدە ........................ 230
ئەزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ........................ 235
جېنىم ياشىرىۋاتىدۇ ........................ 245
مېنىڭ يېزام (ئەسلىمە) ........................ 250

# ھېكايىلەر

# قىزىل يولتۇزى بار شەپكە

## دىخانمىكىن - كادىرمىكىن

كۆكبۇلاق يېزىسى — يىراقتىن قارىغاندا خۇددى تاغ باغرىغا جايلاشقان كىچىككىنە يېشىل باققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى سايلار ۋە تۆپىلىكلەر بىلەن خوشنا بولۇپ، كەينى تەرىپىدە مەشھۇر كۆئېنلۈن تىزمىلىرىدىن بولغان ھەيۋەتلىك قىزىلتاغ قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئالدى تەرىپىدە بولسا، ئىلان باغرى سوزۇلغان كاداك ھارۋا يولىنى كۆز قويىنىغا ئېلىپ پايانسىز بوز يەر يېيىلىپ ياتىدۇ.

كۆكبۇلاق يېزىسىدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ يىل باھار بالدۇر كەلگەندەك قىلدى؛ باھار ھەقىقەتەن بالدۇر كەلدىمۇ ياكى كىشىلەر باھارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، كۆڭلىدە باھار تۇيغۇسى ھېس قىلىشىپ قالدىمۇ — بۇنىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس، ئەمما، مۇشۇ ھەقتە قىزغىن تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، چۈش - پېشىن ۋاقتى بىلەن بىر كىشى بوز ئېچىدىن چىقىپ، يېزىغا كىرىپ كەلدى.

يېزىغا كىرىدىغان ئېغىزدىكى دوقمۇشتا ئۈچ - تۆت

بىر قاراپ كەتتى ـ يا......

— قارىسا قارىغاندۇ، سەنمۇ قارىدىڭغۇ......

— بىز تونۇمايمىز ئەمەسمۇ.

— ئۇمۇ سىنى تونۇمايدىغۇ.

قوشماق ئاكا شۇنداق دىسمۇ، نىمىنىدۇ ئويلاپ قالـدى. لېكىن نىمىنى ئويلىغانلىغىنى ئۇزىمۇ بىلمىدى.

— قىزىق، كىم ئىكەنا ـ بۇ؟ — بوۋاي بىلمەر ـ بىلىنمەس قىلىپ ئۇز ئۇزىگە شۇۋىرلىدى، — دىخانمىكىن، كادىرمىكىن؟ كەتمىنىمۇ، ئوغىقىمۇ بار، كەتـمەنىنىغۇ ئىشلىتەر، بۇ كەملەردە ئوغاقنى نىمىمۇ قىلار؟......

يىزا ئىچىدە قاش قارايغان مەھەلدە قوشماق ئاكا بۇ تەرەپكە ئوتكەن كىشلەردىن يەنە بىر گەپ ئاڭلىدى:

— ھىلىقى كىشى دادۇينىڭ ئايغىدىكى يەرلەرنى ئارىلاپ يۇرگۇدەك؛ 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۇينىڭ پادىچىسى ئوسمان قويلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇزى نەگىدۇر كېتىپتىكەن، ھىلىقى كىشى شالاڭ قار ئۇستىگە تـۇغۇپ قويـغان ئىككى قوينىڭ قوزىسىنى خۇددى بوۋاق بالىنى يوگىگەندەك چاپىنىغا يوگەپتۇ ـ دە، كوتىرىپ كېلىپ، بىر چـەتتە ئوت قالاپ قۇرۇتۇپتۇ. كېيىن پادىچى ئوسمان كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشكەنـدە، ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىغى تۇگەل يوقلىقىنى ئوسمان بۇنى كورۇپ ھەيران قاپتۇ......

— ئىككى بارمىغى تۇگەل يـوق دەمسەنا؟ — دىدى قوشماق ئاكا ھىكايە قىلغۇچىنىڭ كوزىگە قاراپ.

كىشى قىزىق پاراڭ سالغاچ، تەمكىن ئولتۇرۇپ زەمبىل توقۇۋاتاتتى. ئۇلاردىن سەل نېرىدا — يېڭى سېلىنغان ئىمارەتنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ، ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشى ساتىراچقا ساقال - بۇرۇتىنى ياسىتىۋاتاتتى. ئۇلار بوز تەرەپتىن كېلىۋاتقان كىشىنى كورۇپ "كىمكىنە - بۇ؟" دېگەندەك قىلىپ، بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى.

هازىرچە نا مەلۇم بولغان بۇ كىشىدە بىر قارىماققا دەررۇ كوزگە چېلىققۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى. مۇرىسىگە شىگىلى تېگىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەپچىل بىر كەتمەن، ئىككى جىڭ كەلگۇدەك بىر ئوغاق قىستۇرۇۋالغان. بوي - تۇرقى تەمبەلگىنە بولۇپ، بېشىدا تېرە قۇلاقچا، ئۇستىدە سۇزۇلگەن ماش رەڭ چاپان ۋە بىرنەچچە يېرىگە ياماق چۇشكەن پاختىلىق شىم بار ئىدى. چىرايى بۇغداي ئوڭلۇك بولۇپ، يۇزىنىڭ كېپتى سەل كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن چوڭ - روشەن كوزلىرى ئەتراپقا ئىنتىلىپ - ئىنتىلىپ قارايتتى.

بوۋاي ئوز ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان بۇ كىشىگە سىنچىلاپ كوز سالدى، يول ياقىلىرىدىكى كىشىلەر ناتونۇش يولۇچىغا ھېرىسلىق بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ قاراشتى ھەم بۇ نامەلۇم كىشىنىڭمۇ ئوزلىرىگە قىزىقىپ قاراۋاتقانلىقىنى كورگەندە، ئۇنىڭ كوزلىرىدە نىمىنىڭدۇر ياللىراپ چاقناۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ چاقناشنىڭ تولىمۇ يېقىملىق ئىكەنلىكىنى سېزىشتى......

— قارا، قوشماق ئاكا، — دېدى ساتىراچ، بوۋاينىڭ ساقىلىنى ياساشقا تەمشىلىپ تۇرۇپ، — كىمدۇ - بۇ؟ ئەجەپ

قاپقارا كەلگەن ئۇسكىلەڭ بۇرۇتى بەستىلىك كەلگەن يوغان گەۋدىسىگە خوپ يارىشاتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر كونىۋېرت بار ئىدى:

— بۇگۈنكى يىغىنىمىز قىسقا، — دىدى سەيپۇللا كوپچىلىككە قاراپ، — قارايدىغان باشقا مەسىلىمۇ يوق. بىزگە بىر يولداش كەلدى. مەن گۇڭشې پارتىيە كومىتې-تىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بېرىمەن:

خەت قىسقىلا ئىدى: "يولداش جاڭ جۇرېن ناھە-يىمىزدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسە-مىنىڭ سىياسى بولۇمىدە ئىشلەيدۇ، ئۇ "پۇتۇن پارتىيە، ئومۇمى خەلق يېزا ئىگىلىگى — ئاشلىق بىلەن كەڭ شوغۇلا-لىنىش" چاقىرىغىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئوز قىسمىنىڭ بەلگە-لىمىسىگە ئاساسەن مەلۇم مۇددەت خىزمەتلىرىمىزگە ياردەم بېرىش ئۇچۇن گۇڭشېمىزنىڭ ئىختىيارىغا كەلدى. بىز ئويلە-شىپ يولداش جاڭ جورېننى سىلەرگە — كوكبۇلاق دادۇي ياچېيكىسىغا مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ بەلگىلىدۇق."

جوزىغا يېقىنراق ئولتۇرغانلار قىمىرلىشىپ قويىدى، چەت-چورىدىكىلەر بويىنىنى سوزۇپ قاراشتى، كىمدۇر "جاڭ جورېن، جاڭ جورېن" دەپ تەكرارلىدى.

بۇ چاغدا بويىنىغا ئاق لوڭگە سالغان يولداش جاڭ بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى تاراپ، مۇلايىم كۇلۇمسىرەپ ئولتۇراتتى. قاسىم قوشماق ئۇنىڭ ئىككى بارماقسىز ئوڭ قولىنىڭ چاچلىرى ئارىسىدا تىنىمسىز ھەركەت قىلىشىغا دىققەت قىلىپ قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ، يېنىدا ئولتۇرغان

— ھەئە...... شۇنداق، غەلىتى ئىش. ئىككى بارمىغى تۈگەل يوقمىش...... .

"ئىككى بارمىغى تۈگەل يوق بولسا......" بوۋاي يەنە ئويلىنىپ قالدى......

## "مېنى ئاددىيلا قىلىپ لاۋچاڭ دەڭلار"

كەچقۇرۇن دادۇي ئىشخانىسىدا دادۇي ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۇي كادىرلىرىنىڭ يېرىم سائەتلىك مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى؛ دەرىزە تەرەپكە تىرەپ قويۇلغان جوزا ئۈستىدە سۇس يورۇق چېچىپ بەشىنچى لامپا يېنىپ تۇراتتى. جوزىنى چۆرىدەپ دادۇي، ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ دۇي-جاڭلىرى ئولتۇراتتى. ئۆي ئىچىدە تاماكا ئىسىدىن قېلىن بىر قەۋەت كۆل رەڭ "چاڭ" قاتلىمى ھاسىل بولغان بولۇپ، يەنە يورۇقى چۈشكەن كىشىلەرنىڭ يۈز-كۆزى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، چەت-چۆرىدىكىلەرنى ھېچكىم پەرق قىلالمايتتى. ھەممىدىن كېيىن ياشقىنا بىر يىگىت، "كېيىن قالدىمۇ-قانداق؟" دېگەندەك ئەتراپقا ئەيمىنىۋەك بىر قاراپ قويۇپ، ئالدىراپ كىرىپ كەلدى-دە، چەتىرەك بىر يەردىن ئورۇن تېپىپ جايلاشتى. يىگىت، دادۇي ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاسىم قوشماق بولۇپ، ئۇنىمۇ باشقا ھېچكىم كۆرمىدى.

دادۇيجاڭ سەيپۇللا ئالدىدىكى چوتنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇپ، سالماقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ

ئۇ بارغان ھەممىلا يەردە ئۇششاق باللار ئۇنىڭ چاپىنى-
نىڭ پېشىدىن تارتىپ، ئىككى بارمىغى يوق بىر قولىنى
قويۇۋەتمەي: "لاۋجاڭ تاغا، قېنى ئېيتىڭا، بارمىغىڭىزغا نىمە
بولغان؟ نىمىشقا بىر قولىڭىزدا بەش بارماق، بىر قولىڭىزدا ئۈچ
بارماق بار؟" دەيتتى. لاۋ جاڭ ئۇششاق باللارنى "كىچىك
دوستلار" دەپ ئاتايتتى ھەم ئۇلارنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا
لايىقىدا جاۋاپ بېرىپ قانائەتلەندۈرەتتى.

دادۇي ئەزالىرى لاۋجاڭنىڭ ئۆز قىسمىدا قانداق
خىزمەت ئىشلەيدىغانلىقى، بۇ يەرگە كىم بولۇپ كەلگەن-
لىكى توغرىسىدا ئومۇمەن بىر پىكىرگە كەلگەن بولسىمۇ،
لېكىن قوشماق ئاكىنىڭ ئۆيىدە ھىلىمۇ بەزى تالاش-
تارتىشلار داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ تالاش-تارتىشلارغا
تىزلىراق قوشماق ئاكىنىڭ ئۆزى، ئوغلى قاسىم، ئايىلى
تۇخان، قاسىمنىڭ ھەربى سەپكە كەتكەن ئاكىسى ئومەر-
نىڭ يولدىشى رەيھانگۈل ھەم گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىۋىدە
ئوقۇيدىغان قىزى ئاسىمگۈللەر قاتنىشاتتى. بۇ تالاش-
تارتىشلار كوپرەك ھەر كۈنى كەچتە داستىخان ئۈستىدە
ئولتۇرۇپ، ھەر كىم شۇ كۈنى لاۋ جاڭنى كورگەن-كور-
مىگەنلىكىنى، كورگەن بولسا بىلگەن-ئۇققان ئەھۋالىنى،
كورمىگەنلەر ئاڭلىغىنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا باشلىنىپ كې-
تەتتى. بەزى كۈنلىرى لاۋ جاڭنى ھەممەيلەن كورگەن، بىل-
لە ئىشلىگەن بولاتتى. شۇ كۈنى لاۋ جاڭنىڭ گەپ-سوز،
ئىش-ھەركەتلىرىدىن تاپقان يىڭىلىقلىرىمۇ ئوخشاش بو-
لۇپ چىقاتتى. بەزى كۈنلىرى بىر-ئىككىيلەن كورگەن

كىشىگە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا "سىز كىم بولىسىز، قانچە باشقا كىردىڭىز؟" دېگەن سوزىنى ئاڭلىماي قالدى. يول-داش جاڭ ئوتتۇز-ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئورۇقمۇ ئە-مەس، سېمىزمۇ ئەمەس تەمبەل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كوزلىرىنىڭ كىشلەرگە تىكىلىشىمۇ بىر خىل يېقىملىق بول-غاچ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى دەسلەپكى يات-سىراش بىر دەمدە ئوتتۇرىدىن كوتىرىلىپ كەتتى. ئۇ، قول سائىتىگە قاراپ قويۇپ، مەنىلىك قىلىپ، ئالدىرىماي مۇنداق دېدى:

— يولداشلار! مەن بۇ يەرگە دېخان بولۇش ئۇ-چۇن كەلدىم، ئەسلىدىمۇ دېخان ئىدىم. مۇندىن كېيىن مېنى جاڭ جورېن ئەمەس، ئاددىلا قىلىپ لاۋ جاڭ دەپ ئاتىشىڭلارنى سورايمەن......

"لاۋ جاڭ. لاۋ جاڭ......". قاسىم بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىپ شىۋىرلىدى، ئۇنىڭ كوزى لاۋ جاڭنىڭ ئىككى بارمىغى يوق ئوڭ قولىدا ئىدى. "ئەجەپ ئىش، ئۇنىڭ ئىككى بارمىغىغا نىمە بولدىكىنە؟......".

## قوشماق ئاكىنىڭ ئويىدە

ئارىدىن كوپ كۈنلەر ئوتتى. تەسكەي تەرەپتىكى قارلارمۇ ئېرىپ تۈگىدى. سوگەتلەر بوستان، تېرەكلەر تەڭگە بولۇپ، ئۇرۇكلەر بىر چىرايلىق چېچەكلىدى. لاۋ-جاڭ بۇ كۈنلەردە كوپ كىشىلەر بىلەن تونۇشتى:

— لاۋ جاڭ، راست ئۇ دىخان بولسا كېرەك. گېپمۇ، ئىشمۇ دىخانچە. ئۇ نەگىلا بارمىسۇن، سۇدىن، ئوغۇتتىن، يەر - تۇپراقتىن گەپ ئاچىدۇ. بۇ ئۈچ نەرسە — ھەقىقەتتە دىخاننىڭ جېنى. سىلەر تېخى كورۇسىلەر. لاۋ جاڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمدەك كورۇنىدۇ، بۇ يەردە بەزىبىر ئىشلاردا بىزگە ئوبدان قول - پۇت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن......

بۇ نەرسىلەر قوشماق ئاكىنىڭ ئويىدە لاۋ جاڭ ھەققىدە بولىدىغان تالاش - تارتىشتىكى ئاساسىي نەرسە ئەمەس. تالاش - تارتىشتا قالغان نەرسە — بۇ ئويدىكىلەرنى ئوزىگە شۇنچىلىك جەلپ قىلغان ئىدىكى، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشمىسە، ھېچكىمنىڭمۇ كوڭلى ئىزىغا چۈشمەيدىغاندەك ئىدى.

## بىر ئەتىگەنلىگى

لاۋ جاڭ قەغەز چاپلانغان دەرىزە ئالدىدىكى شاپتۇل شېخى ئۇستىدە بىر توپ قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشى بىلەن تەڭ، ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ، بۇ "خەۋەرچى" قۇشقاچلارغا ئۇگىنىپ قالغانلىقتىن ئوڭايلا ئورنىدىن تۇردى - دە، لامپا يورۇتۇش ئۇچۇن سەرەڭگە ئىزدەۋېتىپ، ئاخشام جوزا ئۇستىدە ئوچۇق قالدۇرۇلغان "كۇندىلىك خاتىرىلەر" دەپتىرىگە كوزى چۈشتى.

بۇ خاتىرىنىڭ ئوچۇق بېتىگە مۇنۇلار يېزىلغا

بولاتتى ـ دە، باشقىلار تامىغىنى يىگەچ، ئاڭلىغىنىنى قوشۇمچە
قىلاتتى.

ئادەتتە، كوپىنچە قاسىم ئوزى كورگەن، گەپ ـ
سوزىنى ئوز قۇلىغى بىلەن ئاڭلىغان بولۇپ چىقاتتى. تاپ ـ
قان يېڭىلىقلىرىمۇ كوپ ئىدى. مەسىلەن، ئۇ، لاۋ جاڭ
پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئۇگىنىش يىغىنلىرىدا "يېزا
ئىگىلىگى — خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئاساسى"، ئاكتىپلار يىغىنىدا
"نىمە ئۇچۇن پۇتۇن پارتىيە، ئومۇمى خەلق يېزا ئىگىلى ـ
گى، ئاشلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش كېرەك؟" دىگەن
تېمىلاردا سوزلەپ بەرگەن بولسا، بۇنىڭدا ئۇ ئوتمۇش
بىلەن ھازىرنى قانداق سېلىشتۇرغانلىغىنى، نىمىنى مىسال
قىلىپ ئالغانلىغىنى ئېيتىپ بېرەتتى. رەيھانگۇل بولسا،
ئەزالار ئۇگىنىشىدە لاۋ جاڭغا قانداق سوئاللارنى بەرگەن ـ
لىگىنى، ئاسىمگۇل لاۋ جاڭنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىنىڭ
سوئالىغا كۇلۇپ تۇرۇپ، مۇلايىم جاۋاپ بېرىشىنى ياقتۇرد ـ
دىغانلىغىنى، تۇخان بولسا، لاۋ جاڭنىڭ ئوزىنى ھەر دائىم
"ئانا" دەپ ئاتايدىغانلىغىنى ۋە پەقەت "سالام" ناما
قىلماي، كورسىلا ھال سوراپ كېتىدىغانلىغىنى، شۇ سە ـ
ۋەپلىك ئۇنى ئوز ئوغلىدەك كورۇپ قالغانلىغىنى ئېيتاتتى.

قوشماق ئاكا بولسا، ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ
كوپىنچە لاۋجاڭنىڭ سوزلىرى، بولۇپمۇ ئوز دىتىغا يارىغان
ئىش ـ ھەركەتلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئۇنى "تامغا" قىلىپ، لاۋ ـ
جاڭنىڭ ماڭلىيىغا بېسىپ قوياتتى. مەسىلەن، ئۇ مۇنداق
دەيتتى:

ئەزالار قىزغىنلىق بىلەن ئوغۇت توپلىماقتا ئى-
دى. چوڭ-كىچىك يول ئۈستىلىرىدە چوڭ-چوڭ
ئوغۇت دۆۋىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى......

— قانداق يولداش سەيپۇللا، — دېدى لاۋ جاڭ ئۇزۇن-
دىن سەل نېرىدا كونا يول توپىسى ۋە چىرىمدانلارنى دۆۋى-
لەۋاتقان دادۇيجاڭغا قاراپ، — بۇگۈن نىمە، ئوغۇت توپلا-
ۋاتقان ئەزالار كۆپىيىپ قالغانمۇ-قانداق؟

— شۇنىڭغا هەيرانمەن، — دېدى دادۇيجاڭ ئەتراپقا
زوقلىنىش بىلەن قاراپ، — كىشلەرگە هىچكىممۇ خەۋەر
قىلغىنى يوق؛ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن پەقەت سىزنى
دوراپ بەش-ئالتە ئەزا ئوغۇت توپلاۋاتقان ئىدى. بۈگۈن
پۈتۈن دادۈي قوزغىلىپ كېتىپتىغۇ......

ئارىدىن بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن، باهار شامال-
لىرى تاراپ ئويناۋاتقان ئاپپاق ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ،
ئاق يەكتىگىنىڭ پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرغان هالدا قوشماق
ئاكا يېتىپ كەلدى. بوۋاينىڭ مىيىقىدىكى چىھرىسىدە بىر
خىل غەيرەتلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خوشال-كۈلكە
ئوينايتتى. ئۇ، لاۋ جاڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن نىمە-
نىدۇر سورىماقچى بولۇپ دادۇيجاڭ تەرەپكە ماڭدى. لېكىن،
شۇ ئەسنادا لاۋ جاڭ:

— قوشماق تاغا، مەن بىر نەرسىنى سوراي، — دېدى
قوشماق ئاكىنى توختىتىپ، — مۇشۇ ئەتراپتىن بىرەر ئوغۇت
مەنبەئىنى تاپقىلى بولماسمۇ؟ مەسىلەن، دادۈينىڭ چارۋىلىرى
ئوتلايدىغان، كۆپرەك تۇرۇپ قالىدىغان نېرىدىكى تاغنىڭ
قاپتاللىرىدىن......

ئىدى:

"گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ئۆمەر ئابدۇللا بىلەن بولغان سوھبەت ناھايىتى پايدىلىق بولدى. ئۇ توغرا ئېيتتى، كوكبۇلاق دادۇيى ھەقىقەتەن نامرات دادۇيلەر قاتارىغا كىرىدۇ. لېكىن ئۇنى باي دادۇيلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىمۇ بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئە-زالارنىڭ روھىنى كوتىرىش، ئىلھام بېرىش كېرەك. ھەممىدىن بۇرۇن زەي-شور ئاپىتىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. زەي — كىشىلەرنىڭ ئەمگەك تەرىنى زولۇككە ئوخشاش شورىماقتا......".

لاۋجاڭ مۈزدەك سۇدا يۈز-كوزىنى يۇيۇپ كىرگەن-دىن كېيىن، كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئۆزى توقۇۋالغان بىر جۈپ سۋەتنى ئەپكەشكە ئىلدى-دە، يېزىنى كېسىپ ئۆ-تىدىغان چوڭ يولدىن ئوغۇت توپلاشقا ماڭدى.

لاۋ جاڭنىڭ قاق سەھەردە ئوغۇت توپلاپ يۈرگەن-لىگىنى بىرىنچى بولۇپ دادۇيجاڭ سەيپۇللانىڭ ياشانغان ئانىسى كوردى ۋە بۇ ئايال لاۋ جاڭغا بىر خىل ئاڭقى-رالماسلىق بىلەن بىر پەس تىكىلىپ قاراپ قالدى-دە، كېيىن "گۇپ" قىلىپ بىر نەرسە ئېسىگە چۈشكەندەك، ئال-دىراپ ئۆيى تەرەپكە كىرىپ كەتتى. ئارىدىن كوپ ئۆت-مەيلا لاۋ جاڭ دادۇيجاڭ سەيپۇللانىڭ مۇرىسىگە كەتمەن سالغان ھالدا كېلىۋاتقانلىغىنى كوردى. يېزىدا تاڭ سۇ-زۇلۇپ، شەرق ئاسمىنىدىكى بۇلۇت پارچىلىرى جىگەردەك قىزىرىشقا باشلىغاندا بولسا، دادۇينىڭ ھەممە يېرىدە

بالدۇرلا قايتىپ كەپسلەنا" دىگەن سوزىنىمۇ ئاڭلىمىدى.
ئۇ، ئوغلى قاسىمنىڭ تويى ئۈچۈن يىگىدىن سالدۇرغان قوش دەرىزىلىك مىھمانخانىغا كىردى-دە، تور تەرەپتىكى چاچاپنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تورۇسقا ئىسىپ قويۇلغان قو-شۇقلۇقنىڭ ئىچىدىن ئاق شايىغا ئوراپ قويغان بىر نەر-سىنى ئالدى ۋە ئۇنى پەم بىلەن چاپىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئاچتى.

شايى ياغلىقنىڭ ئىچىدە ئوڭگەن، قىزىل يۇلتۇزى بار بىر پاختىلىق شەپكە بار ئىدى.

بوۋاي قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكىگە ئۇزاق تىكىلدى ۋە يەنە ئۇنى قايتا ئوراشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، ئويگە ئەتىگەنلىك ئىشتىن يىنىپ كىلىنى رەيھانگۈل، قىزى ئاسىمگۈل، ئوغلى قاسىملار كىرىپ كىلىشتى ۋە ئۇلارمۇ ھىچنىمىنى چۈشىنەلمەي بوۋاينىڭ قولىدىكى نەرسىگە تىكى-لىپ قېلىشتى......

— دادا، بۇ نىمە؟ — دىدى ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ قاسىم.

بوۋاي ھاياجانلاندى، كالپۇكلىرى تىتىرىدى ۋە ئاخىر:

— بۇمۇ؟ بۇ باللىرىم، بىزنىڭ قىممەتلىك مۈلكى-مىز ......، — دىدى.

باللار ھەيران بولۇشتى. "بۇ زادى قانداق قىممەت-لىك مۈلۈك؟"

قوشماق ئاكىنىڭ كوزى ئىختىيارسىز لاۋ جاڭنىڭ كەتمەن سېپىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى بارمىغى يېرىق ئوڭ قولىغا چۈشتى ۋە بارماقنىڭ قاق تۈۋىدىن يوقلۇغىغا ھەيران بولدى.

— بولىدۇ، نىمىشقا بولمىسۇن، ئەلۋەتتە بولىدۇ، — بوۋاينىڭ خىيالى يەنە چىگىشلەندى. ئۇنىڭ كوپنى كورگەن كوزى لاۋ جاڭنىڭ قولىغىنىڭ ئاستىدىكى ئۇزۇن ئىككى تال توكى بار مەڭنى كوروپ قالدى. بوۋاي لاۋ جاڭغا قادىلىپ تۇروپ قالدى، ئۇنىڭ ئىگىز-پەس كوتىرىلىپ چۈشۈۋاتقان كوكرىگىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىغىنى سېزىش مۇمكىن ئىدى، — بولىدۇ، نىمىشقا بولمىسۇن، ئۇنداق ئوغۇت ھەممە يەردە بار، قاپتالدىمۇ، جىلغىدىمۇ بار......

بوۋاينىڭ ئوز مەيلىدىن تاشقىرى ئېيتىلىۋاتقان بۇ سوز لاۋ جاڭنى تەمتىرىتىپ قويدى. لاۋ جاڭ كوزىنى چوڭ ئاچتى. لېكىن قوشماق ئاكا ھېچ كۇتۇلمىگەندە لاۋجاڭنىڭ ئالدىدىن ئالدىراپ كېتىپ قالدى. ھېچنىمىنى چۈشىنەلمىگەن لاۋ جاڭ بوۋاينىڭ ناھايىتى ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىغىنى، كېتىۋېتىپ يەكتىگىنىڭ پەشلىرىنى پەسكە تاشلىغانلىغىنى ۋە ھېچكىمگە قارىمايۋاتقانلىغىنى يىراقتىن كوردى ...... ئەجەپلەندى ......

قوشماق ئاكا ئالدىرىغان، بىر ئاز تەمتىرىگەن ھالدا ھويلىسىغا كىرگىنىدە، چوڭ پېشايۋانلىق قورانىڭ بىر چېتىدە ئايالى توخان مېزايلىق چىپار كالىسىنى سېغىۋاتاتتى. بوۋاي ئايالىنىڭ "ھوي ...... نىمە ئىش بولدى، ئەجەپ بىر

— خوتۇن، باللارغا پەخەس بولۇڭلار، — ئاندىن ئۇ بالىلىرىغا قارىدى. — باللىرىم ئۇخلىماڭلار، تۇڭلاپ قالىسىلەر......

بوۋاي ئاپپاق قىرو باغلاپ كەتكەن ساقىلىنى سىرىپ، پەريات بىلەن ئورنىدىن ئاستا تۇردى-دە، ئاستىغا سېلىنغان پاخالنىڭ بىر قىسمىنى ئېپكىلىپ ئوچاققا ئوت ياقتى......بوۋاي تېخى تۇزۇك ئىلىمىغان ئىدى. سىرتتىن دۈكۈرلىگەن ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى ۋە مىنۇت ئوتمەي زەرب بىلەن تېپىلگەن ئىشىك ئۇۋالگۇجىگىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشتى. ئويگە بوران بېسىپ كىردى. ئوچاقتىكى ئوت ”لاپ“ قىلىپ ئوچتى. ئوي ئىچى ئاچچىق كۈل چېڭى بىلەن قاپلاندى. بوۋاي دەسلەپ ھېچنىمنى ئاڭقىرالمىدى:

— يا خۇدا، ئېيت، كىمسەن؟!

— ئاغزىڭنى يۇم، جويۇت!......

مۇدھىش بىر ئاۋازدىن بوۋاي كەينىگە داجىپ، تامغا بېرىپ چاپلىشىپ قالدى. بوۋاينىڭ تىلى قېتىپ، ئاغزى گەپكە كەلمىدى......ئۇنىڭ ئالدىدا قولىغىغىچە چوكۇرۇپ كەمچەت تۇماق، يەڭدەك ياقىسى بار — تۈلكە تېرىسىدىن جۇۋا كىيگەن، كوزلىرى ئوتتەك يانغان بىر گەۋدە دەھشەتلىك قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىرنەچچە گەۋدە بارئىدى.

— سەن مېنى تونۇمسەن؟! — دىدى ھېلىقى گەۋدە قو چىرىغىنى قوشماق ئاكىنىڭ ئاجىز كوزلىرىگە يېقىپ،

قوشماق ئاكا ئەمدى ئالدىرىماي ئۇلتۇرۇپ ئۆز ھېكا-
يىسىنى باشلىدى:

## ئون يىل ئىلگىرى

1949- يىلىنىڭ دېكابىر ئايلىرى. شۇۋرغانلىق بىر
كېچە ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى ھەر تەرەپتە ئوينايتتى. سو-
گەكتىن ئوتكۇدەك ئاچچىق سوغاق قەھرىدىن دەرەخلەر چا-
راسلاپ يېرىلاتتى. بۇ يۇرتنىڭ كوپچىلىك كىشىلىرى ئاچچىق
سوغاقتىن دۇگدۇرەپ ئوز ئويىنىڭ نامرات بۇلۇڭىغا
چىككەن ئىدى.

قوشماق ئاكىنىڭ كىچىككىنە يالغۇز كەپىسى يېزىنىڭ
بوزغا تۇتاشقان يېرى ئۇستىدە مۇڭغا چىككەن يالغۇز قەۋ-
رىدەك چوخچىيىپ تۇراتتى. بوران ۋەھىمىسىدىن ئويىنىڭ
قومۇش ۋە شاخ-شۇمبا بىلەن چۇمكەلگەن ئوگزىسى ھىلىلا
كوتىرىلىپ-ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز غىچىرلاپ، بو-
ۋاينىڭ يۇرىكىگە دەھشەتلىك تەھدىت سالاتتى ۋە ئۇنىڭ
ۋوجۇدىدىكى ئاخىرقى ئىسسىقلىقنى رەھىمسىزلىك بىلەن
شورتۇالماقتا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قوشماق ئاكا، ئوز
ئۇستىدىكى ياماق يوتقاننى سوغاقتىن لاغىلداپ تىت-
رەۋاتقان كەنجى ئوغلى قاسىمنىڭ ئۇستىگە يېپىپ
قويدى-دە، سەل نېرىدا موزا ئوچاقنىڭ ئالدىدا
سوغاقتىن نالىپ ئاھ ئۇرۇۋاتقان ئايىلى تۇخانغا ئېيتتى:

كەمچەت تۇماقلىق كىشىنىڭ قۇلىغىغا بىر نەرسە دەپ پىچىرلىدى. شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۆيدىكىلەر قولىرىغا ماۋزۇزۇر ئېلىشىپ ئۇپۇر - تۇپۇر قوزغالدى. چاپارمەنلەر-دىن بىرسى تالاغا چىقىپ، ماۋزۇزۇرنى بوۋايغا تەڭلىدى. كەمچەت تۇماقلىق كىشى:

— بولدى، قوي، ئاۋاز چىقارما. دەرەخكە باغلىۋەت، مۇزلاپ ئولسۇن! — دەپ جىددى بۇيرۇق بەردى.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي، قاچقۇنلار-نىڭ ھەممىسى يېزىنىڭ ئايىغى تەرەپكە ئۆتۇپ كەتتى......

قوشماق ئاكا تېخىچە كاداڭ ئۈزمىنىڭ مۇزدەك غولىغا تېڭىقلىق ئىدى. تۇن تەگدىن ئاشقان پەيت. بوران بوۋاينىڭ پەريادىنى ھىچكىمگە يەتكۈزمەيتتى. ئۇ ھالسىزلانماقتا ئىدى ......

دەل شۇ چاغدا، كوچىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ يېقىلغان قول چىراقلىرىنىڭ نۇرى چاقناپ كەتتى ۋە يەت-تە - سەككىز ئەسكەر دۇپۇرلەپ كەلگەنچە ئوسمان چوڭ-نىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېتىشتى...... كىمدۇر بوۋاينىڭ ئاچچىق ئىڭرىشىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئېتىلىپ كەلدى - دە، دەرھال ئاغامچىنى پىچاق بىلەن كېسىپ يەشتى. بوۋاي ھۇشىدىن كەتتى......

قوشماق ئاكا ھۇشىغا كەلگەندە، ئۆزىنى ئوسمان چوڭنىڭ ئايۋىنىدىكى ئىسسىق كاڭ ئۈستىدە كوردى. ئۈستىگە ھەربى جۇۋا يېپىلغان بولۇپ، چورىسىدە ئوزىگە

نىلڭ يوغان ئاۋازىنى موردا ئويناۋاتقان قوۋۇن بىسىپ كەتتى:

— يۇقسۇ، مەن ھەزرەتلىرىنى تونۇيالمىدىم. مەن قېرى ئادەممەن، كىچىك باللىرىم بار...... — بوۋاي تىزلاندى.

— ئەخمەق...... ئۇز ئىگەڭنىمۇ بىلمەيسەن! ئېيتە، ئوسمان چوڭنىڭ ئويى نەدىرەك ؟!......

— بىلمەن ھەزرەت، ئۇنى ھەممە بىلىدۇ، ھەتتا بوشۇكتىكى بوۋاقمۇ......ئەمما مەن تالاغا چىقالمايمەن، مەن يېلىڭمەن......

كەمچەت تۇماقلىق ئادەم ئۇنىڭ ياماق يەكتىگىنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتتى-دە، غەزەپ بىلەن سىلكىپ كوتىرىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. كەمچەت تۇماقلىق ئادەمنىڭ شاپ بۇرۇتلۇق ئىككى چاپارمىنى بوۋاينى داقىرىتىپ تالاغا سورەپ ماڭدى ۋە:

— نىمە دوگدۇرەيسەن، ماڭ، سورەلمە، ئوسمان چوڭنىڭ ئويىنى كورسەت! — دىيىشتى.

ئويدە قىيا-چىيا كوتىرىلدى...... بوۋاي ئامالسىز يول باشلاپ كەتتى.

ئاردىن بىر سائەتچە ۋاقىت ئوتتى. قوشماق ئاكا يېزا ئاقساقىلى ئوسمان چوڭنىڭ ئىشىگىدە قېتىپ قالغاندەكلا مىدىر قىلماي تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، تالادىن كىمدۇر ئويگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى-دە، قوش ياستۇق تىرەپ قويۇلغان توردە بۇرۇتلىرىنى تولغاپ ئولتۇرغان

قاتتىق سوغاقتا ...... ئولتۇرۇۋېتەي دىگىنىمۇ ـ يا؟ ......

— "ھە، مانا بۇلارغا كىم كېرەك ئىكەن" — قوشـ ـماق ئاكا ئۆزىنى ناھەق ئازاپلىغان قاچقۇنلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى قانداق ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە! ...... بوۋاي غەيرەتـ ـلەندى، كوزلىرى ئوتكۇرلەشتى، قوشۇمىسى تۇرۇلدى ۋە بېشىدىن ئوتكەن ۋەقەنى ئالدىراپ سوزلەپ بەردى ـ دە، غەزەپلىنىپ قاچقۇنلار كەتكەن تەرەپنى كورسەتتى.

— رەھمەت ئاتا، — دىدى چاي ئىچكۈزگەن كىـ ـشى. — سىز بىزگە ياردەم قىلدىڭىز، قاچقۇنلار سىلەرنىڭ ناھىيىدە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان زومىگەرلىك قىلىپ، خەقنى قاخشاتقان، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ھاكىمـ ـتورىلەرنىڭ ئەشەددىلىرى، قولىغا قورال ئېلىۋالغان باندـ ـدىتلار. ئۇلار خەلقنىڭ ئوز قولىغا تاپشۇرۇلۇشى كېـ ـرەك ...... ئاتا، ئەمدى سىز ئويىڭىزگە كېتىڭ، بىز يەنە كورۇشىمىز ......

جەڭچىلەر شۇنداق دىيىشتى ـ دە، چاقماق تېزلىكىدە ئورنىدىن قوزغىلىپ، قوشماق ئاكا كورسەتكەن تەرەپكە يۇرۇپ كېتىشتى ......

قوشماق ئاكا جەڭچىلەرنى ئەگىشىپ ئىشىك تۈۋىگە چىقتى. ئۇنىڭ بېشىدا بىر بىرىگە باغلانمايدىغان ئويـ ـپىكىرلەر چىگىشلەندى. بوران كۈچەيمەكتە ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى يۈز ـ كوزىگە مۇزدەك تېگەتتى. ئويىگە كېلىپمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ياماق چاپىنىنى ئوغلى قاسىمنىڭ ئۇستىدىن ئېلىپ مۇرىسىگە ئاتتى ـ دە، ھىلىقى ئەسكەرل

تونۇش بولمىغان بەش-ئالتە جەڭچى قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن نىمىدىندۇر ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى. يېنىدا تىزلىنىپ تۇرغان بىر جەڭچى مۇلايىمىلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ چاي ئىچكۈزدى. بوۋاي چاي ئوتلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ سەل خاۋاتىرلىنىش بىلەن يېنىپ تۇرغان كۆزى ئۆزىگە چاي ئىچكۈزۈۋاتقان كىشىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئاستىدىكى مەڭگە ۋە مەڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن ئىككى تال تۈككە چۈشتى......

— لوۋخەن، ۋوسى رېنمىن جېيفاڭجۈن، — دېدى ھېلىقى كىشى گويا ئۇنىڭغا يېلىنغاندەك بىر خىل قىياپەتتە.

قوشماق ئاكا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. بوۋاي بۇ خەنزۇچە تاۋۇشنى ئاڭلاپ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. "خۇدايىم بۇ نىمە ئىش. بۇلار چېرىكقۇ. بىزدىن ئوتۇن-سامان سۆيلەپ، باش-كۆزىمىزنى يارىدىغانلار شۇلار ئەمەسمۇ؟". لېكىن ئۇ ئۆز خىيالىغا قارشى يەنە مۇنداق ئويلىدى: "چېرىك بولغاندا، بۇلار قانداق چېرىك بولدى. مەن ھازىر بۇلارنىڭ دادىسىدىنمۇ ئەزىز بولۇپ قالدىمغۇ؟ ...... ھېلىقى جاناپلار، ئاتىساقاللار نىمىشقا قاچقاندۇر؟ كىم-كىمگە كۈشەندە بولغاندۇ؟ ......".

— ئاتا، سىزگە نىمە بولدى؟ كىم سىزنى دەرەخكە باغلىدى؟ — دېدى كۈتۈلمىگەندە بايىقى خەنزۇ كىشىنىڭ كەينىدىن بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ قارىغان بىر ئۇيغۇر جەڭچى، — نىمە دېگەن نائىنساپ نەرسە-ھە! مۇشۇنداق

ھىلىقى زۇلمەتلىك كېچىدە چاي ئىچكۈزگەن كىشىلەرنى، يالاڭئاياغ گەۋدىنى ۋە ئىككى يارمىغى تۈگەل ئۈزۈلگەن قان ئېقىپ تۇرغان قولىنى ئەسلەيتتى. شەھەرگە بارغىنىدەك ۋە بىرەر ماش رەڭ كىيىملىك ھەربىينى كۆرگىنىدەك بولسا "ئۇمىكىن، بۇمىكىن" دەپ سىنچىلاپ قارايتتى ۋە: ئەگەر ئۇ تىرىك بولسا، بىر كۆرۈشسەم دەپ ئارمان قىلاتتى......

قوشماق ئاكا ھېكايىنى ئاياقلاشتۇرغاندا، بالىلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئايالى تۇخانمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى، لاۋجاڭنى باشلاپ كەلمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئەمما، قوشماق ئاكا:

— توختا ئوغلۇم. بەلكىم شۇدۇر، بەلكىم ئەمەستۇر. بۈگۈنكى كۈندە كومپارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنى بىلىدىغان مۇنداق ئارسلانلىرى سان-ساناقسىز. يەنە بىرنەچچە كۈن سەۋرى قىلىلى، — دىدى.

## ئائىلە خۇشاللىقى

دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ نۆۋەتتىكى يىغىنىغا قوشماق ئاكا مۇنەججىم دىخان سۈپىتىدە سىرتتىن تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇلدى. يىغىندا، لاۋجاڭ كوكبۇلاق يېزىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى توسالغۇسىز ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، زەي ئايپىتىگە قارشى ئومۇمى خەلق كۈرىشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەسىلە قويدى.

لاۋجاڭنىڭ بۇ توغرىدىكى تەكلىپ لايىھىسى، پىلان-

قاچقۇنلارنى قوغلاپ ماڭغان تەرەپكە قاراپ كەتتى.

قوشماق ئاكا قانداقتۇر بىر ئىنتىلىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەھەللىنىڭ ئايغىدىكى تۆپىلىكلەرنىڭ يېنىغا بې- رىشىغا، يىراقتىن ئاپتوماتنىڭ تاتاتىلىغان ئاۋازى ئاڭلان- دى ۋە كىمدۇر ئاچچىق چىقىردى...... سۈبھى كۆتىرىلگەن مەھەل بىلەن ھىلىقى كەمچەت تۇماقلىق كىشى باشلىق بەش - ئالتە كىشىنى باغلاپ، جەڭچىلەر قايتىپ كەلدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە، ھىلىقى ئۆزىگە چاي ئىچكۈز- گەن كىشىنىڭ بېشى يالاڭباشتاق، ئۇڭ قولىنىڭ بېغىشە- نىڭ ئۈستى قىپ - قىزىل قان بولۇپ، ئىككى بارمىغى تۈگەل يوقلۇغىنى كوردى......

قوشماق ئاكا، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، كالتا جەڭ بولغان تۆپىلىكنەرنىڭ ئارىسىغا كىردى ۋە ئۇ يەردىن قار ئاستىغا كومۇلۇپ قالغان قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكىنى تېپىپ كەلدى.

كوپ يىللار ئۆتتى. بوۋاينىڭ تۇرمۇشى ئۆزگەردى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ھەركەتلىرىدە ئوتىمۇشتىن نەپرەتلىنىپ، تەسىرلىك شىكايەتلەر قىلدى. قانچە خوشال بولسا ئەرزىيدىغان كۈنلەر كەلدى. لېكىن بوۋاي ھىلىقى قانلىق كېچىنى ئۇنتۇمىدى. قىزىل- يۇلتۇزى بار شەپكىنىڭ ئەھمىيىتىنى بولۇپمۇ يەر ئىسلاھاتى- دىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلدى ۋە ئۇنى "بىز- نىڭ قىممەتلىك مۈلكىمىز" دەپ ئاسراپ ساقلىدى. قوش- ماق ئاكا ھەر دائىم بىرەر ئىشتىن كوڭلى سۇيۇنگىنىدە،

كەت دادۇي مىقياسىدا باشلىنىپ كەتتى......

بۇ كۈنلەردە قوشماق ئاكا لاۋجاڭنىڭ ئەقىللىق، ئىشنىڭ كوزىنى بىلىدىغان ئوبدان مەسلىھەتچىسى، ئەزالار ئوتتۇرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان غەيرەتلىك تەشكىلاتچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

—قوشماق ئاكا، ئەمدى سىز ئارام ئېلىڭ، سىز ياشانغان ئادەم، — دەيتتى لاۋجاڭ ئۇنى ئىككى مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىزىغىچە ئاچچىق سۇ ئىچىدە تۇرۇپ زەيكەش چېپىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا كورگىنىدە، — قاراڭ، سىزنىڭ ئوغلىڭىز، كېلىنىڭىز، قىزىڭىز بىزنىڭ زەي ئاپتىگە قارشى كۈرىشىمىزنىڭ قەھرىمانلىرى بولۇپ قالدى. ئەنە شۇلارمۇ يېتەرلىك......سىز قىينىلىپ قېلىۋاتىسىز.

قوشماق ئاكا لاۋجاڭنىڭ بۇ سەممىي غەمخورلۇق بىلەن ئېيتقان سوزىنى ئاڭلىغىنىدا ئوڭايسىزلىنىپ قالاتتى:

—ھەي، بۇنى قىينىچىلىق دېگىلى بولامدىكەن! —دەيتتى بوۋاي كەتمىنىنىڭ سېپىغا تايىنىپ خوشاللىق بىلەن، — مەن سىزگە ئېيتسام مەن ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم نىمىلەرنى بېشىدىن ئوتكۈزمىگەن ئادەملەر دەيسىز. تالاي مۇشكۇلاتچىلىكلەر بىلەن ھەپىلىشىپ مۇشەگىچە كەلگەن ئادەملەرمىز. بۇنى قىينىچىلىق دەپ بولامدۇ؟ بىز ئوزىمىزنى ئوز ئىشىمىزنىڭ خوجايىنى دەپ بىلىمىز. شۇڭا، ئازراق جەۋرى جاپا بولسىمۇ، ئۇنى خوشاللىق بىلەن ئۈستىمىزگە ئالالايمىز. قىينىچىلىق ئاستىغا بەخت يوشۇرۇنغان دېيىشىدۇ. قىيىنچىلىقنى يەڭگەندىلا ئاندىن ئاسانغا ئۇلاشقىلى بولىدۇ.....

مولچەرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

— دادۇي ئىقتىسادىنى تېزدىن كوتىرىش ئۇچۇن، — دېدى لاۋجاڭ،— ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىغا كاپالەت بېرىش كېرەك. دادۇي بويىچە ئاساسىي زىرائەت تېرىلىدىغان تەخمىنەن قىرىق پىرسەنت ئەتراپىدىكى يەر زەي زىياندىشلىقىغا ئۇچ-رىماقتا. ئەزالارنىڭ مېھنەت تەرىنىڭ بىر قىسمى زەينىڭ قۇربانى بولماقتا. شۇڭا، زەينىڭ شورىنى قۇرۇتۇش ھەم يەرنى قىلىنغان ئەجرىگە لايىق ھوسۇل بېرىشكە مەجبۇر قىلىش كېرەك......

لاۋجاڭنىڭ تەكلىۋى بىرىنچى بولۇپ، قوشماق ئاكى-نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى:

— زەينى يوقىتىش،—دېدى بوۋاي لاۋجاڭنىڭ تەك-لىۋىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا،— بىزنىڭ كوپ يىللار-دىن بۇيانقى ئارزۇيىمىز. بىز ئوز ئۇستىمىزدىكى قاتمۇ-قات ئېغىرچىلىقلارنى— پومېششىكلارنى، زومىگەر-مۇشتۇمزورلارنى، تەڭسىزلىكنى، نامراتلىقنى قەدەممۇ-قەدەم ئىرغىتىپ تاشلى-غان بولساقمۇ، لېكىن دادۇيىمىزدە زەي ئاپىتى ھامان بىزنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى يەڭنى تۇرۇپ بۇ پېشكەل-چىلىكنىڭمۇ پېيىنى قىرقىۋېتىدىغان پەيت كەلدى، دادۇيە-مىز ئوم، كۈچ — بىرلىكتە، يەنە نىمىگە قاراپ تۇرىمىز؟......

قوشماق ئاكىنىڭ سوزىدىن كېيىن، زەيگە قارشى كۇرەشنىڭ تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، لاۋجاڭنىڭ تەك-لىۋى كوپچىلىكنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن بېكىتىلدى. ئارىدىن ساناقلىق كۈنلەر ئوتۇپ، زەي-شورغا قارشى ھەر-

رەسمىيەتسىزلا كۆلۈمسىرىگەن هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى:
—ياخشىمۇسىز قوشماق تاغا، ياخشىمۇسىلەر تۇققانلار!

ئائىلە ئەزالىرى خوشاللىق بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ، لاۋجاڭنى ئەڭ قەدىرلىك مېھمان سۈپىتىدە تۆرگە ئېلىشتى.

— بەلەن بولدى، ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە، دېيىشىدۇ، قېنى لاۋجاڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ بالام، — دەپ قوشماق ئاكا لاۋجاڭنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

تۇخان ئاچا لاۋجاڭ دادۇيگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارنى، زەيگە قارشى كۈرەشنىڭ نەتىجىلىرىنى تىلغا ئېلىپ سۆزلىگەچ، لاۋجاڭنىڭ ئالدىغا كۆللۈك چوڭ چىنىدە قايماقلىق چاي ئېپكەلدى. قاسىم بولسا لاۋجاڭنىڭ چىنىسىگە ئادەت بويىچە نان ئۇشتۇپ سېلىپ قويدى:

—قېنى، ئېلىڭ، تارتىنماڭ، — دېدى.

چايدىن كېيىن ھېچكىم داستىخان ئۈستىدىن قوزغىلىشنى خالاشمىدى. ھەر كىمنىڭ كۆڭلى لاۋجاڭنىڭ بۇ يېزىدا بولغان ئاجايىپ تارىخىنىڭ يېشىلىش پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىش ھىسسى بىلەن يايراپ كەتتى. قوشماق ئاكا گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلىنىۋاتقاندا، بۇ ئاجايىپ مىنۇتقا شاھىت بولۇشنى ھەممىدىن بەكرەك تەقەززا بولۇپ كۈتكەن قاسىم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، مېھمانخانىدىكي قوشۇقلۇق ئىچىدە ئاق شايىغا ئوراپ قويۇلغان

قوشماق ئاكا شۇنداق دىسىمۇ، لېكىن، لاۋجاڭغا نىسبەتەن ئوز كوڭلىدە چوڭقۇر ئىشەنچ ـ ھورمەتنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىغىنى سېزەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە لاۋجاڭ خېلىلا ئورۇقلىدى؛ ئۇ، ئەزالار نىمە يىسە شۇنى يەپ، نىمە ئىش قىلسا تەڭ قىلىپ، لاي ـ پاتقاق ئىچىدىن چىقمايتتى. ئىشلىرى كوپ ئىدى. كىشلەر ئۇنى "قىلىدىغان ئىشى بېشىدىكى چېچىدىنمۇ تولا ئادەم" دەپ بىكار ئېيتمايتتى.

قوشماق ئاكا لاۋجاڭنىڭ ئىشچانلىغىنى، كىشلەر بىلەن مۇڭداشقاندا ئوڭايلا دىلكەش بولۇپ كېتىدىغانلىغىنى كورگەندە، ئىختىيارسىز بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسى بىلەن ھوزۇرلىناتتى ۋە ھەر دائىم يۈرىگىنىڭ بىر يېرىدە ئۇنى بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنقى ھېلىقى جەڭچىگە ئوخشاتقۇسى كېلەتتى؛ بۇ كوڭۇل تۇگۇنىنى لاۋجاڭنىڭ ئالدىدا يېشىشكە قانچە ـ قانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كوردى ـ يۇ، ئەپلىك پۇرسەت ئىزلەپ ۋە يەنە نىمىنىدۇر ئويلاپ توختاپ قالاتتى......

كۈنلەر ئوتمەكتە، قوشماق ئاكا دەم ئېلىش كۈنلىرى بالىلىرىنى ئومۇمى يۈزلۈك تازىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۈرگەن ئىدى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئائىلە ئەزالىرى ئەتىگەنلىك تازىلىقتىن كېيىن پاكىز كىيىنىپ، داستىخاننى چورىدەپ ئولتۇرۇشتى. تۇخان قويۇق قىلىپ راسلىغان سۈتلۈك چاي بىلەن مەزىلىك قىلىپ پىشۇرغان ئوچاق سامسىسىنى داستىخانغا كەلتۈردى. دەل شۇ پەيتتە، كۈتۈلمىگەندە تاشقارقى ئىشىكتىن لاۋجاڭ ھىچقانداق

# زەرەپشان بويىدا

## غەرەز ئۇقمايدىغان ئەر

زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تاغلىق يېزا بار. ئۇچ ئەتراپى ئېگىز-پەس تاغ تىزمىلىرى، تۇپىلىكلەر ۋە شېغىللىق سايلار بىلەن ئۇرالغان بۇ يېزىنىڭ مەركىزىدىن تەخمىنەن يەتتە-سەككىز چاقىرىم يىراقلىقتا "زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش دۆيى بوككىدە ياتقاق دەرەخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان.

يىراق كوئېنلۇن تىزمىلىرى بىلەن سىردىشىپ كېلىدىغان دولقۇنلۇق زەرەپشان دەرياسى "زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش دۆيىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە كىچىككىنە قولتۇق هاسىل قىلىپ، كېچە-كۇندۇز بىر خىل ئاۋاز بىلەن شاقىراپ، بىپايان ۋە ئۇزاق تارىم ۋادىسىغا ئېقىپ ئوتىدۇ. ئەتىگەندە قۇياش بالقىپ چىققاندا، كەچقۇرۇن شەپەق قىزىللىغىدا زەرەپشان دەرياسىنىڭ بىر-ئىككى چاقىرىم كەڭلىككە يېيىلغان قىزغۇچ سۇلىرى بەزىدە تىنىق كوك ئەينەكتەك ۋال-ۋۇل قىلىپ يالتىرىسا، بەزىدە دەريا يۇزىگە قىزغۇچ ئالتۇن سۇيى يۇگۇرتۇلگەندەك. ئاجايىپ

قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكىنى ئېلىپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويدى ۋە لاۋجاڭغا قاراپ:
—قاراڭ، بۇ سىزنىڭ ئەمەسمۇ؟— دېدى ھاياجانلانغان ھالدا.
ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كوزلىرى بىر خىل تەلپۈنۈش، پەخىرلىنىش ھىسى بىلەن چاقناپ لاۋجاڭغا تىكىلدى.
لاۋجاڭ شەپكىنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ سەل ئوڭگەن يۇلتۇزىغا سىنچىكلەپ قارىدى. كېيىن ئەستىرىنى ئورۇپ ئىچىگە قارىدى ۋە بىردىن ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قوللىرىنى كەردى ۋە قوشماق ئاكىنى قۇچاقلىدى:
—قوشماق ئاكا، بۇ مېنىڭ شەپكەم. قىزىل ئارمىيىنىڭ شەپكىسى. مانا قاراڭ، بۇنىڭ نومۇرى مېنىڭ ئەمەسمۇ؟—دېدى لاۋجاڭ قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكىنى قايتا - قايتا باغرىغا بېسىپ.
—شۇنداق ئوغلۇم. بۇ سېنىڭ شەپكەڭ، خەلق ئەسكىرىنىڭ شەپكىسى......
قوشماق ئاكا بىلەن لاۋجاڭ چوڭقۇر مېھرى بىلەن قول سىقىشقان ھالدا ئاشۇ يىللارنى قايتا ئەسكە ئېلىشتى......

1962 - يىل 2 - ئاي، يەكەن.

پەزىلەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكەچ، دۆي ئۆشخانىسى تەرەپكە يول ئېلىشتى......

بۇ مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئۆيلۈك كىشى تۇتاش كەتكەن باشقا ئەزالارنىڭ ئائىلىلىرىدىن بىر ئاز ئاجرىلىپ تۇراتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈستىنى پۈتۈنلەي ياغاچ شاخلىرى بېسىۋالغان. شۇ ئۆيلەردىن بىرىدە ياشىغان بىر ئايال تونۇر ئوچاقتا قىرىشقاندەك خېمىغا يېنىپ پىشماي تۇرغان كاذچىنى يا خام پېتى سويۇۋېلىشقا كوزى قىيماي ياكى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ پىشۇرۇشقا ئامال قىلالماي جىلى بولۇپ ئولتۇراتتى. ئوچاقتىكى قوقاس كوزىنى يۇمۇۋالغان؛ قالاي دىسە، قول يەتكۈدەك يەردە ئوتۇن يوق. _ناغرا چېلىنغانغا نىكەم. كىشلەر بولسا ئاللىقاچان مەجلىستە......

ئانا ئالدىراپ قالدى ۋە ئاخىرى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ قوقاسنى پۈۋلىدى، لېكىن پىشكەلچىلىك...... ئوچۇپ قالغان قوقاس ئۈستىدىكى ئاچچىق كۈل ئېغىز - بۇرۇنىغا كىرىپ، كوزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى. ئانا تېرىكىپ كەتتى ۋە زەردە بىلەن:

— ئەر بولماي قۇرۇغىن ئىلاھىم، — دىدى ئۇ، — شۇمۇ ئەر بوپتۇمۇ، شۇنىمۇ ئوي تۇتقان دەمدىكىن؟!......

ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاختا بېشىدىن پىچاق ئالدى. پىچاقنىڭ ئۇچىنى پەم بىلەن ناننىڭ ھۆلىغا تىقتى. ئەپسۇس......نان پىشمىغان، پىچاق ئاپپاق خېمىر بولۇپ يېنىپ چىقتى. ئانىنىڭ ئەمدى تاقىتى قالمىدى. "ھەممە ئەيىپ ئاشۇ غەرەز ئۇقمايدىغان ئەردە، — دەپ ئويلىدى

چىرايلىق جىلۋىلىنىپ كورۈنىدۇ.

"زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزالىرى پۈتۈن ياز بويى توپىلىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى سېرىلما تاختا ئېتىزلاردا خوشال - خورام تېرىقچىلىق قىلىدۇ؛ كۈز ئايلىرى يېتىپ كەلگەندە يۈز، ئىككى يۈز ياشلىق ياڭاق دەرەخ - لىرىنىڭ شاخلىرى ئالا - چىپار كوينەك كىيگەن بەختىيار قىز - يىگىتلەر بىلەن رەڭلىنىپ كېتىدۇ؛ كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن بولسا، ھەممە كىشى قاماق - تورلارنى كوتىرىشىپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا بېلىق تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

باھار...... بۈگۈن ئەتىگەن تېخى كاداك ياڭاقلارنىڭ ئۇچلىرىنى جىگەردەك قىزىللىق قاپلىماي تۇرۇپ، بىردىن ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ئىشخانىسىنىڭ ئوگزىسىدىن ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى. ناغرىنىڭ چېلىنىشى ئىنتايىن شوخ، شادىيانە ئىدى. بۇ، "زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ ھاياتىدا بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۇششاق باللار بىرىنچى بولۇپ كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. بىر پەستىن كېيىن قىز - لار، يىگىتلەر، چوكان - جۇۋانلار كۈلكە - چاخچاق، ناخشا - ناۋالار بىلەن شاتلىنىپ، كوچىغا پاتمىغان ھالدا قى - چۇ قىلىشىپ، ناغرا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە كەتتى. ئۇلاردىن كېيىن ئاق باشلىق ئانىلار، ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار ئىك - كىدىن - ئۈچتىن بولۇشۇپ، بۇ يىلقى باھارنىڭ خىسلەت -

ئۇتۇن، شۇلار قىلىشسۇن". سېلىم ئاكا بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا، چىن كوڭلىدىن قايىل بولۇپ "ياش يىگىتلەرگە ئۇتۇن" دىگەن گەپكە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلغان ئەمەسمىدى...... بۇگۇن يەنە ھەممە گەپلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دۇيجاڭ بۇلارمىش......

ئېيتقانلىدەك سەۋرىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ-دە، قازانمۇ قايناۋەرسە تېشىپ كېتىدۇ. خەلچە ئانا ئويىنىمۇ، ئۇچاقتا پىشماي تۇرغان كاكچىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، كالتا جۇۋىسىنى ئاچچىق بىلەن مۇرىسىگە ئارتتى-دە، ئويدىن چىقىپ كەتتى.

خەلچە ئانا يىغىن ئۇتكۇزۇلۇۋاتقان ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چوڭ قورا ئىچىدىن تەمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنتايىن قىزغىن ھىسسىيات بىلەن پۇتناندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سېلىم ئاكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.

شۇ تاپتا، قارىماققا بۇ يەردە ھىچبىر مەجلىس يوقتەك، ھەممە كىشى جىمجىت. پەقەت بىرلا كىشى — سېلىم ئاكا سوزلىمەكتە ئىدى.

"سوزلە......تازا سوزلىۋال! — دەپ كوڭلىگە پۇكتى خەلچە ئانا، — سەن بۇ ئىشنى سوزلەپ يۇرۇپ تاپقان. ئىچ سىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئېيت. مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىۋالىمەن. كېيىن يۇزۇڭگە سالىمەن. مىنى ئالدىغىنىڭ ئۇچۇن ئوزەڭمۇ يەرگە قارايسەن......ئوتكەن يىلمۇ "ئەمدى بوادى قىل" دىسەم، "مەندە نىمە ئامال، خەق تۇرۇۋالدى، خەق سەن دۇيجاڭ بول دەپ يېپىشىۋالسا قانداق قىلە-

ئۇ، — تۇۋا بۇ ئادەمنىڭ بەغەرەزلىكىنى! ھەننۇۋا كىشى بىر چىرايلىق ئۆز ئۆيىنىڭ، ئۆز كۆلۈكىنىڭ غېمىدە، تارتىغلىق ئۇنى، يېرىغلىق ئوتۇنى تەل، ھەي......ئۇ بولسا ئەتىدىن - كەچكىچە سوك - سوك ئاتىتەك چېپىپ يۈرگىنى - يۈر- گەن......".

ئانا نىمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، تاشقارقى ئىشىكتىن تام خوشنا ھەجەر بۇۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خەلىچە ئانا، سىزگە خۇش خەۋەر، بىز يەنە سېلىم ئاكامنى دۈيجاڭ قىلىپ سايلىدۇق. باشلىق! سىزگە بىر ئوتۇنۇش، بىزنىڭ ئۆيگىمۇ قاراپ قويۇڭ......

— خۇش خەۋەر بولماي قۇرۇسۇن، ئىلاھىم، ئۆيۈڭگىمۇ ئوزەڭ قارىۋال!...... — دىدى خەلىچە ئانا ئاچچىق بىلەن چېچىلىپ ۋە شۇندىن كېيىن راستلا غەزەپلىنىپ كەتتى: "تۇۋا، بۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنى! مۇنداقمۇ ھىچنىمىنى بىلمەس بولۇۋالغان بارمۇ؟ نىمىشقا ئۆز ئىشىنى بىلىپ قىلمايدىغاندۇ......خوتۇن بولۇپ مەن، ئەر بولۇپ سەن، ھىلى دىيىشكەن گېپىمىز ھىلى ئۇنتۇلسا، بۇ قولاق زادى قانداق قولاقكىن؟......"

خەلىچە ئانا شۇندىن كېيىن ئاخشام مۇشۇ خەۋەر نىڭ سەل ئۇچىنى ئاڭلاپ، سېلىم ئاكام بىلەن بولۇنغان گەپنى ئەسلىدى. "ئەمدى بولدى قىل، — دەپ ئۆگەتكەن ئىدى ئۇ سېلىم ئاكىغا، — مەن سورۇناي، قېرىنداشلارنى ئۆز ھالىغا قويۇڭلار دىگىن، دۈيجاڭلىقنى ياش يىگىتلەرگە

# يۇرىكىدە ئوتى بار

خەلچە ئانا ئۆپكىدەك ئىسلىپ ھويلا ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، سېلىم ئاكا ئاق داستىخان يېپىلغان شىرەنىڭ ئالدىدا ئورە تۇرۇپ، 1963 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى قانداق قىلىپ ئەمەللەشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە كويۇپ - پىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. شىرەنىڭ ئەتراپىدا غاز قانىتى بولۇپ ئولتۇرغان ئەر - ئايال ئەزالار ئۇنىڭ دېدىل، ھەققانى، ئۇمىتۋارلىق بىلەن تولغان سۆزلىرىنى باشلىرى بىلەن ماقۇللاپ، چاۋاك بىلەن ئالقىشلاپ ئولتۇراتتى.

ئىشىك تەرەپتىرەك ئولتۇرغان بىر نەچچە ئايال خەلچە ئانىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئېلىپ ئورۇن كۆرسەتتى. ئانا بۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتسىمۇ، لېكىن چىرايىدا تېشىغا تېپىپ تۇرغان ئاچچىقنى يوشۇرالمىدى، كۆزلىرىدە بىر تۈرلۈك نارازىلىق ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى.

سېلىم ئاكا خەلچە ئانىنى كۆرۈپ، سۆزىدىن سەل ئېزىپ تەمتىرىگەندەك بولدى، گەپلىرىمۇ تازا جايىدا چىقمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۆزىچە تەڭقىس بولۇپ، ھەتتا گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى؛ لەۋلىرى تىترەپ، قاشلىرى كۆتىرىلىپ، يۈزلىرى تارتىشتى؛ ئەقىللىق كۆزلىرى بىر تۈرلۈك پىلىنىش بىلەن "خەلچە، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، سەن

مەن" دىگەنسەن. بۇگۈن تېنىۋالچۇ — قېنى......"

— مەن بىر ئادەم، مېنىڭ قولۇمدىن نىمە ئىش كېلىدۇ؟ ھىچ ئىش، — دىگەن سېلىم ئاكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — گۇڭشې بىر ئەزىم دەريا. بىز بولساق بىر ئېرىق. دەريادا سۇ بولسا ئېرىقتىمۇ سۇ بولىدۇ؛ ئىشنى ئوبدان ئەيلەشتۇرەلىسەك ئەترەتنىڭ كۇچىگە ھىچنىمە توغرا كەلمەيدۇ. چوڭ ئائىلىمىز قۇدرەت تاپسا، بىزنىڭ كامال تاپقىنىمىز شۇ. دىمەكچى بولغان گەپ شۇ تۇققانلار. سىلەر بار، مەن ھىچنىمىدىن قورقمايمەن: سىلەر مېنىڭ كوپ قېتىملىق ئۇزرەمنى قوبۇل كورمىدىڭلار! مەيلى. سىلەر ماڭا ئىشەنچ بىلدۇرگەن، مېنى خالىغان بولساڭلار، بۇنىڭغا رەھمەت. لېكىن، مېنىڭ بىر شەرتىم بار: ئۇ بولسىمۇ، ھەر كىشى ئوز كومۇچىگىلا چوغ تارتماسلىغى، ئوز ئارا يار-يولەكتە بولۇپ دەرقەمدە تىرىششى، ئاۋال چوڭ ئائىلەمىزگە، ئاندىن ئوزەمگە دىگەن نىيەتتە بولۇشى لازىم......

يىغىن مەيداندىن سېلىم ئاكىنىڭ سوزىنى قوللىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. سېلىم ئاكا بىر پەس سوزىدىن توختىدى.

خەلىچە ئانا سېلىم ئاكىنىڭ "قورقمايمەن"، "مەيلى"، "رەھمەت" دىگەن سوزىدىن كېيىنلا سەۋرە قاچىسى يېرىلىپ، مەجلىس ئورنىغا ئېتىلىپ كىرىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ "بىر شەرتىم بار" دىگەن سوزىدىن نىمىنىدۇر ئۇمىت قىلىپ، بىر پەسكە ئوزىنى باسقان ئىدى. ئەپسۇس......تولىمۇ ئەپسۇس......بۇنىڭدىن ھىچنىمە چىقمىدى.

ئانا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى......

دەيمەن، — دىدى ئانا ئاخىرى ۋە گېپىنىڭ ئايىغىنى تاپال-ماي بىر پەس تۇرۇپ قالدى، — ئۇ قېرىپ قالدى......

خەلىچە ئانىنىڭ مەقسىدىگە چۈشەنگەن ئەزالار بىر خىل قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى، كىمدۇر نېرىقى بولۇڭدىن لۇقما تاشلىدى:

— سوزلە خەلىچە ئانا، سوزلەۋە، قۇلىغىمىز سەندە، سېلىم ئاكىنىڭ سايلىمىدا پەقەت بىر ئاۋاز كەم قالغان ئىدى، سەن شۇنى تولدۇرغىن، بۇ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ، — دىدى.

— تولدۇرغىن ئىمىش ...... — ئانا بىر خىل ساددىلىق بىلەن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويىدى، — تولدۇرسام تو-لدۇرىۋېرىمەن. ئۇ قاچانغىچە سېلىم دۈيجاڭ بولۇۋېرىدۇ؟ مەن ئۇنى شۇ ئىشتا بولمىسۇن، ئويىگىمۇ قارىسۇن دەيمەن. مانا ھوقۇق!

— سەن سېلىم ئاكىنى كەم سۇندۇرمىغىن ئانىكا، — دىدى كىمدۇر، — ئۇ ياشانغان بىلەن يۈرىگىدە ئوتى بار. بىزدەك نەچچە ئەرگە تېتىيدۇ، بىز سېلىم ئاكىنى يارىتىپ سايلىدۇق، مۇنداق يارىشىملىق-كېلىشكەن دۈيجاڭ بۇ ئەتە-لىمىدا يوق.

خەلىچە ئانا يان تەرەپكە بۇرۇلۇپ بۇ ئاۋازغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويىدى، ئاندىن:

— يۈرىگىدە ئوتى بار ئىمىش. تايىنلىق. كېچىسى چۈشكۈرىدۇ، يوتۇلۇپ ياتالمايدۇ؛ ئوي دىگەنگە كويسە ئوي بولىدۇ، — دىدى ۋە بىر پەس توختىۋالغاندىن كېيىن، —

بۇنى چۇشەن" دېگەندەك قىلاتتى.

دەرۋەقە، سېلىم ئاكا ئۇنچىلا ياش ئەمەس ئىدى. بەزىلەر ئۇنى "ئاكا" دېسە، بەزىلەر "ئاتا" دەپ ئاتايتتى. چاچ-ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن، بوزلىغان ئىدى. كوزلىرى ئەقىللىق بولسىمۇ، سەل ياشاڭغىراپ تۇراتتى. بويى پاكاراق بولغىنى ئۇچۇنمۇ، كوكرىگىنىڭ ئىچىگە تارتىلغىنى ئانچە بىلىنمەيتتى. ئۇز تەڭ-تۇشلىرىنىڭ تەتۇرسىچە، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇزۇن چاپان كيمەيتتى ۋە سورىغانلارغا "ئۇزۇن چاپان كىشىنى تەمتىرىتىپ قويىدۇ، كالتا كەمزۇلمۇ بەلەن" دەيتتى، ئېيتقاندەك، ئۇنى بىر كۇنىنىڭ ئىچىدە "زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش دۇينىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرىتىشقا بولاتتى. تىنىم تاپمايتتى.

لېكىن، سېلىم ئاكىنىڭ بىر كەمچىلىگى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ خەلىچە ئانا ئېيتقاندەك، "ئوي ئىشلىرىغا ئانچىلا كوڭۇل بولمەيتتى، غەرەز ئۇقمايتتى". ئۇز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، كېيىنكى يىللار ئىچىدە نىمە ئۇچۇندۇر "ئۇز كومۇچىگە چوغ تارتىشنى" يامان كورۇپ قالغان ئىدى.

خەلىچە ئانا سېلىم ئاكىنىڭ يېلىنىش بىلەن ئۇز كوڭلىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان نۇرلۇق كوزلىرىگە قاراپ، كوڭلى ئېرىنگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ ئۇز تەلىۋىنىڭ توغرىلىغىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ياغلىغىنىڭ ئۇچلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ، بىر-ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى، لەۋلىرى تىترەپ، قوللىرىنى يالۋۇرغاندەك ئالدىغا چىقىرىپ، كوپچىلىككە تەلمۇردى:

— نىمە دېسەم بولار، ئۇنى ئۇز ھالىغا قويساڭلار،

گەپتىن كېيىن بىرنەچچە مىنۇت تىمتاس بولۇپ قالدى. كېيىن ھەر تەرەپتىن ئوقما تاشلاشلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

— سېلىم ئاكا بىز ئۈچۈن جان كويدۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى، — "زەرەپشان" نى گۈگۈمزىنىڭ گۈلى قىلىپ كوتەردى. سەن يېتىشەلمىگەن بولساڭ، كىمنى خالىساڭ قىچقىرىۋە، مانا بىز ھەممەم بولىمىز، يار-يۆلەك بولىدىغان ئادەم ئازمۇ؟......

خەلىچە ئانا ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلدى. شۇنچە كىشى ئىچىدىن سېلىم ئاكىنىڭ ئىزىنى باسقۇدەك بىرەر كىشىنىڭ چىقمىغىنى ئۈچۈن تېرىكتى. لېكىن تىكىلىپ كۆلۈمسىرەپ، ئىشەنچ قىلىپ تۇرغان يۈزلىگەن كوزلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئانا نىمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. ئاخىرى ئۆزىچە بىر ياخشى چارە ئويلاپ تاپتى:

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، — دېدى ئۇ مەيۈسلىنىپ، — لېكىن مېنىڭ ئويلىغىنىم: بىر كۈن ئۆي ئىشىغا قاراپ، بىر كۈن دۇيجاڭ بولسۇن......

— بارىكاللا، — دېيىشتى ئەزالار كۈلۈشۈپ، — بۇ پىكرىڭ تولىمۇ دۇرۇس. سەن ئەسلىدىمۇ جۈرئەتلىك ئايال ئىدىڭ، ھېلىمۇ غەيرەت قىلدىڭ. قېنى، سېلىم ئاكا، ۋەدە بەرگىن. خەلىچە ئانا يايراپ كەتسۇن......

خەلىچە ئانا بۇ گەپتىن كېيىن بىر خىل سىناش نەزىرى بىلەن سېلىم ئاكىغا قاراپ قويدى.

سېلىم ئاكا بولسا، ئۆزىنى ئەيىپلىك ھېس قىلغاندەك يەر ئاستىدىن قاراپ، كۈلۈپ قويدى-دە، تېخىمۇ دېدى

ئاخشام ئۇ، دۈيجاڭلىقنى ياش يىگىتلەرگە ئۆتۈنۈپ بەردىم
دېگەن. بۈگۈن مېنى ئالداپتۇ......

ئەزالارنىڭ ھەممىسى خەلىچە ئانىنى ئوبدان بىلەتتى.
ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ساددىلىقى، دىلكەشلىكى ئۈچۈن
ھۆرمەت قىلاتتى. خەلىچە ئانا يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا
دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ئوغلىنى ئەگىشىپ زەرەپشان
دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتكەن ئىدى. ھاشا ـ مەدىكار
كەلسە، سىلىم ئاكا ئۈچۈن تالىشىپ ئۆزى بارغان چاغلىرىمۇ
بولغان. قىسقىسى، ئىشنىڭ ئېغىرى قېچىپ قۇتۇلمايتتى.
لېكىن بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا — كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە
دەريا قولتۇغىدا بېلىق تۇتۇۋېتىپ، تاسادىپ شۇرمەلنىڭ
ئاستىغا كىرىپ كەتتى. شۇ قېتىمدا سوغاق ئالغان بانا
بىلەن ئۈچ يىلچە ئاغرىقچان بولۇپ ياتتى، تېخى تولۇق
ئەسلىگە كەلگىنى يوق، سىلىم ئاكىغا سۆيۈنۈپ قالغان
ئىدى.

— سەن سايلىمىساڭ، بىز سايلايمىز، بۇ چوڭ ئىش.
دەڭسەپ كورىدىغان گەپ. سەن ئويلاپ باق، خەلىچە
ئانا، كوپچىلىك سايلىسا، ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ، — دىدى
ياشقىنا بىر چوكان.

خەلىچە ئانا ياش چوكانغا نەزىرىنى ئاغدۇردى:
— سېنىڭ ئويۇڭدە ئوتتۇنگىمۇ، تارتىغلىق ئۇنۇڭمۇ
تەييار. سەن قىلمىساڭ ئاكاڭمۇ، ئۇكاڭمۇ قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ،
ئېتىزمۇ ـ ئېتىز سوكۇلداپ يۈرسە، مەن كىمگە يالۋۇرىمەن؟
كوپچىلىك قايناۋاتقان قازانغا سۇ قويغاندەك بۇ

ئۇرنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گۇگۇم قاراڭغۇسىدا تەمتىرەپ يۇرۇپ ئىشىك تەرەپتىكى كات ساندۇقتىن نىمىنىدۇر ئېلىپ بېلىگە تۇگدى. دەل مۇشۇ پەيتتە خەلىچە ئانا ئۇيغىنىپ قالدى، ئۇيقۇلۇق گاڭگىرىدى، ئەسنىدى ۋە سېلىم ئاكىنىڭ ھېمىشەمقىدەك "قۇيرۇق تۇتقۇزماي" كوزىدىن غايىپ بولماقچى بولغىنىنى پەملىدى-دە، بىردىن غەزىۋىگە ئوت تۇتاشتى:

— ماڭا قايلاڭلار، ئەر! — دىدى ئۇ زەردە بىلەن چېچىلىپ، — تېخى ئەتىگەنغۇ، مۇنچە قىلىپ نەگىمۇ ئالدىرايسىلەر؟ ......

— ئالدىرايسەن دىگەنمۇ گەپمۇ، — دىدى سېلىم ئاكا نان تۇگۇلگەن بېلىنى تارتىپ باغلىۋېتىپ، — ئوزەڭ ئويلاپ كور، بۇ تەكيى قىرلاپ ياتىدىغان چاغمۇ؟ كۇندىن قالساڭ، يىلدىن قالىسەن، دىگەن گەپ بار، مۇشۇ كەمدە ئالدىرىمىسام، بۇگۇن-ئەتە "زەرەپشان"نىڭ ھالى نىمە بولىدۇ؟ ......

خەلىچە ئانىنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقا ھازىر تاقىتى يوق ئىدى. شۇڭا، سېلىم ئاكىنىڭ ئالدىنى بىر ئېغىز سوز بىلەنلا توسىماقچى بولدى:

— ئوي، ئوي-چۇ! ...... — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— بىر نەرسەڭ كەممۇ؟ ...... — سېلىم ئاكا ھەتتا بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىگىنى بىلمەي قالدى.

— تۇۋا، بۇ ئادەمنىڭ توم گىرىلىگىنى! — دىدى

تىخىمۇ مەزمۇت ئاۋاز بىلەن توختاپ قالغان سوزىنى باشـ
لىدى......

## ياراشمايدىغان ئىش

خاسىيەتلىك باھار ئاپتىۋى زەرەپشان دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى ئاخىرقى كۇمۇش پارچىلارنى ئېرىتىۋەتتى. دەريا كېڭەيگەندەك بولۇپ قالدى. مەھەللە ئىچىدە ئۇرۇكـ لەر رەڭمۇ ـ رەڭ چېچەكلەپ، ئېرىقلارنىڭ بويلىرى يېشىل مەخمەلدەك كوكەردى. قامەتلىك ياڭاق دەرەخلىرى بولسا، باھار پەيزى بىلەن ياشناپ تىخىمۇ ھەشەمەتلىك بىر تۇسكە كىردى.

بۇ كۇنلەردە "زەرەپشان" ئىشلەپچىقىرىش دۇينىڭ ئەزالىرى يېڭى كۇچ ـ غەيرەت بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى باشلىۋەتتى، ھەممە يەرنى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئەمگەك ناۋاسى قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

كېيىنكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە خەلىچە ئانىنىڭ قاپىغى يەنە سېلىنىپ قالدى. سېلىم ئاكىغىمۇ ئۇنچىۋالا رايى يوق ئىدى. چۇنكى بۇ كۇنلەردە ئۇنى قايناپ تۇرغان ھايات يەنە ئوز ئىلكىگە ئېلىۋالدى: ئىشقا سەھەر چىقاتتى، كەچ قايتاتتى، "ئوي" دىگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ كاللىسىدىن يەنە يىراقلاپ كەتكەندەك بولدى.

بۇگۇنمۇ سېلىم ئاكا ئوز ئادىتى بويىچە كىچىككىنە پەنجىرىدە سۇبھى تاڭ بەلگىسى كورۇنمەستە، ئالدىراپ

توگمەندىكى ئۇننى بولسا، بۇگۇن كەچقۇرۇن ئېيتكىلىمەن ......
سېلىم ئاكا شۇ گەپنى ئېيتتى ـ دە، چىقىپ كەتتى.
خەلىچە ئانا بىر ھازاغىچە نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ ھەممىسى غەلىتە، ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلدى، ئۆزىنىمۇ نەگە قويۇشنى بىلمەيتتى ......
تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەتراپ يورۇغاندا خەلىچە ئانا يەنە شۇ كوڭۇل غەشلىكى بىلەن تالاغا چىقتى. ئۇ، بۇ يەردە يۈرەكنى مۇجۇيدىغان يەنە بىر ئىشقا دۇچ كەلدى: نېرىقى ئۇستەڭ بويىدا بەزى ئەزالار ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يەرلەرگە تېرىقچىلىق قىلىۋاتاتتى. شۇلارغا پاسىل بولغان توت پۇڭ يەر سېلىم ئاكىغا خاس بولۇپ، ئۇ تېخىچە ئاق ئىدى. ھەتتا ئالدىنقى يىلدىن قالغان قوناق كوتىچەكلىرى شۇ پېتى تۇراتتى. خەلىچە ئانىنىڭ كوڭلىگە ھەر نېمىلەر كەچتى: "ئىست، سەندەك ئەر بولغىچە، ـــ دېدى ئانا ئاق تۇرغان توت پۇڭ يەرگە قاراپ خورلۇغى كېلىپ، ـــ قولۇڭغا كىرگەن ئاشنىمۇ ئەپلەپ يېيەلمىسەڭ ......".
خەلىچە ئانا شۇلارنى ئويلاپ، ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، ئويگە كىرىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن كەچككىنە بوخچىنى قولتۇغىغا قىسىپ يېنىپ چىقتى. بو چاغدا، ئىشلىك ئالدىدا ھەجەر بۇۋى باشلىق بىرنەچچە ئەر ـ ئايال ئەزا ياردەملىشىپ، سېلىم ئاكىغا تەۋە بولغان ئۈزۈم تېلىنى بېدىشكە ئېلىۋاتاتتى. خەلىچە ئانىغ

ئانا تېرىكىپ، — بىر نەرسەڭ كەممۇ دىگەنمۇ گەپمۇ؟ مۇن-
داقمۇ ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋالدىكىنە كىشى ......
تۇگمەنگە ئاپىرىپ قويغان بۇغداي ئۇن بولغىلى بىر ھەپ-
تىدىن ئاشتى. ئۇنى ئېپكېلىدىغان ئادەم بولمىسا، ياز بولۇپ
باققا بىر قېتىممۇ سۇ قويۇلمىسا، تال ئۈزۈم تېخىچە بېدىش-
كە ئېلىنمىسا، خەقلەر ئۆزىگە قالدۇرغان يەرگە ئاشلىق
تېرىپ بولغىلى نىكەم، سەن تېخى ئۆز يېرىڭنىڭ قىرىنىمۇ
دەسسەپ باقمىساڭ، يەنە تېخى بىر نەرسەڭ كەممۇ؟! ......
سېلىم ئاكا ئويلىنىپ قالدى. خەلىچە ئانىنىڭ دەۋات-
قانلىرى دۇرۇس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا نەدە ۋاقىت؟ سې-
لىم ئاكا ھازىرلا قوشچىلارنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك ئى-
دى. ئۇ يەردە بەش جۇپ قوش كۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئاندىن
سىيالكىغا ئۇرۇق بېرىش، يەر سۇغارغۇچىلارغا ئىش تەقسىم
قىلىش، سورەم قاتتۇرۇش كېرەك. بۇ ئىشلارنى كۈن چىق-
قىچە ئۆز ئىزىغا سېلىۋەتمىسە بىر كۈننىڭ ئۆلگىنى شۇ ئە-
مەسمۇ......
سېلىم ئاكا ئۆز خىيالىغا بېرىلىپ، ئىختىيارسىز ئە-
شىك-تەرەپكە قەدەم قويدى، لېكىن، خەلىچە ئانا ئۇنىڭ
ئالدىنى توستى:
— ھە، نەگە، يەنە قۇيرۇق تۇتقۇزماي! ......
— ئانىسى!— دىدى سېلىم ئاكا، ئۇنىڭ ئاۋازى
تىترەپ كەتتى، — سەن ھازىرچە ئاشۇ توت پۇڭ — بىر
چىشلەم يەرنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ تۇرغىن. ئۇنى ئەترەتنىڭ
ئىشىنى ئىزغا سېلىۋالغاندىن كېيىنلا دەرھال بىرئامال قىلىمەن.

كۈننىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ؟!

سېلىم ئاكا شۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ ئىشلىرى تىزىلىپ ئوتتى. "زەرەپشان" بويلىرىدىكى چوڭ ئوزگىرىشلەرنى ئەسلىدى ۋە خەلىچە ئانىنى بىر ئاز ئەيىپلىگۈسى كەلدى. ياق، بۇ ياراشمايدىغان ئىش، — دىدى ئۇ، ئۇ ئوز ئوزىگە شۇۋىرلاپ، — ئوز كومۇچىگىلا چوغ تارتىش يېڭى دىخاننىڭ پەزىلىتىمىكەن؟ يوق گەپ. مانا بىز ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئوز كومۇچىمىز كەينىدە ئەگىشىپ كەلدۇق. لېكىن ھىچقاچان بىر نېنىمىز ئىككى بولغىنى يوق. بۇگۈنكى كۈندە زەرەپشان بېيىدى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ لىققىدە بولۇپ قالدى. بۇ يىل ھال - ئوقىتىمىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. تېرىلغۇ كولىمى ئوچتىن بىر ئۇلۇش كېڭەيدى، يېڭى تىكىلگەن ياڭاقلار مۇنگە كىردى، خەلىچە، سەن نىمىشقا بۇنى كورمەيدىغانسەن؟.......".

سېلىم ئاكا شۇ خىيال بىلەن ئورنىدىن قوزغالدى - دە، ئىشىككە چىقىپ، ئالدىراپ دەريا تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ، دەريا بويىدىكى ئېتىزلارنىڭ بېشىغا بېرىشىغا، ئالدىدىن خەلىچە ئانىنى قولتۇقلاپ تام خوشنا ھەجەر بۇۋى چىقىپ كەلدى.

— سېلىم ئاكا خەلىچە ئانا يامانلاپ قاپتۇ، —دىدى ھەجەر بۇۋى كۇلۇپ، — بۇ كېلىشمىگەن ئىش بوپتۇ. مەن ئاران دىگەندە قايتۇرۇپ كەلدىم......

بۇ ئەھۋالمۇ غەلىتە تۇيۇلدى، ھەتتا ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، ياڭاق دەرەخلىرى ئاستىدىكى تار يولدىن مەھەللىنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى......

سېلىم ئاكا ئىككى كۈندىن بېرى دەريا بويىدا قوناق تېرىش بىلەن بەنت بولۇپ، يۇقۇرقى تەرەپتە كېۋەز يېرىگە ئىشلەۋاتقان ئەزالارنىڭ قېشىغا بارالمىغان ئىدى. بۈگۈن ئۇ، چۈشتىن كېيىن شۇ تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ مەھەللە ئىچىدىن كېتىۋېتىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ھاڭقىرقاي ئوچۇق تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئەتىراپتا خەلىچە ئانىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئۇزۇم تېلى بولسا، بېدىشكە ئېلىنىپ قاپتۇ، بۇ كىمنىڭ ئىشىكىن ؟......

سېلىم ئاكا ھويلىغا كىردى، ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپلا، خەلىچە ئانىنىڭ نەگىدۇر يامانلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى ئوچاقتا بىر قېتىممۇ ئوت قالانمىغان، ئورۇن-كۆرپە بولسا، ئاخشام سېلىنغان پېتىچە ئىدى.

بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە سېلىم ئاكىغا ھار كەلدى.

سېلىم ئاكا خەلىچە ئانا بىلەن ئۆي-ئوتاق بولغانغا ئوتتۇز يىلدىن ئاشقان، شۇ جەرياندا ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە ئەسلىسە كىشىنىڭ تېنى شۈركەنگىدەك ئاچ-چىق-چۈچۈك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن بىللە ئۆتكۈزۈشكەن ئىدى. بەختكە قارشى ئىككى ئوتتۇرىدا پەرزەنتمۇ بولمىدى. بۇ مەيلى، لېكىن ئۇ نىمىشقا ئەرزىمىگەن ئىشلارغا كۆڭلىنى سىيا قىلىدۇ، نىمىشقا بۈگۈنكى

ئايىغىغا ئۆتتى، قوم چوگۇندە غەينۇلا سىلىپ دەرھال شوۋگۇرۇچ تەييارلىدى، نەدىدۇر قۇمغا كومۇپ ساقلىغان بىرنەچچە دانە چىپان نەشپۈتى تېپىپ كەلدى.

ھەجەر بۇۋى خەلىچە ئانىنىڭ بېشىغا ياستۇق قويۇپ شوۋگۇرۇچ ئىچۈرۈۋاتقاندا، ئۆي ئىچى ئىشتىن قايتقان ئەزالار بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلار خەلىچە ئانىنىڭ بېشىدا، ئايىغىدا ئولتۇراتتى. بەزىلەر ئۆرە تۇراتتى. شۇ ئارىدا كىمدۇر سىلىم ئاكىغا خەۋەر قىلىشنى مەسلىھەت قىلدى. لېكىن، بۇ تەكلىپ دەرھال كۆپچىلىك تەرىپىدىن رەت قىلىندى:

— ياق، سىلىم دۈيجاڭ ئۆز كېچىشىگە قاتنىشىۋەر-سۇن، — دېدى ئۇلار، — سىلىم ئاكا بىز ئۈچۈن كېچەشكە قاتنىشىۋاتىدۇ، بىز بولساق، ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلىچە ئانى-نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايمىزمۇ؟......

— قېنى يىگىتلەر، ھارۋىنى قېتىڭلار، — دېدى ھە-جەر بۇۋى خەلىچە ئانىنىڭ تامغىنى ئىچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيدە بىتاقەت بولۇپ ئۆرە تۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ، — خەلىچە ئانىنى دوختۇرغا ئېلىپ بارايلى، مۇبادا سىلىم ئەترەت كېچەشتىن قايتىپ چىقسىمۇ شۇ ئىشنى قىلدىغۇ!......

خەلىچە ئانا ئۈچ ئات قوشۇلغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا ياتقۇزۇلغاندا، كۈن قىزغۇچ شولا چېچىپ، تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇزىتىپ چىققان ئە-زالار:

— خەلىچە يامانلىمايدۇ، — دېدى سېلىم ئاكا يەر ئاستىدىن خەلىچە ئانىغا قاراپ قويۇپ، — ئوتتۇز يىلدىن بېرى يامانلىمىغان، دەريانى كورگۇسى كەلگەن چېغى......

ھەجەر بۇۋى كۇلۇپ قويۇپ ئوز ئىشىغا كەتتى، سېلىم ئاكا خەلىچە ئانىنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئارقىسىغا ياندى.

خەلىچە ئانىمۇ، سېلىم ئاكىمۇ تىم-تاس مېڭىشتى، ئويگە كېتىشتى......

## كېيىنكى بىر ۋەقە

ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئوتۇپ، سېلىم ئاكا ناھىيگە مەجلىسكە كەتتى. شۇ كۇنىنىڭ ئەتىسى چۇشتىن كېيىن خەلىچە ئانا ھىچ كۇتۇلمىگەندە ئاغرىپ قالدى. كەچقۇرۇن ئىسسىتمىسى ئېشىپ، ھەتتا ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى. سېلىم ئاكا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى تېز، سۇپەتلىك ئوتكۇزگەن "قىزىل بايراقدار" دۇي باشلىقلىرى، ئىلغار پىشقەدەم دىخانلار كېڭىشىگە قاتنىششى ۋە ئۇ يەردە ئون كۇنچە بولۇشى كېرەك ئىدى.

خەلىچە ئانا ساقسىز بولۇپ، بىر دەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭ قېشىدا ھەجەر بۇۋى پەيدا بولدى. ئۇ ھازىر خەلىچە ئانىنىڭ ئوز قىزى بولۇپ قالدى. بېشىغا باردى،

خەلچە ئانا ھويلىغا كىرىش بىلەن، ئۇزلىرىگە تە-
ئەللۇق بولغان تـوت پۇك يەرنىڭ ھەيدىلىپ، تىرىلىپ،
سورەمدىن چىقىپ بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ، ئۇنىڭ كوڭ-
لىنى تېخىمۇ كوتىرىۋەتتى......

سىلىم ئاكا ناھىيىدىن قايتىپ كەلگەنـدە، خەلچـە
ئانا سەللىمازا ساقايغان، قەدەملىرى تېتىكلىشىپ، گەپلىرىمۇ
مېھرىۋان، يېقىملىق بولۇپ قالغان ئىدى.

سىلىم ئاكا ناھىيىدىن ئۇزى بىلەن بىللە كوپلىگەن
يېڭىلىقلارنى ئېلىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭدىن كوپلىرىنى
دۇينىڭ ئىشلىرىغا تەدبىق قىلىشى، جارى قىلدۇرۇشى لازىم
ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىشلىرى بالدۇرقىدىنمۇ ئالدىراش
بولۇپ كەتتى. ئىشقا سەھەر چىقاتتى، كەچ قايتاتتى، ئوي
توغرىسىدا ئويلاشقىمۇ ۋاقتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، شۇنىڭدىن دىلى سۇيۇنەتتىكى، بۇ كۇنلەردە خەلچە
ئانا ئۇنى ئۇزىدىنمۇ بەك ئالدىرىتاتتى:

— بول، ئىش مۇھىم، ئوينىڭ ئىشى تۇگەپ كېتەر،
ئەزالارنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويمىغىن، — دەيتتى......

1963 - يىل، يەكەن — ئارال.

— خەلىچە ئانا، پات ساقىيىپ كېلىڭ، سىزگە شىدـ
پالىق تىلەيمىز، — دەپ كوزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۆزىنىپ
قېلىشتى.

گۈڭشې دوختۇرخانىسىدا نوۋەتچى ھەمشىرە خەلىچە
ئانىغا "كۆچلۈك گىرىپ" دەپ دىاگنوز قويىدى. ئوكۇل
قىلىندى، بىرنەچچە تال تابلېتكا دورا ئىچۈرۈلدى. شۇ
كېچە خەلىچە ئانا چىلىق-چىلىق سۇ ئىچىدە ياتتى ۋە
ئەتىسى بىر چىرايلىق يەڭگىپ قوپتى. ئانا يېڭى دورا
ئىچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالدىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرـ
غان ھەجەر بوۋىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— جېنىم بالام، مەن سىلەرنى ئىشتىن قويدۇم، —
دىدى خىجالەت بولغاندەك، — مەن ئوغۇل-قىزىم يوق،
ئاغرىپ-تارتىپ قالسام نىمە كۈنگمۇ قالارمەن، دەپ قايـ
غۇرغان ئىكەنمەن. ئەمدى ئارمىنىم يوق. قىزىم گۈڭشې،
ئوغلۇم گۈڭشې ئىكەن، مەن بۇنى بېشىمغا كەلگەندە
بىلدىم......

ئەترەت ئەزالىرى خەلىچە ئانا دوختۇرخانىغا كەتـ
كەن چاغدا كوڭلى يېرىم بولۇپ ئۆزاتقان بولسا، ئەمدى
خوشاللىقتىن قانات قېقىپ قارشى ئالدى. ھارۋىدىن قولـ
تۇغىدىن يولەپ چۈشۈرۈشتى. ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ
پېشىدىن تۇتۇۋالدى. خەلىچە ئانىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ،
كوزلىرى چاقنىدى ۋە ھەممە كىشى خەلىچە ئانىنىڭ ئوزـ
لىرىگە ھاياجانلانغانلىقتىن رەھمەت نېيتالمايۋاتقانلىغىنى
بىلدى.

ئۆلمەپ كەتتى. ئەزالارنىڭ ئائىلىلىرىدىن گۇڭشې ۋە ناھە-
يىدە ئوتكۈزۈلگەن قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىنىڭ
مۇنبىرىگىچە شۇ ھەقتە گەپ بولىدى. تەرىپلىسە تەرىپلە-
گۈچىلىگى بار، گۇڭشېمىزدىكى قەھرىمان تىپلاردىن بىرى.
مېنىڭچە، ئەگەر قىزىقىپ قالغان بولساڭلار، ئەڭ ياخشىسى
سىلەرنىڭ "تەكلىماكان گۈلى" دادۇيىگە بارغىنىڭلار، زەي-
نەپخان شۇجىنىڭ ئۆزى بىلەن كورۇشكىنىڭلار تۈزۈك......
بىز سايىم شۇجىغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، "تەك-
لىماكان گۈلى" گە قاراپ يول ئالدۇق.
بىز كوچۇم-كوچۇم مەھەللىلەر ئارىلاپ، تەخمىنەن
ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، زەرەپشان دەرياسىنىڭ
شەرقىي جەنۇپ تەرىپىدىن كېسىپ ئېلىنغان يېڭى تاش
ئۇستەڭنى ياقىلاپ پايانسىز دەشت ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق.
قۇرغاق ۋە ئادەمسىز بۇ چۆلنىڭ قاق كوكسىدە بىر تال
يېشىل لېنتىدەك سوزۇلغان تاش ئۇستەڭدە ئۈركەشلىنىپ
ئېقىۋاتقان كۆمۈش رەڭلىك سوزۈك، ئويناق سۇ ۋە ئۇنىڭ
ئىككى قېشىدا ئاتنىڭ يايلىدەك تەكشى ئوستۇرۇلگەن
مەجنۇنتال چۆل ئىچىگە جان كىرگۈزۈپ تۇراتتى.
بىز قۇرغاق چۆل ئىچىدىكى بۇ مەنزىرىگە زوقلى-
نىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، كەينىمىزدىن ئۈچ ئات قوشۇلغان
بىر هارۋا يېتىپ كەلدى. هارۋا ئۇستىدە ھەر خىل دېخان-
چىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق سېلىش، كولتىۋاتسىيە قىلىش،
دورا چېچىش ماشىنىلىرى بار ئىدى. هارۋىنى ئېگىز بوي-
لۇق، بۇرۇتلۇق، ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن كوينەك كىيگەن،

# زەينەپخان ھەققىدە ھېكايە

## 1

زەيـنـەپخان ھەققىدىكى ھېكايىنى دەسلەپ گوڭشې پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش سايىمدىن ئاڭلىدۇق. سايىم شۇجى كىچىك پېئىل، ئىسسىق چىراي، خۇش چاقـچاق ئادەم ئىدى. ئۇ زەينەپخان شۇجىنى خۇددى ئۇزدىنى بىلگەنـدەك ئېنىق بىلەتتى ۋە ئۇنى تـولـىمۇ سەمىمى ھورمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالاتتى.

— زەينەپخان شۇجى ھەققىدىكى ھېكـايە،— دېدى يـولـداش سايىم،— تەكـلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي جەنۇپ قىرغىـقـىدىكى كوپـچىلىك گوڭشې ئەزالىـرىـغا مەلۇم. بۇ يەردىكى كىشـلەرنىڭ ئاجايىـپ ئادىتى بار. بىرەر ۋەقە، بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش بولدىمۇ ـ بولـدى! ئۇنى دەرھـال قوشاق قىلىـپ قاتـىدۇ، ناخـشـا ـ غـەزەل قىلىپ ئېيـتىدۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە داستىخانغا چىقىرىپ، ئەتـراپقا تارقـتىۋېتىدۇ. زەينەپخان شۇجى ھەققىدىكى ھېكايىمۇ خۇددى مانا شۇ يول بىلەن تارقالغان. زەينەپخان شۇجى توغرىـسىدىكى گەپ ـ سوزلەر بۇلـتـۇر كۈز پـەسلىدە تازا ئەۋج

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتتە باشلىق ئەجدىھادەك پۈشقۇرۇپ-
يامراپ كېلىدىغان قۇم كەلكۈنىچۇ!...... ئوھۇ...... بۇ يەر-
دىكى قۇم كەلكۈننى بىر دېمەڭلەر. ئۈستەڭنى يىلدا نەچ-
چە قېتىم تىندۇرۇۋېتىپ، خاراپ قىلىغانلىقتىن، نەچچە
قېتىم قايتا چاپاتتۇق. زەينەپخاننىڭ باشلامچىلىغى بىلەن
بۇ تاش ئۈستەڭ چېپىلغاندىن كېيىن، سۇمۇ ئىسراپ بول-
مايدىغان بولدى، يىلدا نەچچە قېتىم ئۈستەڭ چاپىدىغان
ئاۋارىچىلىقمۇ تۈگىدى......

ئوسمان ئاكا بىر ئوبدان قىزغىن سۆزلەپ كېلىۋې-
تىپ، ئۇشتۇمتۇت جىمجىت بولۇپ قالدى ۋە بىردەمدىن
كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر: "ئىشقىلىپ......" دېگەن سۆزنى
ئېيتىپ بولۇپ، يەنە تۇختىۋالدى.

— زىنەپخان شۇجى قالتىس جاسارىتى بار ئايال
ئوخشايدۇ، ھە، — دېدۇق بىز زەينەپخان ھەققىدە گەپ
تېپىش ئۈچۈن.

بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن "شۇجى" سۆزىنىڭ قوشۇلۇپ
چىققىنى ئوسمان ئاكىنى نىمە ئۈچۈندۇر بولەكچە سەگەك-
لەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ بىزگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقىدىن
بىر قاراپ قويدى-دە، بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويۇپ مۇڭ-
داق دېدى:

— ئىشقىلىپ، شۇنداق-دە. ئۇنىڭدىكى مىجەز ئەر-
كىشىدىمۇ يوق. سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇ مېنىڭ قەدىناس ئايالىم
بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن ئونبەش يىلدىن بۇيان ئۆي-ئوتاۋ
بولۇپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما، مۇشۇ بىر-ئىككى يىلدىن بېرى

ئوچى چىراي، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر كىشى ھەي-دەپ كېلىۋاتاتتى.

ھارۋىكەش بىزگە ياندىشىپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن توساتتىن سوراپ قالدى:

— يول بولسۇن، سىلەر ”تەكلىماكان گۈلى“ گە كېتىۋاتامسىلەر؟

— شۇنداق، — دىدۇق بىز، — يەنە خېلى ماڭىمىزمۇ؟

— ھازىر يول بەلەن، ھەش-پەش دىگۈچە يېتىپ بارىمىز، — دىدى ئۇ. ئۇزۇن دەستىلىك قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ قويۇپ، — مەن ئاشۇ ”تەكلىماكان گۈلى“ نىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيمەن. ياخشى بولدى، گېپى-مۇڭ بىللە كېتىدىغان بولدۇق......

— ئىسمىلىرى نىمە؟ — دەپ سوراپ قالدى مېنىڭ ھەمرايىم.

— ئىسمىم ئوسمان ئاخۇن.

— ئوسمان ئاكا، بۇ تاش ئوستەڭ ياسالغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسا كېرەك-ھە؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن، چۆل باغرىدا يېشىل لېنتىدەك سوزۇلۇپ تۇرغان ئوستەڭگە قاراپ قويۇپ.

— شۇنداق، — دىدى ئۇ جاۋاپ بېرىپ، — بۇ يىل ساق تۆت يىل بولدى. مەجنۇنتال بىلەن تېرەكمۇ شۇ يىلى تىكىلگەن. بىز بۇنى ”يېڭى ھايات ئوستىڭى“ دەپ ئاتايمىز. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، بىزنىڭ دادۇيگە بارىدىغان كونا ئوستەڭدە سۇنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇمغا سىڭىپ كېتەتتى.

جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنىڭ چەت-چۆرى-لىرىدە قوۋم ئاپتىگە قارشى تىك چاسا ئۆستۈرۈلگەن ئورمان بەلۋاغلىرى، چىغ-چىغان ئۆستۈرۈپ ياسالغان توسما-قاشا-لار، قوۋم باراخانلىرى ئۈستىدە يېرىم ئاي شەكلىدە كۆكلىتىلگەن قاتمۇ-قات قومۇش توساقلار دۈشمەنگە قارشى ياسالغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىدەك قەد كۆتىرىپ تۇراتتى.

بىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلغان نەرسە تېز ئەتراپى ئېگىز قوۋم باراخانلىرى بىلەن قاپلانغان بۇ يېشىل بوستان ئەچىدىكى كىشىلەرنىڭ شات-خوراملىقى بولدى. ئىشتىن يانغان ئەر-ئاياللار، قىز-يىگىتلەرنىڭ چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتقان ناخشىلىرى، كۆلكە-چاقچاقلىرى، چىرايلىرىدىن يېغىپ تۇرغان شادىيانە تەبەسسۇم...... گويا بىر كۆنلۈك كوشۇللۇك، ئۇنۇملۇك ئەمگەك شەربىتى ئۇچۇن ئۇرغۇپ چى-قىۋاتقان تەنتەنىدەك بىلىندى......

بىز شۇ كۈنى زەينەپخان شۇجى بىلەن ئۇچرىشال-مىدۇق. ئۇ قوۋم باراخانلىرى ئارىسىدىن يەر ئېچىش — قوۋم ياندۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياشلار دۈيىگە قوماندانلىق قىلىشقا كەتكەن ئىكەن. ئەتىسى بىز ئۇنى ئەڭ چەتتىكى بىر ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە ئەزالار بىلەن بىللە كويۇپ-پىشىپ ئوما ئورۇۋاتقان يېرىدىن تاپتۇق......

زەينەپخان شۇجى غۇنچە بوي، قاڭشالىق، بىلەكتەك ئىككى ئورۇم چېچى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان سۇم-باتلىق ئايال ئىكەن. ئاددى چىت كوينەك، چىپەرقۇت جىلىتكە ئۇنىڭ قامىتىگە بەك يارىشاتتى. پىششىق ۋە كەم

بىر بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىشىدىغان بولدۇق. ئۇن يىلدىن بۇيان ئۆيدىن چىقماي "توت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ" نىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن زەينەپخاننىڭ بۈگۈنكىدەك زەينەپخان شۇجى بولۇپ چىقىشىنى كىم خىيالىغا كەلتۈرۈپتۇ، دەيسىلەر؟ ئەگەرچەندىكىم زەينەپخاننىڭ ئاشۇ ئاجايىپ ئىسىل مىجەزى بولمىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاللىقاچان ئاجرىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالغان بولاتتىم......

ئوسمان ئاكا شۇنىڭدىن كېيىن زەينەپخان شۇجىنى تىلغا ئالمىدى. ئۇ، بىر باغدىن، بىر تاغدىن سوزلەپ، "تەكلىماكان گۈلى" دادۈينىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى خېلى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

بىز ئوسمان ئاكىنىڭ ھېكايىسىگە ھەردىس بولۇپ "تەكلىماكان گۈلى" گە قانداق كېلىپ قالغىنىمىزنى سەز-مەي قاپتىمىز.

"تەكلىماكان گۈلى" — ھەقىقەتەنمۇ قاتمۇ-قات قۇم تىزمىلىرى ئارىسىدىكى ياشناپ تۇرغان گۈلزارلىققا ئوخشاپ كېتەتتى. دادۈينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قەد كوتىرىپ تۇرغان ئاق ئىمارەت — باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دادۈي ئىشخانىسى بولۇپ، قاتار كەتكەن رەتلىك ئۆيلەر ۋە ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى سالا ئېتىزلاردا پىشىپ تەييار بولغان ئالتۇن رەڭلىك بۇغدايلار، تەكشى ئوسۇۋاتقان ئۇزۇن تالالىق كېۋەزلەر، بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ئوسكەن قوناقلار كەچكى شەپەق نۇرىدا ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتۈلگەندەك چىرايلىق

ماتتىن كېيىنلا ھەش ـ پەش دېگۈچە ۋەلسىپىت سېتىۋالدى. ئۇ ۋاقىتتىكى قۇم يوللاردا ۋەلسىپىت بىلەن مېڭىش ئاسانمىدى؟ ئەمما ئوسمان بۇرۇتنى مايلاپ، شايە پۇتى-سىنى يېرىم ياتا باغلاپ، تۇت قەدەم يەرگە ماڭسىمۇ ۋەلسىپىتتىن چۈشكۈسى كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. ھە دىسىلا كوزنى غەلەت قىلىپ بازارغا يۈگۈرەيدۇ. بەزى ياشلار قىشچە باش ـ ئۇچى يوق مەشرەپ، قاتارى بەزمىلەر بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىمۇ تۈزۈك تەييار-لىنالمىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، خەلق كۆكشېسىنىڭ ئىگىلىگى كەڭ، كۆچى كوپ بولغانلىقتىن يەنە بىر ئامال قىلىپ تېرىلغۇنى خېلىلا ياخشى ئوتكۈزدۇق. بۇ يىلمۇ زىرائەتلەر ئوبدان ئوخشاپ، يەنە ھەممە كىشىنىڭ كوڭلىدە مول ھوسۇل ئۇمىدى چىچەكلەپ كەتتى. ئوسمان بولسا، يازلىق تەقسىماتتىن كېيىنلا يېڭى كوركەم ئىمارەت سېلىش، شىپائلىق باغ بىنا قىلىش كويىدا ئاللىقانداق پىلانلارنى تۈزۈپ يۈردى......

دەل شۇ چاغدا، بۇغدايلار ئېغىزغا تېگەي دەپ تۇرغان بىر پەيتتە، تەكلىماكان چولىدىن دەھشەتلىك قۇم بورىنى كوتىرىلىپ، ئاسمان ـ زىمىن قۇم كەلكۈنى بىلەن قاپلىنىپ كەتتى. ئۇستىمىزدىن خۇددى چىلەكتىن قۇيۇلغاندەك قۇم قۇيۇلۇشقا باشلىدى. قۇرغاق قۇم بورىنى كوزنى ئاچقۇز-مايتتى. ھېچكىم ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرالمىدى. بىز بۇ ئەھۋالدا زىرائەتلەرنىڭلا ئەمەس، ئەزالارنىڭ ھال ـ ئەھۋا-لىدىنمۇ خەۋەر ئالالمىدۇق. شۇڭا كەچقۇرۇن ئەھۋالنى

سۆزلەيتتى، كۆپرەك ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ بىغۇبار بىر جۈپ
كۆزىدە سەمىمىلىك، مېھرىۋانلىق چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
تەمكىن ئولتۇرۇپ ئېيتقان بىرمۇنچە ھېكايە سەرگۈزەشتى-
لىرىنى ئاڭلىدۇق. تەسىراتىمىز قاچىسى يېڭى شەرۋەت
بىلەن ئۈزلۈكسىز تولۇپ تۇرغاندەك بولىدى. زەينەپخان
شۇجىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

## 2

سىلەر ئۆزەم توغرىلىق ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىدىڭلار،
ئۆزەم توغرىلىق ئېيتقۇدەك ھېچنىمە يوق. بار-يوقى يولدىشىم
بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە ماجرا.

بۇ ئىش خەلق گۈڭشېسى يېڭى قۇرۇلغان يىلى
بولغان. شۇ يىلى بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز ئۆڭۈشلۈك بولدى.
بورانمۇ، قۇم ئاپىتىمۇ دىگۈدەك بولمىدى. زىرائەتلىرىمىز
ئوخشاپ، قازىنىمىزمۇ، چومۇچىمىزمۇ ياغ بولۇپ كەتتى.
كۆپتىن بېرى قىز چىقىرىش، ئوغۇل ئۆيلەشنى ئويلاپ
يۈرگەنلەر بەس-بەس بىلەن توي-تۆكۈن قىلىشتى.
ھېچقاچان بولمىغان مەشرەپ-تاماشا شۇ يىلى تازا قىزىپ
كەتتى. خەلق گۈڭشېسىغا ئىككى خىيالدا بولۇپ يۈرگەن
بەزى ھاللىق ئوتتۇرا دىخانلارمۇ "خەلق گۈڭشېسى ياخ-
شى ئىكەن، دارامىتى ئوبدان ئىكەن" دېيىشىپ، دادۇي
ئىشخانىسىنىڭ ئەتراپىنى چىقراپ نېرى كېتەلمەيدىغان
بولۇپ قالدى. مېنىڭ يولدىشىم ئوسمان كۆزلۈك تەقسى-

رەت، يۈز مولاپ، مىڭ مولاپ ئالتۇندىك تىرىلغۇ يەر قۇمغا يەم بولۇپ كەتتى. نەچچەن كىشىلەرنى يالماپ يۇ-تۇۋەتتى، خەقلەرنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆيلەرنى خارا-بىلىققا ئايلاندۇردى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قەدىمىي ماكاندىن زادىلا رىشتىمىز ئۈزۈلمىدى. بۇ، ئۆتمۈشتىكى ئىش. بۈگۈنكى كۈندە كومپارتىيە بار، كومپارتىيە چىراق قىلىپ ياندۇرغان سىلەر بار......

"توغرا، بىزدە پارتىيە تەشكىلاتى بار، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان، قوللاپ مەدەت بېرىدىغان شۇنچە كوپ قېرىنداشلار بار، كوللېكتىپ ئىگىلىك بار، ئەلۋەتتە بىز بۇ قېيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز، ئەزالارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىشىمىز كېرەك" — بىز ھەممىمىز مۇشۇ خىيالغا كەلدۇق. زىرائەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش، ئەزالار تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش — مۇزاكىرىنىڭ مەركىزى بولدى.

يىغىن تۈن تەڭ بولغىچە داۋام قىلدى. ئۆزئارا ۋەزىپە تەقسىم قىلىشىۋېلىپ، يىغىننى ياپتۇق.

شۇ كېچە مېنىڭ زادى ئۇيقۇم كەلمىدى، بىسارا بولدۇم. بىر چاغدا قارىسام يولدىشىم ئوسمانىمۇ بىدار بولۇپ تولغىنىپ ياتالمايۋېتىپتۇ، "مۇنداق ئېغىر ۋە ئور... سىز زىيان-زەخمەتكە ئۇنىڭمۇ يۈرىكى ئېچىشقاندۇ" د... ئۆي كوڭلۇمگە كەچتى.

بوران ئەتىسى يېرىم كېچە بىلەن توختىدى. ئەمدىلا يورۇغاندا ھېچنىمىگە قارىماي ئېتىزلىققا يۈگ

مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەجلىسىنى ئاچتۇق.

ئۇ كەمدە دادۇيىمىز بويىچە بەشلا پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، ھەممىمىز يەر ئىسلاھات ۋاقتىدىكى ياللانما دىخان، كەمبەغەل دىخانلار ئىدۇق. مەجلىس ئورنىمىز ماخوچى مەھەممەت ئاكىنىڭ ئۆيى بولدى. مەھەممەت ئاكا پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ، خەلق گۇڭشېسىغا ئاجايىپ چوڭ ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان ئادەم ئىدى. بىز ئۇنىڭ بۇ يىغىنغا سىرت-تىن قاتنىشىشىنى تەكلىپ قىلدۇق.

— نىمىشقا قاتناشماي، ئەلۋەتتە قاتنىشىمەن، — دىدى ئۇ ئاپپاق ئاقارغان ساقاللىرىنى سىلاپ، نىمىنىدۇر ئويلانغان ھالدا ياچېيكا ھەيئەتلىرىگە بىرمۇ بىر قاراپ، — ئەتىگەندىن بېرى مۇدۇرۇپ - دۇقۇرۇپ يۈرۈپ بەزىبىر ئەزالارنىڭ ئۆي، ئائىلىلىرىگە كىرىپ، ھالى نىچۈك — بىلىپ باقتىم. ھەم-مە كىشىنىڭ كۆزى سىلەردە. پارتىيە ياچېيكىسىدا، سىلەر چوقۇم بىرنىمە دەپ كۆپچىلىككە يول كۆرسىتىشىڭلار لازىم، — مەھەممەت ئاكا شۇنىڭدىن كېيىن خېلىغىچە گەپ قىلمىدى، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئويلىنىپ قالدى، — يىغىن ئېچىپ، باش قوشقىنىڭلار بەلەن بولدى. سىلەرنىڭ بىلىدىغىنىڭلار تېخى ئاز، بالىلىرىم. ئەتراپىمىزدىكى قۇملۇق — چوڭ ئاپەت. ئادىمىساق ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ قۇم كەلكۈنى يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك بىزنىڭ تىرىكچىلىگىمىز، ئىش-ئوقىتىمىزگە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھۇجۇم قىلىپ، بىز چېكىندۇرۇپ ھېرىشىمدۇق. قانچە - قانچە ئۆي - ئىما-

دىدى ئۇ غەزەپلىنىپ، — بۇ گېپىڭ غىچلا تاپا-تەنىغۇ. يا
بۇراننى زەينەپخان شۇجى چىقىرىپتىمۇ؟ كېچەدىن بېرى
سوۋگىچىگىنى قاشلاپ ياتقانسەن ھەقچان. لېكىن، شۇنى
بىلىپ قوي، بۇ بالىلارنىڭ بىزنى دەپ تارتقان ئەلىمى
ئاز ئەمەس......

— مېنىڭ گېپىمدە تاپا-تەنە نېمە قىلسۇن. بولغان
زىيانغا ئىچىم ئاغرىيدۇ-دە، — دىدى مەتسىيىت ئۇزىنى
سەل تۇزىگەن بولۇپ، — سىلىنىڭ بۇ يىل يەيدىغان نان-
لىرى پۈتۈن بولسىلا، مېنىڭ كارىم چاغلىق......

بۇ گەپتىن كېيىن ئەزالارنىڭ ئىچىدە غۇل-غۇلا
كوتىرىلىپ كەتتى. بەزىلەر:

— بۇ يىل پۈتۈن نان نىمىش قىلسۇن. دىخانچى-
لىقنىڭ بولغان يېرى شۇ، گۈگۈشىمۇ چاغلىقكەن، — دەپ
ئۈمىتسىزلەنسە، بەزىلەر:

— مەتسىيىتنىڭ گېپى توغرا ئەمەس. ئۇ ھىلىگەر
تۈلكە ئاش-ناندىن ئاتچىلا غەم قىلمايدۇ، — دەپ
غەزەپلىنەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئاۋۇت تۆك قاغا ناماز خۇپ-
تەندىن يانغان بەزى كىشىلەرگە: "بۇ قېتىمقى بوران
خۇدانىڭ قەھرى-غەزەپكە كەلگەنلىگىنىڭ بەلگىسى، دادۇي-
نىڭ قوي-كالىلىرىنى سويۇپ زاراخەتمە قىلماي بولمايدۇ"
دىگەن ئىغۋانى تارقىتىپتۇ. مەتسىيىتمۇ "ئەزەلدىن شۇنداق،
زاراخەتمە قىلىنمىسا، قۇم باسقان يەردىن تاش چىقسا
چىقىدۇكى، ئاش چىقمايدۇ" دەپ چۇقان كوتىرىپتۇ. بۇنى

ئېرىق - ئوستەڭلەرنىڭ ھەممىسى تىنىپ كېتىپتۇ. زەپ-زىرائەتلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپتۇ. بىر پەستىن كېيىن ئەزالارمۇ ئېتىزلىقتا كېلىپ يىغىلىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايى تاتارغان، بېشى چۈشۈپ كوڭلىنى مۇڭ باسقان ئىدى. يۇرد-گىم ئىچ-ئىچىدىن كويۇپ سىرىلدى. ئەزالار نىمە قىلىشىنى بىلمەي تىڭىرقاپ قېلىشقان ئىدى. بىرلىرى: "ھو...... سېنى!......" دەپ بوراننى ئاغزىغا كەلگەن تىل بىلەن تىللىسا، بىرلىرى خۇداغا نالە قىلىپ ئېغىر ئۇھ تارتاتتى. شۇ ئارىدا ئىككى يىل ئىلگىرى قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان باي دىخان ئاۋۇت توڭ قاغا ساقىلىغا تۇكۇرۇپ:

— ھىم...... خۇدانىڭ قىسمىتى كوپكەن-دە، تۇۋا! ھىچقاچان چىقىمىغان بوران گۇڭشىلاشقاندا چىقىقىنىنى قارىمامدىغان؟ ھىم...... — دەپلا مەھەللە تەرەپكە ئوتۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاۋۇت توڭ قاغىنىڭ تۇقىنى مەتسىيت ماڭا قاراپ:

— زەينەپخان ئۇكا، كورمەمسىز بۇ ئالامەتنى، ئوتكەن يىلقى مول ھوسۇل، خۇدا خالىسا، بۇ يىل ئاغزىمىزدىن بولاق، بۇرنىمىزدىن يوملاق بولۇپ چىقىدىغان بولدى-دە، — دىدى.

بۇ ئىككىسىنىڭ گەپلىرىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ زەھەر ئىدى. مەن بىر نەرسە دىگۇچە، مەھەممەت ئاكا قاپىقىنى تۇردى-دە، غەزىۋى قايناپ كەتتى:

—ھەي، مەتسىيت ئاغزىڭنى چايقىۋىراق گەپ قىل،—

قىرىق يېرىپ ھساپ ـ چوت قىلاتتى. مەن "ئۇنىڭ ھازىر بىزنىڭ ئۆيگە كىرىشىدىمۇ، بەلكى بىرەر گەپ باردۇ، ئۇ كۆڭلىگە يەنە نىمىلەرنى پۈكۈپ يۈرىدىكىن" دىگەن خىيال بىلەن ئۆيگە كىردىم.

ئوسمان جوزا ئۈستىگە جىن چىراقنى يېقىپ قويۇپ، غەم تارتماي پۇل ساناپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ، مېنى كورۇپ، نىمە ئۈچۈندۇ سەل قورۇنغاندەك بولدى.

— مەتسىيىت نىمىگە كەپتۇ؟ — دىدىم مەن.

— كەلگىسى كېلىپ كەپتۇ ـ دە. ماڭا ئاز ـ تولا تۇققان ئەمەسمۇ، شۇڭا، مۇنداقلا بىر كىرىپ ئوتۇپتۇ...... ئىشقىلىپ ئۇ......، — دىدى ئۇ ساناۋاتقان پۇلنى بىر چەتكە قويۇپ، ئاندىن ھەپىلىسى قاچقان ھالدا ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئېيتتى، — بۇگۇن يارامىلىق ياش يىگىتلەردىن توت ـ بەشى شەھەرگە كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى: "بۇ يىل دىخانچىلىقتىن ئۈمىت يوق، قىشىچە يەيەلىغانغا بىرەر نەرسە غەملەپ كېلىڭلار، ئىش ـ پىش تېپىپ ئورۇنلىشىڭلار" دەپتۇ......

— كىملەر ئىكەن ئۇلار؟ — دىسەم، ئوسمان:

— ئوزەڭ بىلىسەنغۇ، شۇ ئەزالار ـ دە، ئىشقىلىپ سۇلايمان، قاۋۇل، ياسىن ئاكىلارنىڭ باللىرى ـ دە، دىدى.

— ئۇلارغا مەتسىيىتنىڭ ئىككى ئوغلى، ئاۋۇت قاغىنىڭ كۈيئوغلىنى قوشساق، ھەممىسى باي دىخان، ھا ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ باللىرى دىگەن سوز، شۇنداقمۇ دەپ سورىدىم.

ئاڭلىغان جامائەت:

— بىرىنى ئوغرى ئالدى، يوقىنى رەمبال دىگەندەك، زاراخەتمە قىلىش بىلەن قالغان مۇلۇكنى توزۇتىدىكەنمىز ـ دە، — دەپ قوشۇلماپتۇ......

. . . . .

3

...... شۇ كۇنلەردە ئوسمان ئوزگىرىپ قالدى. ئۇ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش دۇينىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئوزىنى تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەزىدە يېڭى ئىمارەت سالىمەن دەپ يۇرگەن يەرنىڭ ئۇستىدە قادىلىپ تۇرغانلىغىنى، بەزىدە ۋەلسىپىتنى تازىلىۋېتىپ خىيالغا پاتقىنىنى كورەتتىم. بىر كۇنى كەچقۇرۇن ئىشتىن يېنىپ ئىشىك ئالدىغا كەلسەم، مەتسىيىت ئالدىراپ ـ تېنەپ ئويدىن چىقىۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كورۇپ:

— ھە، ھە، زەينەپخان ئۇكام، جاپاكەش ئايالسىز ـ دە، بىز ئۇچۇن كوپ باش قاتۇرىسىز، ئوسمان ئاخۇن ماڭا جەمەت تۇققان. ئاتا ئۇرۇغىمىز بىردە، ئۇ بىزنىڭ دۇيجاڭ ئەمەسمۇ، كادىر ئادەم. بىز بولساق قارا تۇرۇك، كالتا پەم ـ دە، ھىم...... — دىدى ـ دە، كەتتى.

باش ـ ئۇچى يوق بۇ گەپلەر مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. مېنىڭ نەزىرىمدە مەتسىيىت ئانچىلا "كالتا پەم" ئادەم ئەمەس. كىشىلەر ئۇنى "تۇلكە" دىيىشەتتى. دىخاز-چىلىقنىمۇ، كالتا بازارچىلىقنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. قىلنى

يەردە بولغاندىكىن، مەن ئائىلىنىڭ غېمىنى قىلمىسام بولامدۇ؟ — دېدى.

— ئاز - تولا تىجارەت قىلاي دەپسەن - دە، ھەقچان بۇ يولنى مەتسىيىت كورسەتكەندۇ؟ — دېدىم مەن.

ئوسمان ئۇنچۇقمىدى. لېكىن ئۇنىڭ خاھىشى ئاللە-قاچان ئېنىقلىنىپ قالغان ئىدى.

— ياق، بۇ يول بولمايدۇ، قوم كەلكۈنى دۇشمەن، ئاپەت ئالدىدا تىز پۈكۈپ قېچىش — نۇمۇس! — دېدىم مەن. ئۇ گەپ قىلمىدى. ئاندىن ئوزەمنى بېسىۋېلىپ، — بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئالدىمىدىكى ئېغىر سىناق. ھەممە كىشىنى ئوز كۈنۈكىنى ئوزەڭ ئال، خالىغان ئىش - ئوقە-تىڭنى قىل دەپ تارقىتىۋەتسەك، گوڭشىمىز نىمە بوامدۇ، سوتسىيالىزىمنى نەگە قويۇمىز؟ سەن مۇئاۋىن دۇيجاڭ، كادىرغۇ؟ ئوزەڭ ئويلاپ باق، سەن مۇشۇنداق گەپنى قىلساڭ، باشقىلار نىمە دەيدۇ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئەلى-مەلگە يۈز كېلەلەيسەن؟ — دېسەم، ئۇ بىردىنلا چاپىنىنى تەتۈر كىيدى:

— مۇئاۋىن دۇيجاڭ بولمىسام نىمە بوپتۇ، كادىر بولمىغان كىشى ئولەمدۇ؟ — دەپ بارغانچە كوكىرىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزغا سوغاقچىلىق چۈشتى. تۈن تەڭ بولغىچە سىلىق قىلىپمۇ، زەردە قىلىپمۇ ئېيتىپ كوردۇم، ئوتمۈشنى ئەسلەتتىم. ئەمما ئۇ جاھىل تېخىمۇ تەرسالىشىپ، دىگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

بۇ گەپتىن كېيىن ئوسماننىڭ بىر ئاز ئاچچىغى كەلگەندەك بولدى:

— ئۇلارغىمۇ جان لازىمدۇ، سەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن بىر يىللىق تەمىناتىغا ھۆددە قىلىپ، تىلىڭدىن خەت بېرەلەمسەن؟ — دىدى.

ئوسماننىڭ شۇ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پېشانەمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. خىيالىمغا ئالىلا نىمىلەر كەچتى: ئوسماندا ئەزەلدىن ئازدۇر-كوپتۇر ئوز كومچىگە چوغ تارتىدىغان شەخسىيەتچىلىك باز ئىدى. ئۇنىڭغا قارشى بىرەر نەرسە دىيىلىدىغان بولسا، سەپرايى ئورلەپ تېخىمۇ بەغەرەزلىشىپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كەسكىن، توغرا كېسەر بىر مىجەزىمۇ بار. بۇ مىجەزى ئالى كوپېراتىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان پومىششىك مەتنىيازنىڭ ھىلىمىكىر، شۇملۇقلىرىنى خەلقى-ئالەم ئالدىدا پاش قىلىۋېتىشتە كارغا ياراپ قالغان ئىدى. مەن شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مىنىڭ خىيالغا چوككىنىمنى باشقىچە چۈشەندى بولغاي، يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ماڭا قولاق سېلىڭلار زەيىنەپخان، — دىدى ئۇ، ئوزىچە جۇرئەتلىنىپ، — قوم كەلكۈنى بېشىمىزغا بالا بولدى. ئەمدى ھىچنىمىدىن ئۇممت كۇتۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەزالار چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەركىم ئوز قايغۇسى بىلەن. بىز بۇنى نىمىشقا ئويلىمايمىز؟

— سەنمۇ كەتمەكچىمۇ؟ — دىدىم مەن. ئۇ:

— ياق، مەن كەتمەكچى ئەمەس. لېكىن سەن بۇ

غەۋغا كوتىرىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن مېنى تالاشقا باشلىدى.

— نىمە لازىملىغىنىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ......

— ئات - ئۇلاقلىرىمىزنى قايتۇرۇۋالىمىز......

— گوڭشېغا كىرىش ئىختىيارى ئىش......

— ئامباردىكى ئاشلىق ئوزىمىزنىڭ......

ئېيتىلىۋاتقان گەپ - سوزنىڭ چېكى يوق ئىدى. شۇ ئارىدا مەتسىيىت ئوزىنى ئەقىلىلىق ھىساپلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

— زەينەپخان سىڭلىم، سىز نىمىشقا بىخىللىق قىلىسىز، بۇ يىلقى دىخانچىلىق ئولدى. يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاننىڭ ھىچبىر پايدىسى يوق، — دىدى ئۇ، تۇلكىلىك بىلەن، — پايدىسى بولغاندىمۇ قۇم چىچەكلىگەن، تۆگە ياڭاقلىغاندا بولار......

— ئاغزىڭغا تاش! — دىدى ئىتتىپاق شۇجىسى قاسىم پىغانى ئورلەپ، — پارتىيە تەشكىلاتى، خەلق گوڭشېسى بار ئىكەن، دىخانچىلىق ئولمەيدۇ. دادۇينى تارقىتىۋېتىش — ئۇخلىماي كورگەن چۇشۇڭ. سەنلەر بۇ قىلمىشىڭ ئۇچۇن تېخى پۇشايماننى ئالمىغان قاچا تاپالماي قېلىشىسەن!......

مەتسىيىتنىڭ جان - پېنى چىقىپ، قاسىمغا گولەيدى:

—نىمە؟ بۇنى تەلەپ قىلىۋاتقان يالغۇز مەنلىمۇ؟ جامائەت نىمىشقا گەپ قىلمايسىلەر! ئاچىتىن ئولسەڭلەر ئۇزەڭلەرگە! —دىدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن.

ئوسماننىڭ بۇ قىلىغى ماڭا قوم ئاپتى ئېلىپ كەلگەن زىياندىنمۇ بەكرەك ئەلەم قىلدى.
ئەتىسى ئەتىگەندە 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزالىرى بىلەن قانداق قىلىپ قوم ئاپىتىنى يېڭىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە سوھبەتلىشىۋاتسام، يىغىن ئورنىغا ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاسىم ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى، ھولۇققانلىقتىن بەستى تىترەيتتى، ئۇ:
— زەينەپخان ئاچا، بۇ نىمە رەسۋاچىلىق! بىرمۇنچە كىشىلەر دادۈينىڭ مال - مۈلكىنى زورلۇق بىلەن بۇلاپ - تالىماقچى بولۇۋاتىدۇ، نىمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرىسىز؟ — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
غەزىۋىمدىن قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى. "مانا ئوسمان ماڭماقچى بولغان يولنىڭ ئاقىۋىتى" دېدىم ئىچىمدە.
ئەزالار بىلەن بىللە ئۇچقاندەك مېڭىپ، دادۈي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردۇق. بۇ چاغدا مەتسىيىت باشلىق بەزى ھاللىق دېخانلار، ئىلگىرىكى تۇت تولۇق قاتىنىڭ بەزى يانتاياق جەمەتلىرى ھەم ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن بەزى كىشىلەر دادۈيجاڭ باراتنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان ئىكەن. بەزىلىرى كوپىراتسىيىگە پاي قىلىپ قوشقان ئات - ئۇلاغلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مەھەممەت ئاكىنىڭ ئالدىنى توساپ زورلۇق قىلىۋېتىپتۇ.
— توختاڭلار، سىلەرگە نىمە كېرەك؟ — دېدىم مەن

تاپقان، ئاشلىق جازانىخورلىغى قىلىپ بىيىپ، قوم كەلكۈنە-
نىڭ زىيىنىنى بىرنى ئىككى قىلىپ توۋلدۇرۇۋالغان، قەرزگە
بوغۇلمىغان ئادەم قالمىغان. كەمبەغەل - ئورۇقاتلارنىڭ كور-
مىگەن كۈنى، تارتمىغان ئەلىمى قالمىغان......يەككە بو-
لۇپ، ھەركىم ئوز بېشىغا ئىش تۇتۇپ، بۇ ئاپەتنىڭ بې-
شىغا چىقالايمىزمۇ؟! نىمىشقا ئوتمۇشنى ئۇنتۇپ قالىمىز
تۇققانلار......

بۇ لەنەتلىك ئوتمۇشنىڭ ئىز تامغىسى كوپچىلىك
كىشىلەرنىڭ يۇرىگىدىن ئوچۇشى مومكىنمىدى؟! ئەزالار
مەھەممەت ئاكىنىڭ سوزىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا بىردىن
غەزەپلىنىپ كېتىشتى. ئۇچمۇ - ئۇچتىن: "بىز يەنە نىمىگە
قاراپ تۇرىمىز؟"، "بىزنى بۇ يەرگە كىم باشلاپ كەلدى؟
ئاشۇ مەتسىيىت تۇلكىمۇ؟......" دەپ ۋاقىراشتى.

شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر بىر ھازا مۇنازىرىلەشكەنە-
دىن كېيىن تارقىلىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى
يولداش سايىم يېتىپ كەلدى. ئۇ، دادۇي پارتىيە ياچېي-
كىسىنىڭ قارارى ھەم ئومۇمى ئەھۋالىنى ئىگەللىگەندىن
كېيىن:

— بۇ قېتىمقى ئاپەت بىز ئۇچۇن جىددى بىر سىن-
ناق. ئەھۋال ئېغىر، زىيان كوپ بولسىمۇ، لېكىن بىزدە
بۇنى چوقۇم يېڭىدىغان ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. ناھىيىلىك
پارتىيە كومىتېتى بۇ ئاپەتكە جىددى كوڭۇل بولمەكتە،
تەمىنات ئاشلىغى باشقا گۇڭشېلاردىن تەڭشەپ يوتكەپ

— ھۆي مەتسىيىت، سەن بۇ "ئاچتىن ئۆلسەڭ" دە-
گەن گەپنى چوڭ داداڭنىڭ قەۋرىسىگە ئاپىرىپ ئېيتقىن.
ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ يەردە ئاچتىن ئۆلگەن كىم بار!؟ —
دىدى بىرەيلەن غەزىۋىگە چىدىماي.

— ئاچتىن ئۆلىدىغان يەرگە كەلسەك،— دىدى كىمدۇر
بىرەيلەن مەسخىرە قىلىپ،— سىنىڭ ئوراڭدىكى ئاشلىقنى
جازانىغا ئېلىشقا بارارمىز.

—قېرىنداشلار، تۇققانلار،— دىدى دۇيجاڭ بارات،—
بىز ھەممىمىز مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە ئۆسكەنمىز،
بىز دادۇينىڭ مۈلكىنى بولۇشۇۋالغاندىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇ
يەردە تۇرىمىزمۇ،— قانداق؟

— ئۆز ئالدىمىزغا دىخانچىلىق قىلىمىز، تۇرماي نەگە
كېتەتتىكەنمىز،— دىدى مەتسىيىت توڭلۇق بىلەن.

شۇ چاغدا، مەھەممەت ئاكا يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى:

— بىز مەتسىيىتنىڭ مۇنداق ئالجوقا گېپىگە قوشۇ-
لالمايمىز،— دىدى ئۇ غەزەپلىنىپ،—ئۆز ئالدىغا تىرىكچى-
لىك قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇتمۇشتە كورگەنمىز! ئۇ چاغدا،
بورانىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يەككە-يىگانە ھال-ئوقەت،
تىرىكچىلىگىمىز يوپۇرماقچىلىك دالىدا بولالمىدى. پەقەت
باي غوجاملار، پومىششىك مەتنىياز، باي دىخان ئاۋۇت توڭ
قاغىدەك كات-باداڭلىرىدا ئاشلىقى، ساندۇق-تام قاتلىرى-
دا ئالتۇن-كۈمۈشلىرى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان يۇرت كات-
تىلىرىلا تەلپىگىنى قىرلاپ غەمسىز ياشىغان، كەمبەغەللەر-
نىڭ يەر-زېمىنلىرىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا پۇرسەت

باشلىدى. بۇ گەپنىڭ تاراتقۇچىسى يەنە مەتسىيت ئىدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قولى ئۇزۇك كىشىلەرگە ئوسۇمگە پۇل تارقىتىپتۇ. بوينى جازانە سىرتمىغىغا چېكىلگەن كىشىلەر ئۇن نەچچىگە يېتىپتۇ. بۇ ۋەقە ھەممىمىزنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. دىۋىقىنى مەتسىيتنى دادۇي ئىشخانىسىغا چاقىرتتۇق. ئەزالار مۇ يىغىلدى.

— ئوسۇمگە پۇل تارقىتىش قانۇنغا خىلاپ، — دېدىم مەن، — بۇ يېڭى جەمىيەت. بۇنىڭ ھەددىدىن دادۇيمۇ چىقالايدۇ. سەن قانچە كىشىگە جازانە پۇلى تارقاتتىڭ؟ — دەپ سورىسام، يېقىن كېلەر ئەمەس.

— قانداق جازانە؟ جازانە نىمە قىلسۇن، مەن ئوسۇمگە دەپ ھېچكىمگە پۇل بەرگىنىم يوق، — دېدى ئۇ، — بىز مۇسۇلمان ئادەم. ئۆزئارا ئوتنە - لاپقۇت قىلىشمساق بولامدۇ؟ ئۆزلىرى سورىغاندىكىن، بەرمەسكە نىمە ئامال؟......

— يالغان! — دېيىشتى ئەزالار غەزەپلىنىپ، — سەن قايسى كۈنى كەچقۇرۇن ئويمۇ - ئوي يۈرۈپ "مىدىرىغىدەك جان تۇرۇپ ئاچلىقتىن قىينىلىش گۇنا، تىلەپ يىگەن ساۋاپ. شۇنداق ئىكەن، قەرز ئېلىپ دەردىگە دەرمان قىلغاننى تىلەمچىلىك دىگىلى بولامدىكەن، مەندىن پۇل ئېلىڭلار، تاپقاندا بېرىسىلەن، ناھايىتى ئاز - پاز ھەققى بىلەن" دىدىڭغۇ! بۇمۇ ياردەممۇ؟

— ئىككى ئوغلۇڭنى دۆلەتنىڭ ئەمگىكىدىن قاچۇرۇپ، شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلدۇرۇۋاتىسەن، بۇچۇ؟

بېرىلىدىغان بولادى. ھازىر زىيانىنىڭ ئۆزىنى ھساپ - چوت قىلىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. مۇھىمى، شۇ تاپتا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ يىلنىڭ ئۆزىدە زىيانىنىڭ ئورنىنى قان- چىلىك تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولسا، شۇنچىلىك تولدۇرۇۋې- لىشىمىز كېرەك، — دېدى. ئاندىن ئۇ كوپچىلىكنى سەپەرۋەر قىلىپ، "زادى قۇم ئاپىتىنى يەڭگىلى بولامدۇ - يوق؟" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەزالارنى مۇنازىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

## 4

دادۆي بويىچە "قۇم ئاپىتىنى زادى يەڭگىلى بولام- دۇ - يوق؟" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭ مۇنازىرە كو- تىرىلىپ، ئاۋۇت توڭ قاغا بىلەن مەتسىيتنىڭ قۇترىتىش ھەركەتلىرى پاش قىلىندى. تەھلىل - تەنقىت يۈرگۈزۈلدى. ئەزالار ئوتتۇرىسىدا قۇم ئاپىتىگە قارشى كۈرەشنىڭ ئىس- تىقبالىغا ئىشەنچ پەيدا بولۇشقا باشلىدى......ھەممەيلەن يەكدىل بولۇپ قۇم كەلكۈنىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇستەڭ قېزىلىپ، سۇمۇ يېتىپ كەلدى. ئەزالار يەنە خۇ- شاللىققا چۆمدى. كۈرەش تازا قىزىۋاتقان كۈنلەردە بەزى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدە ئاشلىق ئوكسۇپ قالدى. مۇشۇ چاغدا يەنە بەزىلەردىن "زادى بۇ قۇمدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ- يوق؟"، "دەپتىرىمىزگە يېزىلغان كۆكپۆكىغا زادى بىر نەرسە كېلەمدۇ - قالىداق؟" دېگەندەك گەپ - سوزلەر چىقىشقا

كىرىپ كەتكەن ئىكەن. ”ئەمدى ئۇ ئۆز خىيالىدىن ۋاز كەچكەندۇ، مۇنداق پەسكەشلىكنى قىلماس“ دەپ ئويلىغان ئىدىم. دىمەك، بۇ يەردە بىر گەپ بار ئىكەن - دە!

— ئوسمان ئاخۇن شەھەردىن ھىلىقىلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ چىقماقچى. سەن ئۇنىڭ سودىگەرچىلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ — دىيىشتى ئەزالار.

— مەندىن ئەللىك تەڭگە پۇل قەرز ئالدى - دە، ئاندىن بىر تاغار گۆلە - قاقمۇ جايلىدى، شەھەردىن گۈرۈچ، قەنت - ناۋات ئېلىپ چىقماقچى - دە، ھىم......

ئۇ، شۇ گەپنى دەپ، بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، ئەزالارغا كىدىيىپ قاراپ قويدى.

دىمەك، ئىش پىلانلىق ئىكەن: مەتسىيىت بىر تەرەپتىن، ئوسماننى ئازدۇرۇپ كاردىن چىقارماقچى. يەنە بىر تەرەپتىن، مىنىڭ تىلىمنى قىسىپ قويماقچى.

— بۇنىڭ ھەممىسى سىنىڭ ئويۇنۇڭ، — دىدىم مەن، — ئوسمان شۇ يولغا ماڭغان بولسا، بىز چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىۋالىمىز. ئەمما سەن ھازىرنىڭ ئوزىدە قاراڭغۇ بازار قىلىشنى توختىتىپ، ئوسۇمگە تارقاتقان پۇلنى دەرھال بىكار قىلىشىڭ كىرەك!

مەتسىيىت كوپچىلىكنىڭ غەزىۋى ئالدىدا جىم بولۇپ قالدى.

شۇ كۇنى كەچكىچە ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك خارامۇش بولۇپ يۇردۇم. مەتسىيىتكە ئالدانغان كىشىلەر ئۇنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ، دادۇيدىن ئوزىگە لازىملىق پۇلنى قەرز

— سەن تۇلكە تېخى تىك ـ تىڭلاپ يۈرۈپ، قوناقنى بۇغدايغا، بۇغداينى گۈرۈچكە ئايلاندۇرۇپ تېرلەش شەرتى بىلەن ئاشلىق تارقاتتىڭ. بۇ جازانە ئەمەسمىكەن؟......

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، مەتسىيىت پات ـ پات يەر ئاستىدىن ماڭا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ ھىلىگەر، مۇغەمبەر كوزىدە نىمىدۇر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. مەن بۇ ئادەمنىڭ كورسىتىدىغان بىرەر كاراامتى بارغۇ ھەقىچان، دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ:

— زەينەپخان شۇجى، ماڭا نىمىشقا مۇنچىلىك يېپشۇالىسىز؟ — دىدى ئاۋازىنى غەلىتە چىقىرىپ، — مەن قىلغان ئىشنى باشقىلارمۇ قىلىۋاتىدىغۇ، نىمىشقا ئېرىسىڭىزغا گەپ قىلمايسىز؟

— نىمە؟! — دىدىم مەن زەردەم ئورلەپ.

مەتسىيىت غەم تارتماي:

— چېچىلماڭ، يالغان بولسا ئوسمان ئاخۇن شەھەردىن قايتىپ كەلگەندە كورەرسىز. ئۇمۇ ھەرھالدا قۇرۇق كەلمەس، — دىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مىڭەمدىن كىرگەن بىر ئوت تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى. ئوسمان بولۇپ ئوتكەن تەھلىل ـ تەنقىت ھەركىتىدىن كېيىن ساۋاق ئالغاندەك، ئوزىنى تۈزۈۋالغاندەك بولۇۋىدى، ئىشنىمۇ قولغا ئالغان ئىدى. ئالدىنقى كۈنى مەن گۇڭشې پارتكومىغا يىغىنغا كەتكەندە، ئۇ، دادۇيجاڭدىن رۇخسەت ئېلىپ، شەھەرگە كىرىۋالغان ئەزالارنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ چىقىمەن، دەپ بازارغا

بىزنىڭ ئىرادىمىزنى بوي سۇندۇرالمايدۇ». بۇ كەڭ ئەزالار-نىڭ قەسىمى. «پارتىيە تەشكىلاتى چوقۇم ئاممىغا باشلام-چىلىق قىلىشى لازىم». بۇ، بىزنىڭ قەسىمىمىز. ئوسماننىڭ يېزىنى تاشلاپ، شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالماقچى بولغانلىقى— يول قويغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى.

مەن شۇ كېچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، نان-چاي ئېپكېلىپ قويۇپ، كاللىسىغا كىرىۋالغان خاتا پىكىرنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەۋسىيە قىلىپ ئۇزاق سوز-لىدىم. زېرىكمەي-تېرىكمەي چۈشەندۈردۈم.

— بىز مەشەدە تۇغۇلدۇق، مەشەدە ئۆستۇق. ئەت-راپىمىز قۇملۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ ھەر بىر گۈل-گىياسى بىزگە شۇنچە تونۇش، شۇنچە يېقىملىق. كۆللىكتىپ ئىگىلىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، چوقۇم يېقىن كەلگۈسىدە بۇ يەرنىمۇ گۈل-گۈلىستانلىق قىلىپ، شەھەرگە بەرگۈسىز قىلىپ ئۆزگەرتىمىز. سەن يېزىنى تاشلاپ، شەھەرگە قېچىپ كىرىۋېلىش خىيالىڭدىن يان. قاقتى-سوقتى قىلىپ ھاياند-كەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىش — سەن بىلەن ماڭا نو-مۇس......، — دېدىم.

ئوسمان ئېغىر ۋۇشۇلدىدى ۋە:

— سەن مەن بىلەن شەھەرگە كىرمەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئەمەس، سەنمۇ كىرمەيسەن. بىز بىرلىكتە قۇم ئاپىتىنى يېڭىپ، بۇ يەرنى گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك......

— مەن ئەر، سەن خوتۇن، ئەر نەدە بولسا، خوتۇن شۇ

ئالدى. لېكىن، مېنىڭ كۆڭلۈم يەنە تۇمانلىق. ئوسمان تېخىچە يوق. بىر ھەپتە ئۆتكەندە دەل يېرىم كېچە بىلەن ئوسمان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇق، ئۆزى سالتاڭ ئىدى.

— ئادەملەر قېنى؟ — دېدىم مەن.

— ئۇچەيلەن قايتىپ چىقتى. مەتسىيتنىڭ ئوغلى بىلەن ئاۋۇت تېك قاغىنىڭ كويۇغلىنى تاپالمىدىم......

— سەن ھەقىچان ئانچە - مۇنچە ئىش - ئوقەتمۇ قىلىپ چىققانسەن، سودىگەرچىلىك قىلىشتىن خېلى نەپ تەككەندۇ؟

— ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ، — دېدى ئوسمان، — ھەي، بۇ يەردە نىمە ئۇمىت قالدى، قۇم ئاپىتىدىن قۇتۇلۇش ئاسان ئەمەس، بۇ يىلدىن تېخىمۇ ئۇمىت يوق. مەن شەھەردە خېلى ئىشەنچلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كادىرلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، گۈلە - قاق، ياڭاق، بىر كوزا - يېرىم كوزا ياغ، بەش ئون چارەك گۈرۈچنى كۆرسە، سېنى دوست تۇتمايدىغان كىم بار دەيسەن؟ قوي، بۇ دوزاق قۇمىلۇقنى، بىر ئامال قىلىپ شەھەرگە كىرىۋالايلى...... ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ قويدۇم، ئۆي - ۋاقنى ساتىمىز - دە، پۇلىنى دەسمى قىلىپ، ئېلىم - سېتىم قىلىپ يۈرۈپ، گۈلدەك ئۆتىمىز......

— ئوسماننىڭ گېپىدىن يېزىنى تاشلاپ، شەھەرگە كىرىپ سودىگەرچىلىك قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىگىنى بىلدىم. بۇنىڭغا يول قويۇش مۇمكىنمۇ؟ "ئادەم تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. قۇم كەلكۈنى قانچە يامان بولسىمۇ، ئۇ

ئۇنى ئۇز سەنئىمگە ئويىنىتتۇەردى. ئەتىسى ئەتىگەنىدە ئۇيدىن چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلىمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مەتىسيىت بىلەن بىللە شەھەر يولىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ. شۇ يوقالغانىچە بىرنەچچە ئايغىچە ئۇنىڭ بۇ ئەتراپتا ئىز - قارىسى كورۇنمىدى.

5

10 - ئاي كىرىش بىلەن دادۇيدە قاتىلاڭچىلىق كۇنلەر باشلاندى. قۇمدىن تازىلانغان ئېتىزلارنىڭ ئورنىغا تېرىلغان ئۇچ - توت ئايلىق قوناق، كۇزلۇك ئارپا، يېشىل ماشلار پىشتى. ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرى پۇتۇن كۇچىنى توپلاپ كۇزلۇك يىغىمغا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ كۇنلەردە، كوڭلۇمگە مەھكەم ئورۇنلىشىۋالغان بىر خىيال مېنى زادى تىنىم تاپقۇزمايتتى. ئەزالار بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان يېرىمدە بولسۇن، مەيلى ئويدە، مەيلى يىغىندا بولاي بۇ خىيال ئالدىرىتاتتى، ۋەس - ۋەسگە سالاتتى. بۇ — "قۇم كەلكۇنى" ئىدى. قۇم ئاپىتى بىزنى يالماپ يۇتۇۋېتىشكە تەييار تۇرغان بىر بالا - قازا. زادى بۇ ئاپەتنى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ، ئەللىك يىلدا بىر قېتىم كېلىدۇ، قالغان كۇنلەردە خاتىرجەم بولۇش مۇمكىن، دەپ كىم هوددە قىلالايدۇ؟ "قۇم كەلكۇنى" بىزنى هالسىرىتىپ تىز پۇكتۇرەلەمدۇ ياكى بىز بۇ تەشۋىشتىن قۇتۇلىمىزمۇ؟ بىز بۇ ئاپەتنى چوقۇم يېڭىپ ئۇنىڭ يىلتىز-

يەردە، — دىدى ئۇ، — بۇ، قائىدە! ئەگەر سەن مەن بىلەن ماڭمايدىكەنسەن، مەن ئۆزەم يول تاپىمەن، بۇ ئاپەتنىڭ بېشىغا چىققىلى بولمايدۇ. مەن كېتىمەن......

— ئەخمەق بولما، — دىدىم مەن، — سېنىڭ كېتىشىڭگىمۇ بولمايدۇ.

— بولمايدۇ! نىمە بولمايدۇ؟ — ئۇسمان كوكەمىلىك قىلىپ سەكرەپ كەتتى، — مەن سەن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمايدىكەنمەن. هازىر ئاجرىشىمەن، خېتىڭنى ئال، — دىدى.

— بۇ، چۈشۈك، سەن جويلۇمە! — دىدىم مەن ئۇنىڭ يۈزسىزلىگىگە ئاچچىغىم كېلىپ، — بىز ئون بەش يىلدىن بۇيان ئۆي - ئوتاق بولۇپ كېلىۋاتىمىز. يەنە ئۆي تۇتىمىز. لېكىن، سەن، خاتا ئۆي - پىكرىنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت. جەزمەن توغرا يولغا قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك!......

— ياق، ياق! — دەپ ئۇ زادى ئۆزىنى باسالمىدى ۋە تەتۈرلۈك قىلىپ، — ئەمەلدار خوتۇن ماڭا لازىم ئەمەس، مەن ئاجرىشىمەن، سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس، — دىدى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دىدىم مەن، — مەن سېنىڭ ئۆيۈنچۇغۇڭ ئەمەس. بۇ سېنىڭ هەددىڭ ئەمەس. سەن خاتا ئويدىن قايتىپ، توغرا يولغا چۈشمىگىچە ئاجرىشىشقا هەققىڭ يوق......

شۇ كۈنى تاڭ ئاتقىچە بىز كىرپىك قاقماي مۇنازىرە قىلىشتۇق. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان جىن

ئاز ئەمەس، سۇنىڭلا يولىنى قىلساق، بوران سوقىدىغان تەرەپكە قارشى تىرەك، ئورمان ئەھيا قىلساق، بۇ ئاپەتتىنمۇ قۇتۇلاتتۇق. ئەمما بىزدە سۇ يوقتە. بىزدە بار سۇ ئورمانغا ئەمەس، تىرىكچىلىكىمىزگىمۇ يەتمەيۋاتامدۇ!" دەپ ھەسرەتلىنىپ كەتتى.

مەھەممەت ئاكىنىڭ ئېيتقانلىرى باشقا مۇنەججىم دىخانلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئوخشايتتى. مەن يەنە بىر-نەچچە كۈن ئويلىدىم، ئاخىر بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئات بىلەن يولغا چىقىپ، دادۇيىمىزگە سۇ كېلىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ غولىنى بويلاپ زەرەپشان دەرياسىغا باردىم. قايتىشىمدا ھەممە ئەتراپنى سىنچىلاپ تەكشۈردۈم. مەندە يېڭى بىر مۆلچەر پەيدا بولدى.

شۇ كۈنى ھارغان-ئاچقىنىمغا قارىماي دادۇي پار-تىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنىنى چاقىردىم. يىغىندا مېنىڭ تەكلىۋىم بويىچە تاش ئۆستەڭ قېزىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. پارتىيە ئەزالىرىدىن ھېچكىم بۇ تەكلىپكە قارشى چىقمىدى. بىز بۇ مەسىلىنى كەڭ ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇشنى، كوپچىلىكنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ قارار قىلىشىنى توختام قىلدۇق.

دادۇي بويىچە قوزغالغان چوڭ تالاش-تارتىش تولۇق بىر ھەپتە داۋام قىلدى. قۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن تەسىرلەنگەن كوپچىلىك ئەزالار يېڭى تاش ئۆستەڭ قېزىش پىلانىنى خوشال قارشى ئالدى، ئۇلار: "قۇم كەلكۈنى يا بىزنى يېڭىشى، ياكى بىز ئۇنى

زىنى قۇرۇتىمىز دېگەندىمۇ، ئۇنى زادى قايسى چارە بىلەن يېڭىش كېرەك؟ بۇ يەنە بىر دوقال.

شۇ خىيال بىلەن يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى يولداش سايىم دادۇيىمىزگە كېلىپ قالدى. ئۇ ئەھۋالنى ئىگىلەپ مەسلىھەت بەردى:

— دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قوزىنى بىلىشىمىز كېرەك. پېشقەدەم مۇنەججىم دېخانلار بۇ جەھەتتە تېپىلماس گوھەر. ئۇلار ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى توپلىغان. بۇ تەجرىبىلەردىن بەزىلىرى بىزگە مەڭگۇ ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، پېشقەدەم - مۇنەججىم دېخانلاردىن ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىمىز، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ پايدىلىق تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىقىشىمىز لازىم. سىز پېشقەدەم دېخانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈڭ، كېيىن يەنە بىرلىكتە چارە تاپىمىز، — دېدى.

دادۇيىمىزدىكى مۇنەججىم - پېشقەدەم دېخانلارنى زىيارەت قىلىشقا باشلىدىم. مۇنداق كىشىلەر دادۇيىمىزدە كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆز بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە تولىمۇ ئىشقىۋاز؛ مەن ئۇلارغا كۆڭلۈمگە كەچكەنلەرنى، بېشىم قاتقانلىقىنى، ئارزۇ - ئۈمىتلىرىمنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەردىم. ئۇلار ماڭا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، نېمىنى بىلگەن بولسا، شۇنى ئېيتىپ بەردى. مەن بىلەن تەڭ باش قاتۇرۇشتى. ماخوچى مەھەممەت ئاكا ماڭا شۇنداق ئادەملەردىن ئىدى. ئۇ "ئۇكام، سۇ بولسىلا، باشقا چارىلەر

نىشى لازىم. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بوران، قۇم ھېچنېمە ئەمەس. بىز بۇ تاغنى كۆرەش بىلەن يارىتىتۇق. ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پارلاق يېڭى تۇرمۇشنىمۇ كۆرەش، باتۇرانە ئەمگەك بىلەن يارىتىمىز......

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ تۇرغان يۈزلىگەن ئەزالار چەكسىز خوشاللىقتا چۇمدى. مېنىڭ كوزلىرىمدىن بولسا، ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى. "پارتىيە نىمە دىگەن ئۇلۇغ، نىمە دىگەن دانا...... ئۇ بىزنىڭ جاپالىق كۆنلىرىمىزدىمۇ يۈرىگىمىزگە دەرمان بەرمەكتە!" دەپ ئويلىدىم.

— ناھىيىلىك پارتكوم سىلەرنىڭ قۇم ۋە قۇرغاق-چىلىقتا قارشى كۈرىشىڭلارنى قەتئىي قوللايدۇ. بۇ دادۇيگە ئېلىپ كېلىنىدىغان تاش ئوستەڭ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردىن بىرى قىلىپ بېكىتتى ھەمدە سىلەرگە بىر قىسىم ماشىنا-ئۈسكۈنە، ئۈچ مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ناھىيىلىك كوچەتچىلىك مەيدانى قۇمغا، بورانغا چىداملىق ئاق غوللۇق تاغ تېرىگى، ئۈچ يىللىق توغراق، ۋە باشقا دەرەخ كوچەتلىرىدىن 250 مىڭ تۈپ تەمىنلەشكە تەييارلىق قىلماقتا......

بۇ چاغدا، كوزىگە خۇشاللىق يېشى ئالغانلار يالغۇز مەنلا ئەمەس ئىدىم. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى چورىدەپ تۇرغان پۈتۈن قۇرۇلۇشچىلار ھاياجان بىلەن:

— پارتىيىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز.

يېڭىشىمىز كېرەك" دېيىشتى.

كۆزلۈك يىغىم - تېرىم ئاياقلىشىش بىلەن تەڭلا ئەر-ئايال ئەزادىن بەش يۈزچە كىشى تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. بىرقانچە ئون تاش تېشۇيدىغان، ئۆستەڭ قازىدىغان، تاش تىزىدىغان زەربىدار دۈيلەر تەشكىل قىلىندى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بىز پۈتۈن تەركىۋىمىز بىلەن ئىش ئورنىغا كۆچۈپ كەتتۇق.

ئادەم تۇرمايدىغان گىياسىز غىلىڭ ساي بىردىنلا شاۋقۇنلۇق، خۇشال ئەمگەك قاينىمىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى جىم-جىت ياتقان دەشتى - جەزىرىگە جان كىردى ......

شۇنداق قىزغىن ئۇتۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىش ئورنىمىزغا يېقىلاپ چىقتى. پارتكوم شۇجىسى ئىجارە كېمەيتىش مەزگىلىدە بۇ يەردە يېزا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلغان، شۇندىن بېرى ماڭا تونۇش ئىدى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، زەينەپخان! — دېدى ئۇ ھۇلى قېزىلىپ بولغان ئۆستەڭ ئىچىدە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، — مەن باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ بۇ يەرگە ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. لېكىن يولداش سايىمدىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇقۇپ تۇردۇم. سىلەرنىڭ ئۆز كۈچۈڭلارغا يۆلىنىپ ئىش كۆرۈش، قۇرۇق قول بىلەن ئىش تەۋرىتىش، قىيىنچىلىقنى مەنسىتمەيدىغان روھىڭلار بەك قىممەتلىك. بۇنى پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئۆگە-

بەھرىمەن بولۇشقا ھەققى يىق ئىدى......

بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى مەتسىيت قاراڭغۇ بازارچىلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، بازار تەرتىۋىنى قالايمىقان قىلغانلىقى، قايسىبىر داۋۇتنىڭ ئامبارچىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئامبارچى خىيانەت قىلغان ئاشلىقنى مەخپى سودا قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن تېگىشلىك جاۋاپكارلىققا تارتىلىپ، نازارەت ئاستىدا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىزگە چىقىرىپ بېرىلگەن ئىدى. لېكىن، ئوسمان قايتىپ چىقمىغان ئىدى.

تاش ئۇستەك قۇرۇلۇشى ئاياقلىشىپ كېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىزمەت بىلەن داۋۇتكە كەلدىم. بۇ يەردە يۈزچە ئاچا-سىڭىللار كېلەر يىل ئەتىيازدىن باشلاپ ئورمان بىنا قىلىدىغان يەرلەرنى راسلاۋاتقان ئىكەن. مەن تۈپ-تۈز شۇلارنىڭ قېشىغا باردىم. شۇ ئارىدا ئايالار مېنىڭ قېشىمغا يىغىلىشقا باشلىدى. خوشنىمىز، مۇئاۋىن دۈيجاڭ ئايزىمخان ئاچا بىر نەرسە ئېيتماقچى بولغاندەك، قولىنى مۈرەمگە ئېلىپ، كوزۈمگە تىكىلدى. بۇ چاغدا مېنى چۆرىدەپ تۇرغان ئايالار تىم-تاس بولۇپ قېلىشتى.

— ماڭا قارا، جېنىم ئۇكام،— دىدى ئايزىمخان ئاچام مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ،— سەن بىزنىڭ گېپىمىزنى ئېلىك ئالامسەن؟

مەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىم:

— مېنىڭ سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئېلىك ئالمىغان

قوۇم - قورغاقچىلىق ئاپىتىنى يەڭمىگىچە كۆرەشنى توختاتمايمىز!— دەپ ۋاقىراشتى......

## 6

...... بەزى كىشىلەر "ئايال كىشىنىڭ يۈرىگى ئاجىز كېلىدۇ. خوشاللىقىنىمۇ، قايغۇنىمۇ پات ئۇنتۇيدۇ" دېيىشىدۇ. بۇ كىشىلەر چوچۇرىنى خام سانايدۇ، مۇنداق ئاسانغا ئۇچرىغان ئايالار خۇددى شۇنداق كىشىلەرنىڭ پۇشتىدىن تامغان. لېكىن بىز ئەمگەكچى ئايالار ئۇنداق ئەمەس. ئەمگەكچى ئايالارنىڭ يۈرىگى مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى، ھەق بىلەن ناھەقنى توغرا ھېس قىلىدۇ.

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ مېھرىۋان ئاتىدەك مېنى ئىلھاملاندۇرۇشى قەلبىمگە نۇرلۇق بىر مەشئەل يېقىۋەتتى. شۇ مىنۇتتا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا نىمە كەلدى؟ دادۇيىمىزنىڭ گۈزەل كېلىچىكى، بۇ كېلىچەكنى يارىتىش يولىدىكى كۈرەشىمىزگە باش پاناھ، يولەنچى بولۇۋاتقان جانىجان پارتىيىمىز كەلدى. يەنە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدىم. يولدىشىم ئوسماننىمۇ ئويلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن ياخشى- يامان كۈنلەرنىمۇ ئۇنتۇغىنىم يوق. مۇشۇ بەختلىك مىنۇتىمدا ئۆز خوشاللىغىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلاشقىم كەلدى. ئەمما ئۇ، ھازىر بۇ بەختيار مىنۇتقا ئورتاق بولۇشقا، ئۇنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىپ كۆرۈشكە مۇناسىپ ئەمەس، ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن

قۇرۇلۇشغا بارغىن، — دەپتۇ.

ئوسمان كوزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— مېنىڭ ئەمدى يۈزۈم يوق، مەن ئەقىلسىزلىق قىپتىمەن، زەينەپخان ئەمدى مېنى كەچۈرمەيدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇمنى ئاچچىق بىر نەپرەتلىنىش سېزىمى ئورۇۋالدى. كۆڭلۈم مۇزدەك بولۇپ كەتتى.

— قېنى ئۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئەنە قارا، بۇرۇنقى ئوسماندىن ھېچنىمە قالماپتۇ. شەھەرگە كوچۈپ كىرىۋېلىش خىيالىمۇ تۇزۇپ كېتىپتۇ. توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس، دېگەن شۇ، — دېدى ئايزىمخان ئاچام.

ئوسمان يىراق بىر چەتتە تۇرۇپ ماڭا تىكىلدى-دە، كوزىنى ئىتتىك يەرگە ئېلىۋالدى. مېنىڭ ھېچنىمە دېگۈم كەلمىدى. كەچكىچە ئاياللار بىلەن ئىشلەپ، كەچقۇرۇن يەنە تاش ئۇستەڭ قۇرۇلۇشغا كەتتىم......

ئاردىن بىرنەچچە ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ، تاش ئۇستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. باھارنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ، ناھىيلىك كوچەتچىلىك مەيدانىدىن كوچەت توشۇش دولقۇنى قوزغالدى. شۇ يىلى 200 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كوچەت تىكىلىپ، قۇم ئاپىتىنى تىزگىنلەشنىڭ ئاساسى يارىتىلدى. تاش ئۇستەڭ بىزنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى

يېرىم بارمۇ؟

— ياق،— دېدى ئۇ،— سەن ئۇنداق ئايال ئەمەس-سەن. بىز ساڭا ئۆزىمىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ كۆڭلۈڭگە تەگسىمۇ، بىر نەرسىنى ئېيتىپ قويايلى دېۋىدۇق......

— خوش، ئېيتىڭلار، نىمە ئۇ ؟

— سەن ئالدى بىلەن رازى بولۇشقا ۋەدە بەرگىن.

— بۇ پىكىرىڭلار توغرا بولسىلا ......

— توغرا بولسىلا ئىلىك ئالامسەن؟

مېنىڭ يەنە نىمە دېيىشىم مۇمكىن. رازى بولدۇم. شۇندىن كېيىن ئايزىمخان ئاچام مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى:

ئوسمان بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يېرىم كېچە بىلەن شەھەردىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ ”ئازنى بازار“ دا قىلغان سودا-سېتىغى نەپ بەرمەي، ئاخىرى ۋەلسىپىتىنىمۇ ئايرىلىپتۇ. ئوسمان قايتىپ كېلىپ، بىر كۈن ئىشكىنى تاقىۋېلىپ ئۆيدىن چىقماي خىيال سۈرۈپتۇ. ئەتىسى كىشلەرنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى تارتىپ، ئاياللار ئىشلەۋاتقان يەرنىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىپ، ئۆز ئالدىغا ئىشلەشكە باشلاپتۇ. چۈش-پېشىنگىچە ئاياللار ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ، چۈشلۈك چايغىمۇ قىچارماپتۇ. شۇ چاغدا ئايزىمخان ئاچا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— سەن ئەر كىشى تۇرۇپ، ئاياللار قېشىدا نىمە قىلىسەن؟ ئۇيات! جۇگۇر، بەلنى باغلاپ تاش ئۇستەڭ

# مىنىمىڭ دۇيجاڭ

## بوران ۋە چاقماق

ئاي تىنىك كوتىرىلگەن تىپ-تىنچ بىر كىچە ئىدى. بۇ ھال تۇنىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شۇنداق ئىدى. لېكىن تۇنىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەھۋال پۈتۈنلەي دىگۇدەك ئۆزگىرىپ كەتتى: كۈتۈلمىگەندە تاغ تەرەپتە ئاسمان-زىمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ھاۋا گۈلدۈرلىدى، ئىگىز چوققىلار ئۈستىدە ئىككى تال ئوت يىلان يالت-يۇلت قىلىپ، تاغ ئىتىگىنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇلۇت سۈرۈلۈپ، يېزىغا بوران بېسىپ كىردى ۋە ھايال قىلماي ئاسماندىن خۇددى چېلەكتىن قۇيۇلغاندەك شاقىراپ يامغۇر قۇيۇلۇپ كەتتى......

مىنىمىڭ دۇيجاڭى ئابلىكىم قوناقلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يولدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، توغرا كەلگەن ئارا ئۇستەڭدىن بىر سەكرەپ ئۆتۈپ، 3-ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ خامىنى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. 3-ئىشلەپ-چىقىرىش دۇيىنىڭ خامىنى خېلى يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قىپ-قىزىل يالقۇن چېچىپ كوتىرىلگەن يانغىن ئوپ-

چاڭقاپ كەلگەن قەلبىمىزنى سۇغا قاندۇردى ……

مانا شۇنىڭدىن بىرى ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ يىلدا قانچە-قانچە بوران، قۇم كەلكۈنلىرى بولدى، ئەمما، ئۇ بىزنى ئاۋالقىدەك بوزەك قىلالمىدى. بىزنىڭ ئورمان سېپىلىمىز ئۇنىڭ يولىنى كېسىۋەتتى. بۇ جەرياندا ئوسمان ئۆزىنىڭ ئىككى خىيال بولۇپ خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانلىغىنى تونۇپ، دادۇيىمىزنىڭ خېلى ئەپچىل، تەجرىبە-لىك هارۋىكەشلىرىدىن بولۇپ قالدى……

1963 - يىل، يەكەن — ئېلىشقۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى گۈكىرىگەن بوران بېسىپ كەتتى.
ئابلىكىم ئۆزىنى قوناقلىق ئىچىگە ئۇردى.......كېيىنكى چاقماق يورۇغىدا ئۇ، يىراقتىكى قوناق ئۇچلىرىنىڭ شىلدىرلاپ چايقالغانلىغىنى كوردى. لېكىن بۇ "چايقىلىشنى" كۈچلۈك شامال دولقۇنى باشقا قوناق شاخلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. قوناقلارنىڭ شالدىرلىشى ۋە ھېچنىمە ئىلغا قىلىپ بولمايدىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قوغلاش، سىنچىلاش...... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن نەتىجە چىقمىدى: يۇچۇن ئادەمنى قوناقلىق يۇتۇپ كەتتى. ئابلىكىم قايتىشقا مەجبۇر بولدى......
ئابلىكىم خامانغا يېتىپ كەلگەندە، ئوت ئوچۇرۇلگەن بولۇپ، خاماننىڭ دائىملىق كۈزەتچىسى ياشانغان بوۋاي ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ خاماندا قونغان ياش مىنبىڭلارغا زەردە قىلىپ ۋاقىرىماقتا ئىدى:
— سىلەرگە زادى ئەقىل كىرمەيدۇ، — دەيتتى ئۇ بوغۇلۇپ، — خاماندا تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ، دىمىگەندىمدۇق. ئەمدى ئەزالارغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز. مۇشۇمۇ ئەزالارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىغانلىق بولامدۇ؟....
ئەگەرچەندە، بورانغا قوشۇلۇپ يامغۇر كەلمىگەن بولسا، بۇ خامان ئاللىقاچان بىر دوۋە كۈلگە ئايلىنىپ قالاتتى.......
— بۇ يەردە تاماكا چەككەن ھېچكىم يوق، — دىدى بوۋاينىڭ سوزىنى ئاڭلاپ تۇرغان يىگىتلەردىن بىرى، — سىنىڭ چىرچىگىڭنى ئاڭلايمىز دەپ، غەپلەتتە قاپتىمىز. نىمانچە ۋاقىرايسەن، ئۆزىمىزنىڭ جىلى

ئوچۇق كورۇنۇپ تۇراتتى.

ئابلىكىم يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كەچككىنە چىغىر يولدا يۈگۈرۈشنى داۋام قىلدى. ئۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئېرىقلاردىن چاقىقانلىق بىلەن سەكرەپ ئۆتۈپ، تۆتىنچى ئېرىقتىن ئاتلىشىغا، پۇتى تېيىلىپ يان تەرەپتىكى كولچەككە چۈشۈپ كەتتى...... قۇلاق پەردىسىنى يىرىۋەتكۈدەك گۈلدۈرلەۋاتقان گۈلدۈرماما، كوزنى قاماشتۇرىدىغان چاقماق، دەھشەتلىك بوران، سەلدەك قۇيۇلۇۋاتقان توكمە يامغۇر ئۇنىڭ بېشىنى بىرنەچچە سېكۇنت ئايلاندۇرۇپ قويدى...... ئابلىكىم دەرھال ئېسىنى يىغىپ بىر تۈپ دەرەخنىڭ يىلتىزىغا يېپىشقاندا، چاقماق چېقىپ، كولچەك ئىچى يەنە ئەينەكتەك يالتىراپ كەتتى. شۇ پەيت بىلەكتەك بىر يىلان خىردىس قىلىپ، سۇ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئېتىلىدىغاندەك قاراپ تۇراتتى. ئابلىكىمنىڭ تېنى شۈركەندى، ئىككىنچى قېتىم چاقماق چاققاندا، يىلان كورۇنمىدى. ئەمما، شۇ قېتىمقى چاقماق يورۇغىدا ئۇ، بېشىغا پوپۇكلۇك ئۇزۇن كۇلا، ئۇستىگە تەتۇر جۇۋا كىيىۋالغان ئېگىز بويلۇق يۇچۇن بىر ئادەمنىڭ قوناقلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالدى.

ئابلىكىمنىڭ تېنىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ، كوزى ئوتكۇرلىشىپ كەتتى...... بۇ غەلىتە ئادەم كىمكىنە ؟!......

ئابلىكىم بار ئاۋازى بىلەن ۋاقىرىدى:

— توختا!......

"قاناتسىز تۇتى ئىدىم، — دەيتتى ئۇ، ئوغلى ساقى بىر
ياشقا كىرگەندە، — مانا ئەمدى قاناتلىق بۈركۈت بولدۇم......".

ئايزىمخان ساقىنى كېچىسى كوكرىكىگە بېسىپ، كۈن-
دۈزى ئۇشىنىسىگە ئارتىپ ئۈچ ياشقا كىرگۈزدى. دادىسى-
دىن قىرىق كۈنلۈك يېتىم قالغان ساقى دادۈينىڭ قۇم دوڭ-
لىرى بىلەن تۇتاشقان ئەڭ چەتتىكى يالغۇز ئۆيدە مېھرى-
ۋان ئانىنىڭ قولىدا ئوماق بالا بولۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ
تېتىككىنە ئايىغى، تاتلىققىنا تىلى چىقتى. ساقىنىڭ قىلىغى-
دا بولۇۋاتقان ھەر بىر ئۆزگىرىش ئايزىمخانغا چەكسىز
ھوزۇر بېغىشلىدى. چۈنكى، بۇ ئۆيدە ئانىغا ئەمەك بولا-
غىدەك ئۇنىدىن باشقا ھېچكىمى يوق ئىدى.

ئايزىمخانىنىڭ مىجەزى بىر قىسما. ئۇ، بۇ يەردىكى
باشقا ئاياللارغا زادى ئوخشىمايتتى: ئىشلەپچىقىرىش دۈيى
تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىشنى ۋاقتىدا ئورۇنلايتتى (بۇ چاغ-
دا ساقى دائىم يېنىدا بولاتتى). لېكىن كىشىلەرگە كەمدىن-
كەم ئارىلىشاتتى. پېشىنى تارتىپ گەپ قىلمىغىچە، ئېغىز ئې-
چىپ جاۋاپ بەرمەيتتى، مەجلىسلەرگە بولسا، دىگۈدەك
بارمايتتى، بارغاندىمۇ كوپ ئولتۇرمايتتى. بىرەر سىياسەت،
پىرىنسىپنى ياكى ھوججەتنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش-چۈشەن-
دۈرۈش توغرا كەلسە، دادۈي كادىرلىرىنىڭ ئالايىتەن
ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشىغا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىل-
لە، ئۇنىڭ كوڭلى تولىمۇ نازۇك ئىدى. بەزى ئاياللار
ئۇنى: "ئايزىمخان تولىمۇ يۇۋاش، مومىن" دىسە، بەزىلەر:
"ئۇ دىنغا بېرىلگەن تەقۋادار بوۋى ئەمەسمۇ!" دەيتتى،

بولۇۋاتقىنىمۇ يېتىپ-ئاشىدۇ......گەپ چىچەكتە!.....

— چىچەكمىش! چوچەكتىن ئوت چىقىپتىمۇ؟!

كىمدۇر بۇ سۆزگە رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ، ئالدىغا چىقىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت مىنبىڭ دۈيجاڭىنى كۆرۈپ قېلىپ جىم بولدى.

خاماندىكىلەر ئابلىكىمنىڭ كۆزىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى ۋە ئۆزلىرىنى ئەيىپلىك ھېس قىلىپ باشلىرىنى تۆۋەن سالدى. لېكىن ئۇلار ئابلىكىمنىڭ كۆز ئالدىدا بېشىغا پوپۇكلۇك ئۇزۇن كۇلا، ئۇستىگە تەتۈر ئورۇلگەن جۇۋا كىيىۋالغان يۇچۇن ئادەمنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكىنى، بۇ غەزەپنىڭ شۇ يۇچۇن كىشىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئابلىكىم خاماندىكىلەرگە جىددىي نەزەر تاشلىدى:

— بۇ يەردە چوچەك بىلەن تاماكىدىنمۇ بولەك سەۋەپ بار، — دىدى ئۇ. ئاندىن كۆزەتچى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ خامانغا سەگەكرەك بولۇپ قارىشىنى جىكىلىدى-دە، مىنبىڭ يىگىتلەردىن بىر نەچچىنى تاللاپ، دادۈينىڭ شىمال تەرىپىگە يۈگۈرۈپ كەتتى.

بۇ ئىش شۇنداق تېز، تۇيۇقسىز بولدىكى، كۆزەتچى بوۋاي ھېچنىمىگە چۈشىنەلمەي قالدى......

## يۇچۇن ئادەم

ئايزىمخان قىرىق بەش يېشىدا پەرزەنت كۆردى ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلدى:

قاپقىغا تولدۇرۇپ سۇ ئالدى. ئاندىن ئۇنى مۇرىسىگە ئارت-تى. كۆڭلىدە: "بۇ كەم بولغىدى، بىكارغا مېنى ئىمىشقا ھاقارەتلىدى. بۇ ئەتراپتا دۆي كادىرلىرىدىن بىرەرسى يوقمىكىن؟ ......" دىگەن خىيال چىگىشلەندى ۋە كىمنىدۇر ئىزلەپ ئەتراپقا قارىدى. لېكىن، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خىرە بولۇپ، ئۆيگە ئالدىرىدى.

ئۇ، مەھەللە ئىچىدىن ئۆزاپ، بايىقى قوم دۆڭنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يولنىڭ نېرىقى چېتىدىكى قوناقلىق ئى-چىدىن بېشىغا پوپۇكلۇك ئۇزۇن كۆلا، ئۇستىگە تەتۈر ئۆرۈلگەن جۇۋا كىيىۋالغان ساقاللىق بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھودۇقۇپ كەتتى.

— ھەي ئاجىزە! — دىدى كۆلا كىيگەن ئادەم. "ئاجىزە" دىگەن سوز ئايزىمخانغا ئېغىر تەگدى (چۈنكى ئاياللارنى كەمسىتىدىغان بۇ سوز مەھەللىنىڭ لۇغىتىدىن خېلى بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەن ئىدى). لېكىن، يۇچۇن ئا-دەمنىڭ كېيىنكى سوزى ئايالنى ھوشىدىن كەتكۈزدى، — جۇگۇر، دەرھال ئۆيۈڭگە بار، بەخت قۇشۇڭنى قولۇڭدىن كەتكۈزمە ......

ساقاللىق يۇچۇن ئادەم شۇنىڭدىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، قوناقلىق ئارىسىدا غايىپ بولدى.

ئايزىمخان: "يا پەرۋەردىگار، مېنى غەپلەت باسمى-دىمىكىن؟ كوزۇمگە كورۇنگەن بۇ كىشى پەرىشتە ياكى خىزىرمىدۇ؟" دەپ ئويلىدى. ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش دۆي كا-دىرىنى قىچقىرىشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، ئالدىراپ ئۆيگە

يەنە بەزىلەر بولسا، "ھەيتاگەي، ئاجايىپلىغۇ، ئۇزىغۇ قول ئىلكىدە يوق ئايال، لېكىن، مىجەزى خۇددى سەۋزە نازۇك ماجان بۇۋىنىڭ ئۇزى" دەپمۇ قوياتتى.

بۇ توغرىلىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ باشلىغى كوپ قېتىم ئۇنىڭ مەھەللە ئىچىگە، ئەل-جامائەت ئارىسىغا كوچۇپ كېلىۋېلىشىنى قايتا-قايتا ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ: "مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرەي، ئۇگىنىپ قاپتىمەن، ئاتا-بوۋىلار ئوتكەن ئوي. چىرىغىنى يېقىپ، يېغىنى پۇراتمىسام بولمايدۇ" دەپ ئۇنىمىغان ئىدى.

بىر كۇنى كەچقۇرۇن ئايزىمخان ساقىنى ئويدە يالغۇز قالدۇرۇپ، سۇ ئېپكېلىش ئۇچۇن مەھەللىدىكى كولگە ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىپ چىقىشىغا ئىشىك ئالدىدىكى قۇم دوڭىنىڭ كەينىدىن تويۇقسىز بىر كىشى چىقىپ گەپكە تۇتتى. بۇ چاغدا ئەتراپتا كوز باغلانغان ئىدى. ئايزىمخانىنىڭ يۇرىگى ئېغىپ يۇچۇن ئادەمگە ئەمەس، پات-پات ئويى تەرەپكە قارىدى.

ناتونۇش كىشى يەنە بىر پەس ۋالاقلاپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا تەرىنى تۇرۇپ:

— جۇۋاينىمەك كەتكىن. سەن ماڭا بەھورمەتلىك قىلدىڭ! — دىدى-دە، كېتىپ قالدى......

ئايزىمخان كۇتۇلمىگەن بۇ ھاقارەتتىن چوچۇپ، ئىتتىك بېشىنى كوتەرگەندە، كېتىۋاتقان كىشىنى كەينىدىنلا كورۇپ قالدى. ئۇ، ئالدىراپ كول تەرەپكە كەتتى.

سىنىڭ كۆشەندىسى بولۇپ، بالىغا يىگىنىدەك سانچىلىدۇ، جېنى سىقىرايدۇ......

ئايزىمخان ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشنى كوڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

تۈن تەڭ بولماقتا، بالا ھۇشىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئانا قەلبى بىھۇش ئىدى. جىن چىراق پىلدىرلاپ يانماقتا، تالادا يامغۇر قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئەۋجىگە چىقتى. بوران، چاقماق ئەتراپنى قاپلاپ كەتتى. بۇ ھال ئۆي ئىچىگە ۋەھىمە ئېلىپ كىرەتتى. لېكىن ئايزىمخان بۇنىڭدىن قورقمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىمۇ بوران-چاقماق بىلەن تولغان ئىدى. ئانىنىڭ كوزلىرىدىن ئېرىقتەك ياش ئاقاتتى:

"جېنىم بالام، كوزۇڭنى ئاچ. سەن دۇنياغا كېلىپ مېنى بەختلىك قىلدىڭ. سەن ۋاپادار داداڭنىڭ ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن تىرىگى، دىلكىشى، غەمخورى ئىدىڭ...... مېنى غەپلەت باسقان، كوڭلۇمنى شەيتان ئوغرىلىغان......".

ئايزىمخان دەھشەتلىك مۇڭغا پېتىپ ناله قىلىۋاتقاندا، تورۇسنىڭ ۋاسىلىرى ئېغىر چاراسلىدى ۋە ھېچبىر كۆتۈلمىگەندە تۇيۇقتىن غەلىتە، مۇدھىش بىر ئاۋاز كەلدى:

— ھەي ئاجىزە! — بۇ ئاۋاز بوران-چاقماق بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئەنسىز ئاڭلاندى، — سەن كوز نۇرۇڭنى بىكار ئىسراپ قىلما، ئۇستۇڭدىكى غەپلەت تونىنى يىرتىپ تاشلا، "ئەۋلىيا ئىشان" مازىرىغا سىغىن......

ئانا ئوز قۇلىغىغا ئىشەنمەي قالدى. كوز ئالدىدا ئاخشام ئۇچراتقان "خىزىر" نامايەن بولدى. ئۇنىڭ كوڭلى-

يېتىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرىشىگە بۇرنىغا قاڭسىق بىر
ھىد كېلىپ ئۇرۇلدى. ئايزىمخان بوسۇغا يېنىدا ھۇشسىز
ياتقان ساقىنى كورگەندە، كوزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى:
— جېنىم بالام، كوز نۇرۇم، جىگىرىم! مەن تىزەك
يەپتىمەن!...... — دەپ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوزىنى ئاتتى......
كەچىككىنە ساقىنىڭ بىر پۇتى، يېرىم كاسىسى
كويۇپ، شەلۋەرەپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئازاپتىن تولغىناتـ
تى ......

ـ ئانىنىڭ پىغانى تېزلا ئەتراپقا ئاڭلاندى، بىر پەسـ
تىن كېيىن ئوي ئىچى كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.
ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن دۇيجاڭ بالىنى كورۇپ،
دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىشنى ئېيتتى. لېكىن. "مۇشۇ كېچە-
دە دوختۇرغا ئاپىرىپ بولامدۇ؟ گوڭشې دوختۇرخانىسىغا
بېرىش ئۇچۇن يېرىم كۇن مېڭىش كېرەك، بالا ئازاپلاد-
مامدۇ؟" شۇ خىيال بىلەن ئايزىمخان ئۇنىمىدى.
دۇيجاڭ باشقا بىر ئامال تېپىش ئۇچۇن، ئويدىن
ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. كېيىنرەك كىرگەن بىر موماي قارا
ئېشەكنىڭ ئوك قولۇغىنى كېسىپ، چىققان قاننى كويۇك
يارىسىغا سۇركەشكە مەسلىھەت بەردى. كىمدۇر بىرسى، "با-
ئىتكەنلىگىنى ئېيتتى. ئۇزاپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەنجىسى
لىنى كويمىدى، ساقىسىز بولۇپ قالدى" دەپ قويۇش ياخشى
چا ساقاللىق بوۋاي:
— بالا تولۇق ساقايغىچە يۇلتۇزغا كورسەتمەڭ، —
دېدى ئايزىمخانغا، — بولمىسا. ھەر بىر يۇلتۇز كويۇك يارـ

كۇندە پولو، جۇپ كۇندە بىر لەگەن قوۋماق ئېپكېلىپ مازارغا قويۇ. بۇنى بىجا كەلتۈرسەڭ خۇدا شىپالىق بېرىپ، بالاڭ قىرىق كۇندە سەللىمازا ساقىيىدۇ!......

ئايزىمخان بۇ كارامەتتىن كوزلىرى تىنىپ، ھاياجان ئىلكىدە لەيلەپ قالدى. مازار تەۋرىنىۋاتقاندەك. ئالەم ئاستىن ـ ئۇستۇن بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— شۇنداق، ئەستە تۇت! — دىدى يەنە مازار، — بالاڭ ساقىيىدۇ! ئەمما سەن ئاللا كېرەممىنىڭ ساڭا يولۇقتۇرغان بۇ كارامىتىنى، سەن ئاجىزەگە پانايى ئالەم بولۇۋاتقانلىغىنى ئادەمزاتقا تىنساڭ دۇئايى بەد كېتسەن، بالاڭ ئولۇم...... قەسەم ئىچ، ئاللا نامى بىلەن باشلا!......

— ..................

ئايزىمخان قايتتى. شۇ كۇنى چۇشتىن بۇرۇن گۇڭشى دوختۇرى كېلىپ بالىنى ياخشىلاپ تاڭدى ۋە ھەر كۇنى ئوزى كېلىپ خەۋەر ئالىدىغانلىغىنى، بالىنىڭ بىرنەچچە كۇندە ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىغىنى ئېيتتى. لېكىن ئانا دوختۇردىن ئانچىلا مىننەتدار بولۇپ كەتمىدى. پەقەت دوختۇرنىڭ بالىغا كورستىۋاتقان شەپقىتى ئۇنىڭ مازارغا باغلانغان قەلبىنى سەل ـ پەل تەۋرىتىپ قويغاندەك بولدى......

## ئۇقتۇرۇش

ئابلىكىم ئويىگە چاشكا ۋاقتى بىلەن قايتتى. بۇ چاغدا يولدىكى ھولاچىلىك سىڭىشىپ، يامغۇردىن ئېگىلگەن ياپراق

ده خىرە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان چىرىغى ياندى. تاڭنى تا-
قەتسىزلىك بىلەن كۈتتى.

ئەمدىلا تاڭ سۈزۈلۈشىگە، ئايزىمخان ساقىنى كوكرى-
گىگە بېسىپ ئىشىكتىن چىقتى ۋە ئەتراپقا ھۇرۇپ، گۈگۈم
قاراڭغۇسىدا ئۇدۇل "ئەۋلىيا ئىشان"مازىرى تەرەپكە كەتتى.

"ئەۋلىيا ئىشان" مازىرى قۇم دوڭلىرىنىڭ نېرىقى
چېتىدىكى تاشلاندۇق بىر كونا گۈمبەز ئىدى. بۇ يەردە
يۇلغۇن، ئازغان-تىكەن، چىغلار بىلەن ئورالغان رىشاتكا
ئىچىدە شام گور — يامغۇر يالىغان پۇچۇق گۈمبەز چوخ-
چىيىپ تۇراتتى. قوشقار مۈڭگۈزى، ھوتمە-توشۇك تۇغ-
شەددە، ئۇستىخانلار، پارچە كېسەك، سۇنۇق ساپال، ئەسكى
لاتا-پىتىلەر كوزگە تاشلىناتتى.

ئايزىمخان ئادەم قەلبى مۈڭلىنىدىغان بۇ سىرلىق —
جىمجىت خارابىلىققا كېلىش بىلەن تەڭ، يىراقتىن ھو-
قۇش ئەنسىز ھوۋلىدى. ئايزىمخاننىڭ تېنى شۈركەندى،
تىلى قاتتى، ۋۇجۇدى تىترىدى. ئۇنىڭ قورقۇنچىسىنى
تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، گۈمبەزنىڭ ئادەم پاتقۇدەك ئوچۇق ئېغىزى-
دىن "ئاللا!" دىگەن ئېغىر خىتاپ سۈرلۈك ئاڭلاندى.

ئانا ساقىنى كوكرىكىگە بېسىپ، ئىختىيارسىز تىزلان-
دى......

— ھەي ئاجىزە! — دىدى مازار، — بالاڭنىڭ ئەجلى
قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىغىدا. مەن بۇ تەھقىق ئە-
جەلنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرۇپتىمەن. سەن بالىدىن ئايرى-
لىپ قالماي دىسەڭ، ھەر كۈنى يېرىم كېچە بىلەن تاڭ

كاسسى كويگەن. ئوت بالىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئاياپ قالغان......

"— توغرا، — دەپ ئويلىدى مېنىڭ دويجاڭى، — ئەگەر بىر كىشى بالىنى يېنىچە قوقاسقا تاشلىسا، ئاشۇنداق كويۇشى مۇمكىن. ئۇنىدىن باشقا، ساقى نىمە ئۈچۈن ئانىسى ئويگە كىرگەنىدە ئوچاق ئالدىدا بولماي، بوسۇغا تۈۋىدە ھوشسىز ياتىدۇ، ئۇنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلگەندۇ؟......".

دوختۇر كەتكەنىدىن كېيىن ئابلىكىم بىر پەس ئوز ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى: "ياق، بۇ يەردە جەزمەن بىر يات قول باردەك قىلىدۇ. بۇ قول ناھايىتى زەھەرلىك. بۇگۇن كېچە ۋەقە يۈزبەرگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ يات قولنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن......

بۇ يىل بۇغداي بەك ئوخشىدى. ئەزالار تازا ئۇمىتۋار بولۇۋاتىدۇ، خوشلىقى ھىساپسىز...... سەگەك بولماق لازىم، ئەمگەك مىۋىسىنى جەزمەن ئوبدان قوغداش كېرەك......". ئۇنىڭ يادىغا گوڭشې پارتكوم سېكرىتارىنىڭ يازلىق يىغىم ھەركىتىنى قوغداش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان بىر سوزى چۈشتى: "بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز قانچىلىك زور بولسا، قالدۇق ئىغۋاگەرلەر، دوشمەنلەرنىڭ ئىچى شۇنچە ئادايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭدىن مەنپەئەتدار ئەمەس. ئالدىنقى بىر - ئىككى يىللىق تەبىي ئاپەت مەزگىلىدە بەزى يوشۇرۇن ئۇنسۇرلارنىڭ قانداق پاي - پېتەك بولۇپ قۇتراپ كەتكەنلىگى ئېسىڭلاردا بولسۇن. بۇگۇنكى كۇندە ئۇلار ئوزلىرىنى ئاشكارا كورسىتىشكە جۇرئەت قىلالمايدىغان

— قۇملۇق ھويلىدىكى ئايزەخان ئاچامنىڭ بالىسى كويۇپ قاپتۇ، ئېغىر مىش......

— نىمە، شۇ بۈگۈن بوپتىمۇ، قانداق كويۇپتۇ؟

— شۇ بۈگۈن، كېچىدىن، — دېدى ئايالى، — قانداق كويدىكىن بىلمىدىم. ئوچاق ئالدىدا قالدۇرۇپ سۇغا چىققانكەن. سۇنى ئېلىپ كەلسە، ساقى بوسۇغا تۇۋىدە ھۇشسىز ياتقانمىش......

"ئوچاق ئالدىدا قالغان بالا بوسۇغا تۈۋىدە ياتسۇن - ھە! — بۇمۇ يېڭى ئىش، — دەپ ئويلىدى ئابلىكىم، — ئەلۋەتتە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئوقۇپ بېقىش كېرەك......".

ئابلىكىم چاي ئىچىپ بولۇپ، قۇملۇق ھويلا تەرەپكە كەتتى. ئۇ يەردە كىچىككىنە ساقىنى يۆتكەپ، دادۇي ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، دوختۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئېيتىڭا، يولداش دوختۇر، بالا ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئۆزى كويدۇرۇۋالغاندىمۇ؟

دوختۇر بۇ سوئالدىن ھەيران بولۇپ:

— سىزچە قانداق بولۇش مۇمكىن؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمىدىم، ئانىسىمۇ بىلمەيدۇ......ھەر ھالدا بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولۇشى كېرەكتە......

دوختۇر كۆزىنى چىڭ يېپىپ ئويلىنىپ قالدى:

— دۇرۇس، قوقاس چاچراپ، كىيمگە ئوت تۇتاشمىغان دەيلۇق، — دېدى ئۇ بىرئاز ئەجەپلەنگەندەك بولۇپ، — بىراق، بۇ بىر غەلىتە كويۇش. بىر پۇتى، سىڭبا

چىپ كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇبادا بۇ يەرگە كەلسە، كىمنى پانا تارتىپ كېلەر؟ بۇ قاچ-قۇننىڭ بۇگۈن كېچە يۈز بەرگەن ۋەقەگە ئالاقىسى يوقمىكىن، كىچىككىنە ساقىنىڭ كويۇشىدە بۇ ئەبلەخ سەۋەپكار ئەمەسمىكىن؟......"

ئابلىكىم بۇ دادۇيدىكى ئادەملەرنى خىيالىدىن بىرمۇ-بىر ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئەلۋەتتە گۆگشىي ئەزالىرىدىن ھېچكىم بۇ ئەبلەخكە باش پانا بولمايدۇ، بۇ ئېنىق. چۈنكى ئۇلار بۇ مۇتھەمنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئېسىدىن چىقارغىنى يوق. لېكىن، ياخشى ئۆز-گەرمىگەن ھىلىقى تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆگەنگەن ئەب-لەخلەرچۇ؟ ئۇنىڭ كوز ئالدىغا ئىجارە ھەققىنى كېمەي-تىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەركىتىدە ئاممىنىڭ قەتئىي تەلىۋىگە بىنائەن قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بې-رىلگەن زومىگەر — مۇشتۇمزور پومەشچىك قاسىم چايانىنىڭ ئوغلى بەكرى كەلدى. بەكرى يېشى يىگىرمە نەچچىگە يەت-مەي ئۈچ خوتۇنلۇق بولغان چېغىدا دادىسىنىڭ تەييار دولىتىدىن ئايرىلغان ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە "يۇۋاش ئوتۇش زورۇر" دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما "بوشۇكتە كىرگەن خۇي ئولگەندە چىقىپتۇ" دېگەندەك، ھا-مان بەشىنچى، ئالتىنچى...... ئونىنچى خوتۇنلۇق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ، ئوزىگە تىكىلگەن مىڭلارچە كوز ئاستى-دىلا مۇلايىم ئىشلىگەندەك كورۇنەتتى. لېكىن ئىش چىڭ كېلىپ، تېرە كويدۇرىدىغان تومۇز ۋاقىتلىرىدا غىپ قىلىپ

بولدى، جۇرئەت قىلالمىغىنى پەيلىدىن يانغانلىق ئەمەس......".

ئابلىكىم ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇۋاتقاندا، ئارا يولدىن چىقىپ كەلگەن گۇڭشې پارتكومىنىڭ بىر كادىرى ئۇنىڭغا بىر خەت سۇندى:

— ئەتىگەندىن بېرى سىزنى ئىزلىگەن يېرىم قالمىدى، — دىدى ئۇ دادۇي ئىشخانىسى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، — بۈگۈن كەچتە بىر باش قىرشۇۋالامدۇق؟...... مەن يەنە ئىككى دادۇيگە بېرىشىم كېرەك. كەچتە كېلىمەن......

خەت گۇڭشې پارتكومىنىڭ كونۋېرتىغا سېلىنغان بولۇپ، كونۋېرت ئۈستىگە "تېز" دەپ يېزىلغان ئىدى.

"ئىگىز بوي، بويىنى ئىنچىكە، ئورا كوز، كەكە ساقال، ھوڭگول چىش، — دىيىلگەن ئىدى خەتتە قاچقۇننىڭ تاشقى قىياپىتى تەرىپلىنىپ، — بۇ جىنايەتچى سوخۇدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدىن — ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان يېرىدىن قاچقان......".

ئابلىكىم خەتنى ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كوز ئالدىغا بۇ يەردىن يېرىم كۈنلۈك يىراق ئاۋات رايوندا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنغان زومىگەر پومىششىك ئابدۇللا بەگنىڭ سوغاق تەلەتى كەلدى. ئابدۇللا بەگنىڭ بۇرۇن بۇ يەردە ئىجارىكەشلىرى، ئوتاقچىلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىر بۇ زالىمنى كورەر كوزى يوق. "لېكىن، — دەپ ئويلىدى مىنبىڭ دۈيجاڭ، — ئۇنىڭ بۇ يەرگە قې-

ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇتكۇر كوزلىرى ئاستىدا پومىششىك بەكرىنىڭ بۇرۇنقى سولتى قالمىغان ئىمارىتى جۇلغى چىقىپ كەتكەن ئەسكى جىنازىدەك تىپ-تىچ تۇ-راتتى.

ئارىدىن بىر سائەتچە ئوتتى. دەل شۇ مەزگىلدە ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، بەكرى ئويدىن ھويلىغا چىقتى. يول ئۇستىدىن بىر نەرسە ئاقتۇرغاندەك ئىشىك ئالدىدىكى سەيناغا سىنچىلاپ قاراپ-قاراپ قويدى-دە، ئەتراپتا ھېچ-كىم كورۇنمىگەندىن كېيىن جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى ئورە قى-لىپ، چىغىر يول بىلەن غىپ قىلىپ قوناقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ياش مىنبىك قوناقلارنىڭ شىلدىرلىشى بې-سىلغاندىن كېيىن، ئېرىق ئىچىدىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۇشتى......

× ×

"ئەۋلىيا ئىشان" مازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە چوڭ قوم دوڭى چوخچىيىپ تۇراتتى. دوڭنىڭ مازار تەرىپىگە قارىغاندا يانباغرىدا بىر توپ كاداڭ جىگدە بار ئىدى. يو-پۇرماقلىرى بوككىدە باراقسان بولغان بۇ جىگدىنىڭ شاخ-لىرى ئارىسىغا ئادەم كىرىۋالسا ھېچكىم كورمەيتتى، كى-چىككىنە شاخ ئۇستىدە ئوزىنى دالدىغا ئېلىپ، بىر مىنبىك ئەتراپقا زىرەكلىك بىلەن كوز تاشلاپ كوزەتچىلىك قىلات-تى. بىر ھازادىن كېيىن مىنبىك نېرىدىقى قوم دوڭىنىڭ كەينىدىن ئاۋايلاپ مېڭىپ كېلىۋاتقان يوچۇن ئادەمنى كو-

ئېتىزدىن تىڭشۇپتىپ "دادامنىڭ قەۋرىسىگە دۇئا-تەكبىر ئوقۇيمەن" دەپ قۇملۇقتىكى گورۇستان ئىچىدە ھەپتىلەرنى ئوتكۈزۈۋېتەتتى.

ئابلىكىم بەكرىگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش زورۇر دەپ ھىساپلىدى ۋە ئەھۋالىدىن دادۇيجاڭنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن خامانغا كەتتى. كەچتە مىنبىڭلارنىڭ جىددى يىغىنى چاقىرىلدى.

## ئوتكۈر كوزلەر

پۈتۈن يېزا جىمجىت ئۇيقۇغا چوككەن ئىدى. تولۇنئاي يۇقۇرى كوتىرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىنى نېپىز بۇلۇت پارچىلىرى قاپلىۋالغانلىقتىن، يەرگە شالاڭ-كۇرەڭ سايە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئېرىق بويىدىكى تار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار تېرەكلەر قەد كوتەرگەن، يېنىك شامال تەسىرىدە تېرەك يوپۇرماقلىرى كۈمۈش تەڭگىلەردەك زىل ئاۋاز بىلەن شىلدىرلايتتى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن قىپ-قىزىل چاقناپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار يۇپقا بۇلۇتلارنىڭ كوكسىدىن تېشىپ ئوتۇپ، نۇرلۇق شولا چاچاتتى.

ئابلىكىم قاتار تېرەكلەرنىڭ بىرسىنىڭ كەينىدە ئوزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرغان ياش مىنبىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نەرسە دەپ پىچىرلىدى-دە، ئېرىق ياقىلاپ يۇقۇرى تەرەپكە ئوتۇپ كەتتى. ياش مىنبىڭ سەگەكلىك بىلەن

بۇگۇن كىچە بۇ يەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش نىشانىسى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى). مانا ئەمدى ئۇ، يەنە كىمنىڭ-دۇر كېلىشىنى كۈتەتتى.

بايا بېشىغا ئاق رومال سالغان ئايال قانداقتۇر بىر نەرسىنى قويۇپ، خۇداغا نالە قىلىپ ئارقىسىغا يانغاندا، مىنىڭ دۇيجاڭى كىچىككىنە ساقىنىڭ تېچ ھاياتىغا زىيان-داشلىق قىلغان خۇمپەرنىڭ نەقەدەر ھىلىگەر، قۇۋ نەرسە ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئايزىمخاننىڭ ئۇنىڭ ئايلا ئالدىنىپ قال-غانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكىدىن ئېچىنىپ كەتتى. قەلبىدە بولسا ئۇچمەس بىر غەزەپ ئوتى لاۋۇلداپياندى. شۇڭ-لاشقا، بەدەنلىرىگە پېتىپ كىرىۋاتقان زەھەرلىك جىغان تىكەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنەرسە بولماي قالدى.

مانا كۈتۈلگەن مىنۇتمۇ كەلدى. يۈچۈن ئادەم كىر-پىدەك تۈگۈلۈپ، ئايال قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىنى ھاپىلا-شاپىلا قوينىغا تىقىپ، گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن گۈمبەز ئىچىدىن بىر نەرسىنىڭ شالاپىلاپ يېيىلىۋاتقىنى ئاڭلاندى. كېيىن بوغۇق ئاۋازدا گەپ باشلاندى.

—يۈرىكىم ئېغىپ تۇرىدۇ، — دېدى يۈچۈن ئادەم. ئابلىكىم بۇنىڭ زومىگەر ئابدۇللا بەگ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى، — بەكرى چوڭ، مېنى بىرەرتىسى سېزىپ قالمىغان-دىمۇ؟......

— يوقسۇ، ئۇزلىرىگە خۇدا يار، — دېدى ئىككىنچى كىشى. بۇنىڭ بەكرى ئىكەنلىكىنى ئابلىكىم ئاۋازىدىن تو-

روُپ تىنىغىنى ئىچىگە ئالدى. يات ئادەم جىگدىنىڭ يې-
نىغا كېلىپ بىر پەس ئەتراپقا قاراپ خودۇكسىنىپ تۇر-
دى-دە، جىگدىگە يولىنىپ ئولتۇردى.

شۇ پەيتتە، بېشىغا ئاق رومال سالغان بىر ئايال مەھەللە ئىچىدىن ئاستا چىقىپ ئېھتىياتلىق بىلەن مازارلىق ئىچىگە كىردى ۋە قولتۇغىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ، سەل ھودۇققان ھالدا دۇئا قىلىپ چىقىپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن جىگدىگە يولىنىپ تۇرغان يوچۇن ئادەم ئورنىدىن تۇردى-دە، گۇمبەز تەرەپكە يول ئال-
دى......

× ×

گۇمبەزنىڭ ئەتراپى قويۇق چىغ بىلەن ئورالغان ئىدى. گۇمبەزنىڭ ئېغىزىغا ئۇدۇل بىر ھارۋا ئورنى يەر-
دە تىكەنلىك جىغان يېيىلىپ تۇراتتى، توشقان ئۇۋۋا قىل-
غان بۇ جىغاننىڭ ئاستىدا ئىككى سائەتتىن بېرى ئابلىكىم يېنىچە ياتاتتى. بۇنىڭدىن يېرىم سائەت ئىلگىرى بەكرى گۇمبەزنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋاتقاندا، ئابلىكىم ئۆز گۇماننىڭ توغرا چىقىۋاتقانلىغىدىن رازى بولۇپ، بەدىنىگە كىرىپ كېتىۋاتقان تىكەننىمۇ سەزمىدى (ئابلىكىم تۈنۈگۈن بۇ ئەتراپنى تەكشۈرگەندە، قۇم ئۈستىگە بېسىلغان يات ئىزلارنى، قانداقتۇر بىر ئايال كىشىنىڭ كېلىپ-كېتىپ يۈرگەنلىكىنى ۋە بىر مۇنچە گۇمانلىق ئالامەتلەرنى بايقاپ،

نۇ...... بۇ ئەبگالارنىڭ قازنىمۇ ياغ، چومۇچىمۇ ياغ بو-
لۇپ كەتتى......

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، — دىدى قاچ-
قۇن، — بۇ نىمىلەرنىڭ بىر نىپنى ئىككى بولسا، بىر سوزى
ئىككى بولىدۇ. گەپ كوپ بولغاندىن كىيىن، سىلى بىلەن
بىزگە كۇن يوق دىسىلە. شۇڭا، بارنى يوق قىلىپ، پۇخا-
دىن چىقىش لازىم......

— مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، — دىدى بەكرى، — ئەم-
دى ھىلىقى پىلانىمىز نىمە بولىدۇ؟

— گىپىمىز گەپ، — دىدى ئابدۇللا بەگ، — ھازىر
تازا ۋاقتى-قەرەلى بولدى. سىلى بىرىپ خامانىنى كۇل
قىلىلا، مەن سۇ ئامبىرىنى...... بۇنىڭ بىلەن ھىچ
بولمىغاندا، بۇ يالاڭتوشلەر ئوز بەختىنىڭ يەنە بەش
يىل كەينىگە كەتكىنىنى سىزىدۇ. يەيدىغىنى بولمىغاندىن
كىيىن گەپمۇ چوڭ بولمايدۇ. سىلى ئايزىمخانىنىڭ جۇپ
كۇندە قۇيمىغىنى، تاق كۇندە پولوسىنى بەھۇزۇر يەۋىرد-
لا...... قانداق دىدىم؟......

بەكرى تامغىنى قىرىپ قويدى. ئابدۇللا بەگ ئەتى-
راپنى كۇزىتىپ تالاغا چىقتى ۋە بىرنەچچە مىنۇتتىن
كىيىن ”پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش“ ئۇچۇن يەر بىغىرلاپ
”ئەۋلىيا ئىشان“ مازىرىدىن چىقىپ كەتتى......

ئابلىكىم ئابدۇللا بەگ بىلەن بەكرىنىڭ ئاخىرقى
سوزىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، جىغانىنىڭ ئاستىدىن سۇغۇرۇ-
لۇپ چىقىپ، يالغۇز جىگدىنىڭ تۇۋىگە كەتكەن ئىدى.

ندى، — بۇ يالاڭتوشلەرنىڭ سىلىنى ئىلغا قىلىدىغان كوز-
لىرى كور بولسۇن، ئىلاهىم!

— ئۇغۇ شۇنداق، — دىدى قاچقۇن، — هەر هالدا
بۇ يەردىن پاتراق يوتكىلىپ كەتمىسەم بولمايدۇ؛ مەرهۇم
ئاتىلىرى قاسىم بەگ ماڭا جان دوست ئۇلپەت بولغىنى
ئۇچۇن، ئوزلىرىنى بىر يوقلاپ ئوتەي دەپ كەلگەن ئى-
دىم...... ياتقان يىرى جەننەت بولسۇن رەهمىتىنىڭ......

— دىگەنلىرى بولسۇن بەگ، ئەمدى نەگىمۇ كىتەرلا؟

— ئوزلىرىدەك خۇداگۇي بەندىلەر تىپىلىدۇ. هىلى-
قىدەك نادان ئەخمەقلەرنىمۇ (ئايزىمخاننى دىمەكچى) خۇدا
يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. كاچۇك، چىپاندىن ئوتۇپ كەتسەم،
ئۇنىڭ نىرىسىغا ئاللا كىرەم ئوزى بار، خۇدا ئاسانلىق
بەرسە مەغرۇپ تەرەپنى پانا قىلارمەن......

شۇنىڭدىن كىيىن بىرنەچچە مىنۇتقىچە قىلىنغان
گەپ ئاڭلانمىدى.

— شۇنداق قىلىپ، پىقىرنى تاشلاپ كىتەملا، — دى-
دى بەكرى ئىغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — مەن بۇ كوا-
پەتكە قانداق چىدايمەن. بۇ گاداي قەلەندەرلەر ئوز يې-
غىمدا ئوز گوشۇمنى قورۇماقتا. ئاتا مىراس زىمىنىمدا بو-
لۇپ كەتكەن هوسۇلنى كورسەم، كوزلىرىم قامىشىدۇ. هەر
كۈنى كىشى كورمىگەندە، ئاشۇ يەرلىرىمنىڭ توپىسىنى كو-
زۈمگە سۇرتىمەن؛ قىر-پاسىللىرىنى ئازغاشتۇرۇپ قويماس-
لىق ئۇچۇن كوڭلۇمگە پۈكۈمەن. نىمە دىگەن هوسۇل،
چايناپ پۈركۈۋەتكۇم، ئوت قويۇپ كول قىلىۋەتكۇم كىلى-

ئېھتىمالى ئاللىقاچان نەزەرگە ئېلىپ قويغان ئابلىكىم توشقانغا ئۆزىنى ئۇرغان بۆركۈتتەك دۈشمەن ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پولات ئال-قىنى بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى......

× ×

5 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ خامىندا چەشلەپ قو-يۇلغان بۇغدايدىن باشقا، باسۇرۇلمىغان ئۇنچىمۇ تاغدەك ئىدى. خاماندىكىلەر ھازىر ئۆيلىرىگە دەم ئېلىشقا كېتىش-كەن ئىدى. پەقەت كۆزەتچى بوۋاي قەيەردىدۇر يىراق بىر يەردە يوتىلىپ قوياتتى. بەكرى قوناقلىق ئارىسىدىن ئومىلەپ چىقتى، دوۋىلىنىپ تۇرغان ئۇنىجىنىڭ كەينىگە كەلدى. ئۇ، تېپىلمىگەن ئۇنىجىنىڭ تېغى مۇنچىۋالا كوپ ئىكەنلىكىگە، ھەتتا ئۆزىمۇ ئىشىنەلمەي قالدى. كوزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى، ئىچىدە چايان قاتىراپ "كويدۇرۇۋەتسەم، كۈل قىلىۋەتسەم......" دەپ كوڭلىدىن ئوتكۈزدى-دە، چاپىنىنى دالدا قىلىپ سەرەڭگە ياقتى. ياقتى-يۇ، ئەمما سەرەڭگە تۇتقان قول خۇددى يەردىن ئۇنۇپ چىققان-دەك پەيدا بولغان بىر مىلتىقنىڭ پۇتى ئاستىدا غۇچۇرلاپ كەتتى:

— ۋاي قولۇم، ۋاي جان!......

— ئۇنۇڭنى ئوچەر، ئىپلاس! — دىدى مىلتىق.

مازارلىقنى قورشاپ تۇرغان مىنبەگلار ئۇنىڭ جىددى بۇي-رۇغىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككىگە بولۇنۇپ ئەتراپقا تا-رىدى......

× ×

دادۇيىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئىگىزلىكتە بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى ياسالغان چوڭ سۇ ئامبىرى بار ئىدى. بۇ ئامبار دادۇيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم بىر جان تومۇر ئىدى. شالاڭ بۇلۇتلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كەڭ ئاسمان دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي قىر-غاق بىلەن لىپمۇ-لىق تۇرغان سۇنى ئەينەكتەك يالتىرى-تىپ تۇراتتى. چوڭ بىر قورام تاشنىڭ كەينىدە ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ئابلىكىم يەنە بىر مىنبەگ بىلەن يىراقتىن تىمىسقىلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى كوز ئاستىغا ئېلىپ ئولتۇ-راتتى. بىر پەستىن كېيىن ئابدۇللا بەگ يەر بېغىرلاپ سۇ ئامبىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. ئامباردا سۇ ناھايىتى كوپ بولغاچقا، ئۇنىڭ قېشىنى بۇزۇۋېتىش ئاسان ئىدى. قاچقۇن ئالاق-جالاق قىلىپ ئەتراپقا بىر قارىدى-دە، تەتۇر ئورۇپ كىيىۋالغان جۇۋىسىنى بىر چەتكە تاشلىدى، بېشىدىكى پوپۇكلۇق كۇلاسىنى چوكۇرۇپ كىيىپ، بەكرىدىن ئالغان كەتمەن بىلەن ئامبارنىڭ قېشىنى بۇزۇشقا تۇتۇندى. ئەمما، شۇ پەيتتە، ئۇستىگە بېسىپ كېلىۋاتقان قاۋۇل ئىككى مىنبەگنى كورۇپ، ھەرلۇققىنىدىن جان ئاچچىغىدا ئۆزىنى سۇغا تاشلىۋەتتى. بۇ

لەرنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، بېشىغا ئۇزۇن كۆلا، ئۇس-
تىگە تەتۈر ئورۇلگەن جۇۋا كىيىۋالغان ھىلىقى "پەرىشتە
خىزىر"نىڭ چەمبەر-چەس باغلانغان ھالدا تۇرغانلىغىنى
كورۇپ، ئۆز كوزىگە ئىشەنمەي قالدى…… "شۇ، دەل ئو-
زى. ساقىنىڭ دادىسى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئاشۇ نىمىنىڭ
يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ، بىر نېنى ئىككى بولماي،
قۇرۇپ-قاخشال بولۇپ قالغان ئەمەسمىدى-ھە؟!……".
ئايزىمخانىنىڭ قوشۇمىلىرى تۇرۇلدى، كوزلىرىدىن
ئەلەم ياشلىرى ئاقتى ۋە نىمە ئۇچۇندۇر خورلۇق كېلىپ
ھالسىزلانغاندەك بولدى. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى
يېنىدىن يولەپ، مىنىڭ دۇيجاڭى بىلەن خەلق گۇگشېسى-
نىڭ دوختۇرى تىك تۇراتتى……

1963-يىل، يەكەن — كاچۇك.

× ×

كىچىككىنە ساقى بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بالدۇر ئويغى-
نىپ كەتتى. ئۇ، كوزىنى ئېچىش بىلەن تەڭ:

— ئانا تۇخۇم يەيمەن، تۇخۇم ...... — دېدى.

ساقى كىچىكىدىن تۇخۇمغا ئامراق ئىدى. بالىسىنىڭ تاماققا كىرىشىپ كېلىۋاتقىنىدىن چەكسىز خوشال بولغان ئانا ئوينى ئاقتۇرۇۋىدى، تۇخۇم تېپىلمىدى. ئايزىمخان تىت-تىت بولۇپ، ساقىنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە كو-زى قىيماي تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن خوشنىلاردىن بىرى ۋاقىرىدى:

— ۋاي ئايزىمخان، بولسىلا ......

ئايزىمخان ھېچنىمىنى چۈشەنمىدى، خوشنا ئايال ئىزاھ بەردى:

— كارامەت بىر ئىش. بىزنىڭ مىنبىڭلار ”ئەۋلىيا ئىشان“ مازىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بىر بۇزۇق قاچقۇننى تۇتۇۋاپتۇ، بەكرى چايانمۇ شۇ قاچقۇن بىلەن بىللىدەك......

ئايزىمخاننىڭ كوڭلى دەككە-دۈككىگە چۈشتى. ئۇ-نىڭ خىيالىغا ئاللىنىمىلەر كىرىپ چىقتى:

— ”ئەۋلىيا ئىشان“ مازىرىدىن دەملا؟......

ئايزىمخان بۇ گەپكە جاۋاپ ئىلىشقىمۇ ئۇلگۈرمەي، ئۇنى ساقىغا قاراشقا قالدۇرۇپ، ئوزى ئىختىيارسىز مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى.

ئۇ، دادۇي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان كىشى-

نىمدا، ئۇستەل ئۈستىدىكى تېلېفون ئارقا ـ ئارقىدىن قاتـ
تىق جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن
تونۇش بىر ئاۋاز:

— ۋۇي، تەھرىر بولۇممۇ؟ ...... سىز، — دەپ توختـ
تاپ قالدى.

مەن ئىسمىمنى ئېيتتىم، تونۇش ئاۋاز دەرھاللا:

— بەللى، دۇرۇس، نەق تېپىپتىمەن ـ دە! ياخشى،
سىز مۇخبىر يولداش ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ـ قانـ
داق؟ سىز بۇ يەرگە پات ـ پات چىقىپ تۇرۇشقا ۋەدە
بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ...... ئوھوي ...... نىمىسىنى ئېيتىسىز، ھا ـ
زىر بىز بوي بەرمەس "ئاپەت ئېغىزى" نى يوگەنلەشكە
ئاتلاندۇق. پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىغى، راست
گەپنى دىسەڭ بىزنى بولەكتىن قاناتلاندۇرۇۋەتتى. "جاھىل
قورغان" ئاخىر يەنە بۇ ئىشنى ئوز ئۈستىگە ئالدى. ئاڭـ
لاۋاتامسىز؟ — دىدى.

— ئاڭلىدىم، ئاڭلاۋاتىمەن، — دىدىم مەن، — ھە، ھە،
"جاھىل قورغان" دىدىڭىزما؟ بۇ ئوزى نىمە گەپ، نىمە
"جاھىل قورغان"؟ ......

— بەللى، ئەستىن چىقىرىپسىز ـ دە، دۇرۇس، مەن
بۇ ئىشنى ئېيتماپتىمەن، — دىدى تونۇش ئاۋاز، خوشال
ھاياجان بىلەن، — ھە، ھىلىقى كورەش يىغىنىدا ھىچنىمىنى
ئۈستىگە ئالمىغان، يالغاننى راست دەپ ئەخمەق بولمايمەن،
دادۇيجاڭ بولمىسام نىمە بوپتۇ، قولۇمنىڭ پەنجىسى بەش،
راۋرۇس دىخان بولالايمەن، — دەپ تۇرۇۋالغان "جاھىل قور ـ

# قۇدرەت

## 1

گېزىت خىزمىتىنىڭ تەلۋى ئەنە شۇنداق.

رادىيو دولقۇنلىرى پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلـ-غانلىقى توغرىسىدىكى ئالاھىدە خەۋەرنى تارقىتىش بىلەن تەڭ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى قاينام - تاشـ-قىنلىق چوڭ خۇشاللىققا چۆمدى. تەھرىر بولۇمىمىزگە، بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن زور قوزغىلىش خەۋەرلىرى باھار يامغۇرىدەك ئار - قا - ئارقىدىن ئۇزۇلمەي كېلىشكە باشلىدى. تەھرىرلەر، مۇخـ-بىرلارمۇ خۇشال ۋە ئالدىراش ئىدى.

مەن بۇگۈن ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق بولۇمگە كەلـ-دىم، ئالدىمدا تېخى بايىلا پوچتالىيون ئېپكېلىپ بەرگەن نۇرغۇن ماقالا - خەۋەرلەر يېيىلىپ تۇراتتى. ھەممىسى كىـ-شىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېـ-چىلغانلىقى شەرىپىگە تەنتەنە قىلىدىغان ۋە ئۇ ئەمەلىي ھەركەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان خۇش خەۋەرلەر...... مەن بۇلارنى ئالدىراپ كۆرۈۋاتقىـ-

ھاياجان ئۇز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى: بىرسى — بۇ دادۇي ئۇزىنىڭ كونا مىجەزى بويىچە چاقـ ماق تېزلىكىدە ھەركەتكە كېلىپ، قۇرۇلتاينىڭ ئاخباراتىنى ئاڭلاش بىلەنلا "ئاپەت ئېغىزى" غا ھۇجۇم باشلىۋەتكەنلىـ كى؛ يەنە بىرسى — ئىنتايىن مەنىلىك، قىزىقارلىق ھالدا "جاھىل قورغان" نىڭ يەنە بۇ ئىشنى ئۇز بەستىگە ئالـ غانلىغى بولدى......

مەن شۇ كۈنى چۈشكىچە ئۇز ئىشىمنى ئالدىراپ تۈگەتتىم - دە، بىرمۇنچە گېزىتنى سومكامغا سېلىپ "ئالغا" دادۇيىگە قاراپ يولغا چىقىپ كەتتىم......

2

زەرەپشان بويلىرى بەركەتلىك كۈز ئايلىرى كېلىشى بىلەن رەڭگا - رەڭ تۈز قانىتىدەك ياسىنىپ تېخىمۇ گۈزەلـ لىشىپ كېتىدۇ. ئېتىز - ئېرىقلاردىن شىرىن - شېكەر قوغۇنـ تاۋۇز، باغلاردىن مىۋە - چېۋىلەرنىڭ مەزىلىك پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. يولغا چىققىنىمغا بىر سائەت ئاشتى. ۋەلسىپىتنىڭ چاقى تىنىمسىز ئايلانماقتا. كوزۇم يول بويلىرىدىكى چىرايلىق مەنزىرىلەردە بولسىمۇ، لېكىن، خىياللىرىم "ئالغا" دادۇيى ۋە ئۇنىڭ يېڭى شۇجىسى "جاھىل قورغان" ئەتراپىدا ئايلىناتتى......

مەن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى يەنى 1974 - يىلي "ئالغا" دادۇيىگە "ئەمگەك قىلىپ، دۇنيا قاراشنى

غان"- ھە، ئاشۇ قۇدرەت بارغۇ، شۇ قۇدرەت ھازىر دا-
دۈيمىزگە شۇجى بولدى! ئەمدى ئۇقتىڭىزمۇ؟ ......

— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم ......، — دېدىم مەن.

— دىمەكچى بولغان گېپىم، — دېدى ئۇ، — گەپ ياخشى باشلامچىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىدا. باشلامچى تاققا چىقىشقا جۈرئەت قىلسا، بىز ئەزالار يولۋاسنىڭ ئۇۋۇدسىغا ئېتىلىپ كىرەلەيمىز. بۇ، ئادەتتىكى قائىدە...... ھازىر غەيرەت چوڭ، لېكىن، قۇرۇلتاينىڭ ھوججەتلىرىنى رادىيودىن ئاڭلاۋاتىمىز. ئارىلىق يىراق بولغاچقا، گېزىت تېخىچە چىقمىدى. قۇدرەت شۇجى كوپچىلىكنى دەرھال رادىيو ئاڭلاشقا، پارتىيە 11-قۇرۇلتىيىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشقا ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما، كوزى يەنىلا گېزىتنىڭ كېلىشىگە قاراپ قالدى. دەرھال بىرنەچچە سان گېزىت چىقارتىۋەتسىڭىز قانداق؟ ......

ئوھۇ...... ئىش مۇنداق ئىكەن-دە!

تېلېفون بەرگەن كىشى زەرەپشاننىڭ يۇقۇرى ئېقىم تەرىپىگە جايلاشقان "ئالغا" دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، پېشقەدەم كوممۇنىست نۇر بوۋاي ئىدى. نۇر بوۋاي ئازاتلىق بىلەن تەڭلا خىزمەتكە قاتناشقان، ئەڭ بۇرۇن پارتىيىگە كىرگەن، كەنت باشلىقى، دىخانلار جەمىيىتى مۇدىرى، ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ھازىر ئاساسەن ياچېيكىدا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەيتتى.

نۇر بوۋاينىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، مېنى قىزغىن بىر

ئادەمنى گەجگىسىدىن تارتىپ ئۇرە تۇرغۇزدى ـ دە، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا مۇشتۇمىنى تەڭلەپ، نىمىندۇر بۇيرۇدى. ساللىۋا تۇماقلىق ئىگىز ئادەم كورسىتىلگەن باشقا بىر مۇز پارچىسىغا سەكرىدى، بەستلىك كەلگەن كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن سەكرەپ، يەنە بۇيرۇدى. ساللىۋا تۇماقلىق ئادەم تەمترەپ يۇرۇپ، يەنە بىر مۇز پارچىسىغا سەكرىدى......

ئۇلار شۇ خىلدا مۇزدىن مۇزغا سەكرەپ قىرغاققا يېقىنلىشىپ كەلدى.

نۇر بۇۋاي:

— دەل ئۇزى! تونۇدىڭىزمۇ، "جاھىل قورغان"! — دىدى ـ دە، ئالدىراپ جۇۋىسىنى يەشتى.

بەستلىك كەلگەن كىشى پۇتى ئاستىدا ئىقىۋاتقان مۇز پارچىسىنى قىرغاققا يېقىنلاشتۇرۇپ، ھىلقى ئادەمنى قىرغاققا ئىلىپ چىقتى.

نۇر بىۋاي جۇۋىسىنى ئۇزى "جاھىل قورغان" دىگەن بەستلىك كىشىنىڭ ئۇستىگە يېپىپ تۇرۇپ:

— قۇدرەت ئوغلۇم، باتۇر ئەزىمەت، سەن بۇ ھارامزەدىنى نەدىن تۇتۇپ كەلدىڭ؟ — دىدى.

مەن قۇدرەتكە قارىدىم. قۇدرەت ۋۇجۇدى كۇچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، بەستلىك كەلگەن، ئوتتۇز ياشلاردىكى بىجىرىم كىشى بولۇپ، توم ـ كالتە قارا قاش، كوزلىرى چوڭ ۋە ياراشقان بۇرۇتلىرى بار ئىدى. ئۇ، نۇر بىۋاي يېپىپ قويغان جۇۋىنى ئۇستىدىن ئىلىپ، يەنە بىۋايغا سۇندى:

ئوزگەرتىش" كە ئەۋەتىلدىم. بۇ چاغ تازا باھار پەسلى بولۇپ، دەريادا مۇز ئېرىشكە باشلىغان پەيت ئىدى. مەن بۇ دادۇيگە ئورۇنلىشىپ ئەتىسى بىرئاز يۇلغۇن كوتىكى كولاپ كېلىش ئۇچۇن، نۇر بوۋاي بىلەن ئىككىمىز دەريا بويىدىكى 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۇيىگە قاراپ ماڭدۇق. قىرغاققا يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن نۇر بوۋاي ئوتكۇر كوزلىرىنى بىردىن دەرياغا تىكىپ:

— ھە!...... كورۇۋاتامسىز؟ مۇز ئۇستىدە ئېقىپ كېلىۋاتقان كىمكىنە؟ — دىدى.

مەن ئىتتىك دەرياغا قارىدىم. بىرنەچچە يۇز مېتىر كەڭلىككە سوزۇلغان چېڭ ئېقىندا ئات ھارۋىسىدەك، ئويدەك مۇز پارچىلىرى بىر بىرىگە قاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن لومۇلدەپ ئېقىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا، چېڭ بىر مۇز پارچىسىنىڭ ئۇستىدە تونۇش بولمىغان ئىككى ئادەم شىددەت بىلەن پومداقلىشىپ ئېلىشىۋاتاتتى. مۇز پارچىسى لەپەڭشىپ تۇراتتى ۋە ئۇلار ھەللا مۇز ئاستىغا ئاغدۇرۇلۇپ چۇشۇپ كېتىدىغاندەك ئىدى......

— مانىمى، توختاڭ، بۇ، بۇ "جاھىل قىرغان" مۇ نىمە؟ — نۇر بوۋاي شۇ گەپنى ئېيتتى - دە، چاققانلىق بىلەن قىرغاقتىن توۋەنگە سىرىلىپ، دەريا تەرەپكە يۇگۇردى، مەنمۇ كەينىدىن يۇگۇردۇم.

شۇ ئارىدا لەپەڭشىپ ئېقىۋاتقان مۇز ئۇستىدە شىددەت بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىككى كىشىدىن بەستلىك كەلگەن بىرسى سالۋا تۇماق كىيىۋالغان ئېگىز بوي يەنە بىر

"ئىسيانچىلار قوي ئەكەل، قۇرۇق تاغار ئورە تۇرمايدۇ، دەپ بۇيرۇدى" دەيدۇ! خىيالىمغا نىمىلەر كەچتى، قارد-سام دەريادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمدۇ، قېنىم ئۇرغۇپ، كەيىن-دىن قوغلاپ تۇتۇپ كەلدىم، — قۇدرەت شۇ گەپنى ئېيى-تىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، نۇر بوۋايغا قارىدى: — نۇر بوۋا، سەن ئېيتقىنا، بىز كوپچىلىك ئون يىللاپ ئەجرى قىلىپ بىر تال-يېرىم تالدىن يىغايلى، بۇ نىمە-لەر بۇزۇپ-چېچىپ يەپ تۈگەتسە قاراپ تۇرالا-دۇق؟!......

دەل شۇ پەيىتتە، مەھەللە تەرەپتىن يەڭلىرىگە قىزىل بەل-گە تاقىۋالغان بەش-ئالتە "ئىسيانچى" ئالمان-تالمان يېتىپ كەلدى، "ئىسيانچىلار" نى كورۇپ، بايىقى سالۋا تۇماقلىق نەرسە، بىردىن قىياپىتىنى ئوزگەرتىپ تۇيۇقسىز قۇدرەت-كە گولەيدى:

—سەن، كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، بۇگۇن دىگەن گېپىڭنى بىلەمسەن؟! سېنىڭ "جاھىل قورغان" لىقىڭ ئاپ-ئاشكارا بولدى، سەن...... تىغ ئۇچىنى نەگە قارات-تىڭ-ھە؟ "ئىست، بىكار كەتكەن ئالتە يىل" دىدىڭما! سەن يەنە ئىنقىلاپچى باتۇر يىگىتلەرنى "سوسە بايۋەتچى" دىدىڭ، يالغانمۇ، ئېيتە؟! — دەپ، ۋاقىراپ-جاقىراپ دەريا بويىنى بېشىغا كىيدى.

ھىلىقى ئالتە "ئىسيانچى" قۇدرەتكە دىۋەيلىدى:

— ھوي، ئېيتە، دىگىنىڭ راستمۇ؟ سەن "جاھىل قورغان" نى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتمەكچە بىز ئىنقىلاپنى

— مەن توگلىمىدىم تاغا، سەن يېپىنىۋال، — دېدى ئۇ نۇر بوۋايغا قاراپ. ئاندىن نىمىدىنىدۇر جىلى بولغاندەك غەزەپ بىلەن قولىنى سىلكىدى - دە، دەريا سۈيى قىرغاق چېقىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋەيران قىلىپ پەيدا قىلغان چېقىل ساي تەرەپكە قارىدى، — ئىست بىكار كەتكەن بەش - ئالتە يىل!......يەنە ئىككى - ئۈچ يىل كارىمىز بولمىسا، دادۇينىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ يېرىمى سۇغا يەم بولۇپ تۈگەيدۇ...... نىجىس!......

شۇنىڭدىن كېيىن قۇدرەت نۇر بوۋايغا:

— "جاھىل قورغان" دىسە دەۋەسۇن، مەن بۇ جاھىللىقنى قىلماي قويمايمەن. ئاخىر بىر كۈنى "ئاپەت ئېغىزى" نى تىزگىنلەيمەن! ئەتىياز كەلدى. مانا ھازىر يەنە تېرىلغۇ يەر دەرياغا تالقان بولۇپ يىمىرىلىپ چۈشۈش - كە باشلىدى. ھېچكىمنىڭ كارى يوق، بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىغىلى بولىدۇ! — دېدى.

نۇر بوۋاي سالۋا تۇماقلىق ئادەمگە كوزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويدى. قۇدرەت:

— ماۋۇ ئېتىز چاشقىنى، — دېدى سالۋا تۇماقلىق ئادەمگە خەنجەردەك قادىلىپ، — گەپ قىلمىسام بۇ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ دادۇيىمىزدىكى سوسە بايۋەتچىلەرنى دەي - دەيگە سېلىپ، دادۇينىڭ يىلىكىنى شوراپ تۈگەتتى. مانا ئەمدى تاغدىكى مالغا خىرىس قىلىۋېتىپتۇ......بۇگۈن "چې - قىل ساي" نىڭ ھالىنى يەنە بىر كورەي دەپ كەلسەم، بۇ ئېتىز چاشقىنى تاققا مېڭىپتۇ، "نىمە گەپ؟" دىسەم،

ئۇلار دادۇي ئىشخانىسى تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، نۇر بوۋاي ئېغىر خورسىنغان هالدا ماڭا قاراپ:

— جۇرۇڭ، بىرىپ باقلى، قۇدرەتنىڭ دىگەن گې-پىنىڭ قايىسى يالغان! — دىدى.

بىز ئارقىمىزغا ياندۇق. كېتىۋېتىپ مەن نۇر بوۋاي-دىن كىشىلەرنىڭ قۇدرەتنى نىمە ئۈچۈن "جاھىل قورغان" دەپ ئاتايدىغانلىقىنى سورىدىم.

نۇر بوۋاي ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

— سىز بۇ يەرگە بىرنەچچە قېتىم مۇخبىرلىققا كەلگەن بولسىڭىزمۇ، تېخى كوپ ئىشلارنى چۈشەنمەيسىز،— دەپ، ئاپپاق ساقاللىرىنى سىلاپ، قوشۇمىلىرىنى تۈردى،— گەپ قىلساق، گەپ تولا. ھەممە نەرسىنىڭ يىلتىزى بولى-دۇ. بايىقى سالۋا تۇماقلىق نىمىنىڭ ئېتى ئىسقاق. ئىس-قاقنىڭ دادىسى ئوسمان يەر ئىسلاهاتىدا پومىشىك ئون-سۇر ئايرىلغان. ئۇ چاغدا ئىسقاق يىگىرمە توت، يىگىرمە بەش ياشلاردىكى كالتە بازارچى سودىگەر ئىدى. قۇدرەت-نىڭ دادىسى ئەسلىدە ئوسماننىڭ يىللىقچىسى ئىدى. ئازات-لىقتىن كېيىن قەد كوتىرىپ كەنت باشلىقى، كوپىراتىپ مۇدىرى بولغان، ئالى كوپىراتسىيە قۇرۇش مەزگىلىدە ئوسمان پو-مىشىك يەنە بىر تەتۈر ئىنقىلاپچى بىلەن بىرلىشىپ، قۇد-رەتنىڭ دادىسىنى ئولتۇرۇۋەتتى. بۇ ئىشتا، ئىسقاقنىڭمۇ چې-تىشلىقى بولغاچقا، دادىسى ئېتىلىپ، ئوزى لاۋگەي قىلىن-غان. قۇدرەت ئوتتۇرا مەكتەپنى توگىتىپ، قايىسىبىر ئالى مەكتەپكە ئوقۇشقا بارىدىغان بولغاندا، ئىسقاقمۇ جازا مۇد-

ھەرگىز توختاتمايمىز! "ئىست ئالتە يىل" دېگىنىڭ مەدىنى- يەت ئىنقىلاۋىغا ھۇجۇم قىلغىنىڭ، "سوسە بايۋەتچى" دېگە- نىڭ قىزىل ئىسيانچىلاردىن تەتۈر ھىساپ ئالغىنىڭ، پۈرو- لېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇرغىنىڭ ئەمەسمۇ، ئېيتە، ئېيتامسەن- يوق؟ — دەپ تەڭلا يىپپىشتى.

قۇدرەت پۈتلىرىنى كېرىپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى:

— دىدىم، نىمىسى يامانكەن! دەريا تېرىلغۇ يەرنىڭ يېرىمىنى يالاپ چېقىپ ئۈرۈپ بولدى. يەر ۋەيران بولۇپ تۈگىسە، ئاسمانغا تېرىقچىلىق قىلامدۇق؟ ئەزالار ئۇ يىلى- دىن بۇ يىلغا بىر قوينى خادىتالاش قىلىشمايدۇ، سەنلەر ھە دىسە تاغدىن قوي ئەكىلىپ يەۋىرىشسەڭ، نىمە توشاي- دۇ، يوق گەپ، مەن چۈشەنگەن ئىنقىلاپ مۇنداق ئەمەس!......

قۇدرەتنىڭ ئېغىزىدىن شۇ گەپ چىقىش بىلەن ھە- لىقى ئالتىسى قۇدرەتكە بىراقلا ئېتىلدى "سەن بۇگۈن نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى! ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئىنقىلاپنى تۇنجۇقتۇرماقچى" دىيىشتى ۋە ئۇنى باغلىماقچى بولدى.

لېكىن، قۇدرەت ئۇلارنى بىرلا سىلكىپ ئۆزىدىن نېرى قىلدى- دە، غەزەپ بىلەن:

— جۈرىشە، باغلاپ نىمە قىلىسەن. بارساق دادۇيگە بارىمىز، دوزاققا بارمايمىز! — دەپ، گۈس- گۈس دەسسەپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ھېلىقى ئالتە ئىسيانچى بىلەن سالۋا تۇماقلىق نەرسە پايپاسلاپ قۇدرەتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى......

— قۇدرەت دادۇيجاڭ بولۇپ، 3 - يىلى 8 - ئاي-
لاردا "ئاپەت ئېغىزى" نى ئىزگىلەش مەسىلىسىنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. بۇ بىر جىددى ئىش ئىدى. دەريا دادۇيىنىڭ
توت - بەش يۈز مو يېرىنى چېقىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئە-
گەر بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، ئالتۇندەك تېرىلغۇ يەر دەرياغا
تالاپ بولۇپ تۈگىشى مۇمكىن ئىدى. قۇدرەت كوپچىلىك-
نى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەمدىلا ئىش باشلاش بىلەن تەڭ،
مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى باشلاندى...... "ئاپەت ئېغىزى" نى
ئىزگىلەش نەدە، بىز نەدە بولۇپ كەتتۇق. قۇدرەتتىن ھو-
قۇق تارتىۋالدى. ھەممىمىز بىكارچى بولدۇق...... "سوسە
بايۋەتچى" دىگەنلەر دادۇيىمىزدىكى بىرنەچچە قۇلاقكەستى-
لەر، ئىش خوشياقماسلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈنى تۇغدى......
ئىسقاق ئۇلارنىڭ قوينىغا ئوزىنى ئاتتى...... قۇدرەت كوپ
قېتىم ھەر خىل بەدناملار بىلەن كۈرەش قىلىندى، لېكىن
ئۇ ھېچنىمىنى بوينىغا ئالمىدى. گەپ تاللىشىپ، زوكۇنلىشىپ
تاياق يىگەن يەرلىرىمۇ بولدى. لېكىن، زادى باش ئەگمە-
دى......"جاھىل قورغان" دىگەن گەپ ئاشۇلار كىيگۈزگەن
قالپاق. بۇ گەپ تولا ئېيتىلىۋەگەنلىكتىن بىزمۇ ئانچە - مۇن-
چە "جاھىل قورغان" دەپ قويىمىز. لېكىن، بۇنىڭ مەنىسى-
نى بىز ئوزىمىزچە، ئۇلار ئوزىچە چۈشىنىدۇ......

3

مەن ئەسلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، يىراقتىن زەرەپ-
شان قىرغاقلىرى، "ئالغا" دادۇيىنىڭ ئەتراپى ئانار، ئەنجۈر،

دىتىنى تۇگىتىپ دادۇيگە قايتىپ كەلدى. قۇدرەتنىڭ ئالى مەكتەپكە بېرىشى بىلەن ئىسقاقنىڭ قايتىپ كېلىشىنىڭ مۇن-داق بىرلا ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن؟ ئىس-قاقنىڭ قايتىپ كەلگەنلىگىنى كورۇپ، ھېچ ئويلىمىغان يەر-دىن قۇدرەت ئالى مەكتەپكە بېرىش نىيىتىدىن ۋاز كەچ-تى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش شۇ كەمدە بەزىلەر ئۇچۇن بىر ئاز غەلىتە كورۇندى. ئەمما، بىز قۇدرەتنىڭ كوڭلىدە دادىسى-نىڭ ئىنتىقامى ئوت بولۇپ يانغانلىغىنى كوردۇق، قۇدرەت-نىڭ تەلىۋى قەتئى ئىدى. ئۇ ئاخىر پادىچى تايىغىنى قو-لىغا ئېلىپ خاتىرجەم بولدى. قۇدرەت پارتىيىنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پادىچىمۇ، دۇي بوغالتىرىمۇ، دۇيجاڭمۇ بولدى، پارتىيىگە قوبۇل قىلىندۇق. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئۇچ يىل ئىلگىرى دادۇيجاڭ بول-دى. قۇدرەت دادۇيجاڭ بولغاندىن كېيىن بۇ يەردە ئىل-مي تەجرىبە ئېتىزلىرى، يېڭى تېخنىكا ئۇگىنىش، مەدەنى-يەت ئۇگىنىش ھەركىتى دەررۇ قانات يايدى، ئەزالارنىڭ ھال - ئوقىتى بەلەن بولۇپ كەتتى. دادۇيىمىز گوڭشې بويىچە ئىككىنچى يىلىلا "ئىلغار" دادۇيلەر قاتارىغا ئوتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇدرەت ئىسقاقنىمۇ كوز قىرىدىن كەتكۈزمىدى. ئۇنىڭ كوللېكتىپنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان، جازانە - ھا-يانكەشلىك بىلەن كىشى ئالدايدىغان، ياشلارنى ئالداپ چى-رىتىدىغان بۇزۇق ئىشلىرىغا قاتتىق چەك قويدى......

نۇر بوۋاي سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ ئېيتتي:

ساي" قۇرۇلۇشنى دەررۇ قولغا ئالدى، ئەگەر بىز بۇ "ئاپەت ئېغىزى" بىلەن يەنە بىر ـ ئىككى يىل كارسىز بولمايدىغان بولسا، دادۇي ھالاك بولاتتى. قۇدرەت: يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئالدى بىلەن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۈچى جارى بولىدىغان يەر بولۇش كېرەك، يەر بولمىسا، خىمىيە ئوغۇت، تىراكتور، كومبايننى ئاسماندا ئىشلىتەمسەن؟ ھازىر ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، تېرىلغۇ يەرنى قۇتقۇزۇپ، "چېقىل ساي" قورۇلۇشنى تۇتۇش كېرەك، — دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. دىخان بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ، تالاش ـ تارتىش بولغىنى يوق. 11 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئىلھامى بىلەن گۈررىدە قوزغالدۇق: ئەگەر بۇ ئىش ئون يىل ئىلگىرى قولغا ئېلىنغان بولسا، ھازىرقىدەك مۇنچىۋالا چوڭ زىيانمۇ بولمايتتى، "ئاپەت ئېغىزى" دىكى زىيان بىر دادۇينىڭ تەقدىرى بولۇپ قالغىنى تاس قالدى!......

بىز پاراڭلىشىپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدۇق، ئالدىمىزدا "ئاپەت ئېغىزى" چىراي ئاچتى......

"ئاپەت ئېغىزى" دېگىنىمىز — كوپ يىللاردىن بۇيان بەڭۋاش دەريا قىرغاقتىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى بوسۇپ ـ چىقىپ پەيدا قىلغان چېقىل ساي ئىكەن. "چېقىل ساي" نىڭ ئىچىدە يېرىم ئاي شەكلىدە چوڭ بىر تارام سۇ قىرغاق چېقىپ ئەگىپ ئاقاتتى. "ئاپەت ئېغىزى" نى تىزگىنلەش دېگىنىمىز — ئاشۇ تارام سۇنىڭ كىرىش ـ چىقىش

ئالملىق باغلار بىلەن ئورالغان كوجۇم يېڭى مەھەللىرى كورۇنۇشكە باشلىدى. ھەمسات ئوتمەي دادۇي ئىشخانىسى-نىڭ ئالدىغا يېتىپ باردىم، ۋەلسىپىتتىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا، ئىشخانىنىڭ ئىچىدىن نۇر بوۋاي ئالدىراپ چىقىپ كەلدى:

— ئوھۇ...... مۇخبىر يولداش، ئاخىر يېتىپ كەپ-سىز - دە، — دىدى ئۇ ئىمىنىدۇر ئويلىنىپ بىر ئاز تۇرۇ-ۋالغاندىن كېيىن، — خوش، ئىشخانىغا كىرەمدۇق ياكى......، — دەپ ئەقىللىق كوزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى.

مەن نىمە دىيىشىمنى بىلمىدىم، نۇر بوۋاي:

— ھازىر بارلىق ئەزالار "ئاپەت ئىغىزى" دا، مە-ھەللىدە ھىچكىم قالماپتۇ، ئوھۇ...... ئۇ يەردە چوڭ ئىلى-شىش...... قانداق، شۇ يەرگە بارامدۇق؟ — دىدى.

نۇر بوۋاي بۇ يەرگە تېلېفون ئارقىلىق گۇڭشېدىن يەر چىڭدايدىغان تىراكتۇر ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغىلى كەلگەن ئىكەن. مەن دەريا بويىغا بېرىشقا قوشۇلدۇم.

بىز پاراڭلىشىپ ماڭدۇق، نۇر بوۋاي "4 كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىنكى دادۇينىڭ ئەھۋالىنى سوز-لەپ بېرىپ، مۇنداق دىدى:

— ئىش ئىزىغا چۈشتى، قۇدرەت شۇجى بولغاندىن كېيىن، ھىلىقى قايمۇققان ياشلارمۇ دەررۇ ھەق - ناھەقنى، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ سۇيىقەست، ھىلە - مىكىر-لىرىنى چۈشىنىپ يەتتى، ئىسقاقمۇ قولىغا كەتمەننى ئېلىپ يۇۋاش بولۇپ قالدى. "جاھىل قورغان" ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىشى بىلەن، تاشلىنىپ قالغان "چېقىل

— قۇدرەت ئوغلۇم، سەن ئويلىنىپ كور، ھازىرقىسى تېخى كەلكۈن ئەمەس، چوڭ كەلكۈن ئالدىمىزدا،— دېدى.

— شۇنداق، — دېدى قۇدرەت تەمكىنلىك بىلەن، — دەريادا كۈز پەسلى ئىككى - ئۈچ قېتىم چوڭ كەلكۈن بولىدىغانلىقى ئادەت. "ئاپەت ئېغىزى" دا ياسىلىۋاتقان دوممىنى بۇ قېتىمقى كەلكۈننىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم. شۇ چاغدىلا، كېلەر يىلى ئىشەنچىلىك تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدۇ، دوممىا بۇ قېتىمقى سىناقتىن ئۆتەلىسە، ئاندىن دەريا بىزنى ئەمەس، دەريانى بىز باشقۇرالايدىغان بولىمىز ......

قۇدرەت شۇ گەپنى ئېيتىپ، كوپچىلىكنى كېمىلەردىكى تاشنى چۈشۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى، ھەممىمىز كېمىلەر تەرەپكە مېڭىشتۇق ......

## 4

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتتى. پۈتۈن دادۇي جاسارەتكە كېلىپ ئىشلىدى، تارامنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزى تىزگىنلەندى، "ئاپەت ئېغىزى" ئۈستىدە مەزمۇت دوممىا قەد كوتەردى......

بۈگۈن دوممىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى جىددى كېتىۋاتاتتى، چۈشكە يېقىن بىردىنلا قۇرۇلۇش ئورنىنى قىل - پال، لېكىن ئېغىر بىر ۋەھىمە ئارىلاپ ئۆتتى. ھەم-

ئېغىزىنى توساپ، سۇنىڭ ئېقىمىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەيران بولغان بىر - ئىككى مىڭ مۇ يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش مەسىلىسى ئىدى.

بىز "ئاپەت ئېغىزى" غا يېقىنلىشىپ، تارام بويىنى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئالدىمىزدا ئەزىم دەريا ۋاشىلداپ قايناپ ئاقاتتى. دولقۇنلۇق دەريا ئىچىدە تۆت - بەش كېمە نېرىدىكى قىرغاقتىن ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. تارامنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزلىرىدا پۈتۈن دادۇيدىكى ئەر - ئايال ئەزالار جىددىي ئەمگەك قىلماقتا، بوقا - تورمەللەرنى ياسىماقتا، دومبا سوقماقتا، تاش توشۇماقتا ئىدى.

تارامنىڭ كىرىش ئېغىزىغا چۈشۈشىمىز بىلەن كېمىلەر بىر - بىرلەپ تارام بويىغا كېلىپ توختىدى. باشلامچى كېمىنىڭ ئۈستىدىن قۇدرەت شۇجى سەكرەپ قىرغاققا چىقتى. ئۇ، بۇرۇنقىدەكلا قاۋۇل، جۇشقۇن ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچكە تولغاندەك، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى:

— "ئاپەت ئېغىزى"نى تىزگىنلەشتە، — دېدى ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، — تارام ئېغىزىغا دومبا سوقۇپ، دەريا بىلەن چېقىل سايىنى ئايرىپ تاشلاش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن تاش بولمىسا بولمايدۇ، نېرىدىكى قىرغاقتىن تاش توشۇۋاتىمىز. قارىغاندا دەريادىكى دولقۇن بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە جىمىقىدۇ. 8 - ئاينىڭ ئاخىرى، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە بىر قېتىم كەلكۈن بولىدۇ. بىز مۇشۇ ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى چىڭ تۇتماقچى......

نۇر بوۋاي ئويلانغان ھالدا:

دەك، ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۈشكۈل ئىشلارنىڭ يېنىدا ھە-
مىشەم ھازىر ئىدى......

نۇر بوۋاي دومبا ئۈستىدە قوشۇملىرى تۈرۈلگەن ھالدا تاغ تەرەپكە قاراپ تۇرغان قۇدرەتكە ئويچانلىق بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ:

— دەريا ئۆز بەڭۋاشلىغىنى ئاخىر قىلىدىغان بول-
دى-دە! — دىدى ۋە ھەدەپ تاغ تەرەپكە، بىپايان ئاس-
مان بوشلۇغىغا كۆز يۈگۈرتتى.

ئېيتقاندەك، چۈش بولا-بولماي ئاپ-ھاۋا بىلى-
نەرلىك ھالدا سوۋۇدى. سىم-سىم يامغۇرنىڭ ئاللىقاچان شەپىسى كەلگەن ئىدى. بىراق، ئادەتكە قارشى بىر تى-
مىمۇ يامغۇر چۈشمىدى. ئەكسىچە، نامازدىگەرگە يېقىن كوئېنلۇننىڭ پايانسىز قارلىق چوققىلىرى دەسلەپ كۆكۈش، كېيىن قارامتۇل-قېنىق كۈل رەڭگە بويالدى-دە، ھايت-
ھويت دىگىچە تاغ تەرەپتىن چىلەكتىن قۇيۇلغاندەك قويۇق توكمە يامغۇر بىسىپ كەلدى.

قۇدرەت قويۇق چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئىچىدە بىلىنى تارتىپ باغلاپ، ئېگىز بىر تاش ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى:

— قېرىنداشلار، ئالدىمىزدا ئېغىر سىناق تۇرۇپتۇ، — دىدى ئۇ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان نەچچە يۈز ئەزاغا تەكشى قاراپ، — ھازىر چوڭ كەلكۈننىڭ كېلىشى ئېنىق بولۇپ قالدى. گەپ ئۇنىڭ بىرىنچى زەربىسىگە بەرداشلىق بېرىشتە. كەلكۈن ئادەتتىكىچە ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن، بىز ئۇنىڭ ئۇن نەچچە كۈنلۈك ئەجرىمىزنى ۋەي-

مەيلەن ئىختىيارسىز بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە تاغ
تەرەپكە كوز تىكىشتى.
بۇ چاغدا، قۇدرەت مۇلچەرلەنگەن خەۋپنىڭ كولەڭ-
گىسىنى ئېنىق كورگەندەك، دومبا ئۇستىدە مەزمۇت چوق-
قىدەك تىك تۇرۇپ، تاغ تەرەپكە قاراپ نىمىنىدۇر ئوي-
لاۋاتاتتى. قۇدرەت "ئاپەت ئېغىزى" غا قارشى كۇرەش
باشلىنىشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئوتكۇز-
دى. ئائىلە-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئەزالار بىلەن مۇڭ-
داشتى. "ئاپەت ئېغىزى" نى تىزگىنلەشنىڭ چارىلىرى ئۇس-
تىدە مەسلىھەت قىلىپ، بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى تاپتى.
ئەزالار: ئىككى كوزىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، ئالتۇندەك
ئىسسىل تېرىلغۇ يەرلەرنى دەرياغا يەم قىلىپ بېرىش جى-
نايەت، كوپچىلىك بىر يەڭدىن باش چىقارساق، چىققىلى
بولمايدىغان تاغ، ئوتكىلى بولمايدىغان دەريا، تىزگىنلىگىلى
بولمايدىغان چېقىل يوق دېيىشتى. "ئاپەت ئېغىزى" نى
تىزگىنلەشكە قاتنىشىش ئۇچۇن ھەممە كىشى دىگۇدەك
ئوزلىرىنى خۇشاللىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇردى. نەچچە
ئونلىغان ئەزىمەت يىگىتلەر شۇ كېچىسىلا تاش توشۇشقا
ئاتلانىغان كېمىچىلەر يېنىغا كەتتى. ئىش ئويلىغاندىنمۇ تېز
يۇرۇشۇپ كەتتى...... ئەمما، تەبىەتنىڭ بەڭۋاشلىغىغا
خاتىمە بېرىش يولىدىكى بۇ كۇرەشنى ئويۇشتۇرۇۋاتقان
قۇدرەت شۇجىنىڭ قاچان، قەيەردە ئارام ئېلىپ، ئىسسىق
ئىچىپ يۇرىدىغانلىغىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ گويا ھې-
رىپ-چارچاش خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان پولات ئادەم.

ئۇستاققا بىر ئالايدى - دە، كۆپچىلىككە قاردى، — يۈرەكنى تۇم قىلىڭلار، كەلكۈن خەنجەر بولسا، بىزنىڭ كۆكرىكىمىز قالقان. بىز بار ئىكەنمىز، دومبا تۈگمەيدۇ، قېنى غەيرەت قىلىڭلار، بەرداشلىق بېرىش — غەلىبە! ......

چوڭ كەلكۈن دومبىنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ پاتمان كۈچ بىلەن يامراپ كېلىۋاتقان ئاساسي قىسمى دەريا ئېقىمىنى بويلاپ ئاياق تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دومبىغا يۈزلىنىپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن چوڭ بىر قىسمى ۋاراقلاپ قايىناپ، زەرب بىلەن دومبىغا ئۇزىنى ئۇردى - دە، ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى دومبىنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئادەملەرنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، شاقىرىغان پېتى ساي تەرەپكە چۈشۈپ كەتتى......

بىر - ئىككى مىنۇتقىچە نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدۇق. مەن ئىرغىپ تۇرۇپ، سۇ ئىچىدىن دومبا ئۈستىگە چىققىنىمدا، چوڭ كەلكۈن دومبىنىڭ ئۈچ - تۆت مېتىردەك قېشىنى بوسۇپ كەتكەن ئىدى. بوسۇلگەن ئېغىزدا قۇدرەت شۇجى ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بولغان ئون نەچچە ئەزىمەت بىلەن پولات زەنجىردەك گىرەلىشىۋېلىپ، چۈشۈپ كېتىۋاتقان سۇنى كۆكرىكى بىلەن توساپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇر بوۋايمۇ بار ئىدى.

قۇدرەت سۇ ئىچىدە باشقىلار بىلەن چىڭ گىرەلىشىپ تۇرۇپ، بىردىن، ئەزالارنىڭ تېپىشۇپ كەلگەن تاشلارنى قۇدرەتنى ئاياپ، سەل نېرىغا تاشلاۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالدى؛

ران قىلىشقا ئىھتىماللىقى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم.
قەتئىي ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ، بىر كىشىدەك ئىتتىپاق-
لىشىپ، پىداكارلىق بىلەن دومبىنى قوغدايلى......

شۇنىڭ بىلەن تەڭ، دومبىنى مۇستەھكەملەش كۈرىشى
يەنە ئەۋجىگە كۆتىرىلدى. دومبىنى چىڭداشقا قاتنىشىۋاتقان
تىراكتور چىرىغىنى ياندۇرۇپ، دومبا ئۈستىدە گۈرۈلدەپ
سايراشقا باشلىدى. دومبىنىڭ دەريا تەرىپىگە مادىكلار ياندۇ-
رۇلدى، زاپاس بوقا-تۇرمەللەر تەييارلاندى، ئىھتىيات
تاشلىرى دۆۋىلەندى، ھەركەت چاقماق تېزلىكىدە قانات
يايدى......

ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، دەريانىڭ بۇقۇرى
تەرىپىدىن ۋەھىملىك گۈلدۈرلىگەن ئېغىر سادا ئاڭلاندى.
بۇ، لەۋۇلدەپ كېلىۋاتقان كەلكۈن تاغدىن دومۇلىتىپ ئېلىپ
كەلگەن قورام تاشلارنىڭ دەريا تېگىدە بىر بىرىگە قاراس-
قۇرۇس ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋاز ئىدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئىككى قىرغاقنى لىق تولدۇرۇپ، دەريا ئۈستىدە سوقما
تامدەك ئېگىز سۇ قەۋىتى ھاسىل قىلىپ، خۇددى چېپىش
بەيگىسىگە چۈشكەن مىڭلىغان تۇگە پادىسىدەك ۋەھىمە سې-
لىپ، شىددەتلىك كەلكۈنمۇ يېتىپ كەلدى......

ۋەھىملىك كەلكۈننى كۆرۈپ، قۇدرەت شۇجىنىڭ
كەينىدە كوزلىرىنى پارقىرىتىپ قورقۇپ كەتكەن ئىسقاق:

— ئىنىم، مەن دىمىدىممۇ...... ئىش توگىدى! —
دەۋەتتى.

— نىمە! نىمە توگىدى!؟ — قۇدرەت غەزەپ بىلەن

بۇ چاغدا، تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ مۇستەھكەمـلەنگەن دومبا ئۈستىدە پۇت-قولىنى داكا بىلەن تېڭىۋالغان قۇدرەت شۇجى ئەزالار بىلەن خوشال پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى. ئۇ، ئەزالارغا كەلگۈسى پىلانلار ئۈستىدە چوڭ ئۈمىتۋارلىق بىلەن سوزلەۋاتاتتى. شۇ چاغدا، كېچىدىن بولۇپ ئۇتكەن جاسارەتلىك كۇرەشكە ئىشەنگۇسى كەلمىگەن قايسىبىر ئەزا:

— ئىشقىلىپ ياخشى. ئادەم قورقۇدەك كەلگۈن كەلدى-دە، مانا ئەمدى دۇرۇس، دومبا سىناقتىن ئۆتتى! چېقىل سايدىن بىر-ئىككى مىڭ مو يەرنى قولغا كىرگۈزدۇق دىگەن سوز. كېلەر يىل بۇ يەردە جەزمەن خاتىرجەم تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدۇ، — دىدى.

— دۇرۇس، بۇ سىناق تولىمۇ مۇھىم ئىدى، — دىدى نۇر بوۋاي، — ئەمدى بۇ دومبا مەزمۇت سېپىلدەك ئۇزاققىچە قەد كوتىرىپ تۇرىدىغان بولدى. ”ئاپەت ئېغىزى“ غا خاتىمە بېرىلدى. ”ئاپەت ئېغىزى“ دىگەن سوز مانا ئەمدى ئەۋرە-چەۋرىلىرىمىزگە ھكايە بولۇپ قالسۇن......

— دەل گەپ، راست ئېيتتىڭ، — دىدى قۇدرەت زەرەپشاننىڭ تېخى تىزگىنلەنمىگەن قىرغاقلىرىغا نەزەر تاشلاپ، — پارتىيە 11-قۇرۇلتىيى قۇدرەتلىك ھەركەتلەنـدۇرگۇچ كۇچ بولدى. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ جەڭ دۇمبىغى چېلىندى. زەرەپشاننى تولۇق تىزگىنلەپ، بەگۋاش دەريانىڭ ئىككى قىرغىنى تەپ-تەكشى، پۇخادىن چىققۇدەك گۇللەندۇرىدىغان كۇنلەر چىراي ئاچتى......

يەكەن — ئارسلانباغ.　　　1977-يىل 10-ئاي،

قۇدرەت دەررۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ؛

— بۇ، قانداق ئاياش؟ يولداشلار بىز مىجىلىپ كەتمەيمىز، تاشنى مېنىڭ ئالدىمغا **قاشلاڭلار**! — دەپ بۇيرۇدى.

ھەقىقەتەنمۇ شۇ تاپتا بىرەر مىنۇتنى قولدىن بېرىپ قويۇش — پۈتۈن دومبىنىڭ ۋەيران بولۇشى دېگەن سوز ئىدى. ھېچكىمنىڭ كوزى قىيمىسىمۇ، ئىلاجىسىز قورام تاشلار قۇدرەت شۇجىنىڭ ئالدى-ئارقىسىغا دومۇلىتىلدى، تاشلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن قۇدرەتنىڭ جېنىنىڭ سىقىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەممە كىشى سېزەتتى. لېكىن، قۇدرەت شۇجى ئاجايىپ جاسارەت بىلەن چىشىنى-چىشىغا چىڭ بېسىپ، ئىككى تەرەپتىن قىسقان تاشلارنىڭ بېسىمىغا پىسەنت قىلماي "مانا بۇ يەرگە، مېنىڭ كوكرىگىمگە، مېنىڭ دۈمبەمگە تاشلاڭلار" دەپ مەزمۇت قوماندانلىق قىلاتتى. قۇدرەتلەر بىردەمدە گېلىغىچە قورام تاشلار ئارىسىدا نىقتىلىپ قالدى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەلۋە سۇنىڭ ھەيۋىسىمۇ بېسىلدى...... ئۇلار تاشلارنىڭ ئارىسىدىن تارتىپ چىقىلغاندا، پۈتۈن مەيدان دومبىنىڭ ھەل قىلغۇچ سىناقتىن ئوتكەنلىكىگە تەنتەنە قىلىۋاتاتتى......

تاڭ سۇزۇلدى. قۇياش يىراق ئورمان كەينىدىن ئاستا-ئاستا باش كوتەردى، بالقىپ تۇرغان ئالتۇن شارنىڭ تۇنجى قىزغۇچ نۇرلىرى ئاللىقاچان ئوز قىنىغا چۈشۈپ لەرزان ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا ئۈستىدە چاقناپ جىمىرلاشقا باشلىدى.

رۇنلار تۇزۇپ، سوتسيالىزىم باھارىنىڭ خىسلەت - پەزىلىتى ئۈستىدە خۇشال - خۇرام پاراڭ سېلىشتى، كەچقۇرۇنلۇغى پۇخادىن چىققۇزدەك بىر مەيدان ئاممىۋى مەشرەپ بولدى.

توي مەشرەۋىنىڭ شۇ كۈنى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلغانلىقى ئېنىق. لېكىن بىز بۇ يەردە ئەسلى ھېكايىمىزگە قايتىپ كېلىمىز:

## 1

ياچېيكا شۇجىسى قاۋۇلاخۇن — ئېگىز بوي، چوڭ كوز قاپ - قارا بۇرۇتلىرى ئۆزىگە يارىشىدىغان 45 ياشلار - دىكى خۇش خۇي ئادەم. ئۇ چوڭ يىغىن تۈگەپ، ناخشا - ئۇسۇل راسا ئەۋجىگە كوتىرىلگەندە، ئۇسۇل ئويناۋاتقان ئەزالارنى ئارىلاپ ئوتۇپ، كاداڭ ياغاق دەرىخى ئاستى - دا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن بوۋاي - مومايلارنىڭ سورۇنىغا كەلدى.

— كەل ئوغلۇم، كەل، قېنى، قىزىق چايدىن بىر ئوتلىغىن، — بوۋايلار قاۋۇلاخۇننى ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا پىيالىدە چاي سۇندى ۋە داستىخاندىكى كاكچىلارنى ئۇشتۇپ قويدى، — قېنى، نانغىمۇ ئېغىز تەككىن......

قاۋۇلاخۇن جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئادىتى بويىچە، ھەمىشەمدىكىدەك بوۋايلارنىڭ شىرىن پاراڭلىرىغا زوقمەنلىك بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. بوۋايلار: "ھە، قاۋۇل شۇجى،

# ئايخاننىڭ يېڭى ھېكايىسى

بۇ يىل كۈزدە زەرەپشان دادۇينىڭ ئەزالىرى قوش توي ئۆتكۈزدى: بىرىنچىدىن، دادۇي بويىچە ئاش- لىق بىلەن پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى تارىختىكى يۇقىرى سەۋىيىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، قەرزدىن قۇتۇلۇپ، "قا- زىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ياغ" بولغۇدەك دارامەتكە ئىگە بولدى؛ ئىككىنچىدىن، خېلى بىر تۈركۈم ئەزالار يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقىپ، دادۇي يېپ-يېڭى تۈسكە كىردى. شۇ كۈنى ئاخشىمى دادۇينىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىمۇ توك بېرىشكە باشلاپ، دادۇي ئىچى نۇر ئىلا- كىدە پارلاپ چاقنىدى.

ئەزالار بۇ قوش غەلىبىنى "سوتسىيالىزم باھارىنىڭ يېڭى، بەرىكەتلىك مېۋىسى" دەپ ئاتاشتى ۋە بۇ ۋەقە شەرىپىگە، ئادەت بويىچە تولۇق بىر كۈن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزدى. توي شۇنداق قىزىدىكى، بۇ كۈنى شاتلىنىپ ئۇسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتمىغان بىرمۇ ئەزا قالمىدى، دېسە بولىدۇ. ياشانغان، ئاپپاق ساقال، كۈمۈش چاچلىق بوۋاي-مومايلار بولسا، توي قىزىۋاتقان سەينانىڭ بىر چېتىدىكى كاداڭ ياغاچ دەرىخىنىڭ تېگىدە ئەپلىك سو-

ئالغا كەتكەنلىكى كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىش ئۈچۈن، قەدەمنى چوڭراق ئېلىشقا، غەيرەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئايخان دائىم "ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. ئۆملىشىپ ئىشلىگەندىلا، ئۆملەشكەنلىكنىڭ كۈچىنى راسا كۆرسىتىش لازىم" دەيدۇ. ئايخان توغرا ئېيتىدۇ.

— دۇرۇس، ھەق گەپ، — دېيىشتى باشقىلار، — ئايخان دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتە، قەيەردە قانداق بەلەن تەجرىبە، ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىسى تېگىدىغان ئۇبدان چارە-تەدبىر ئوتتۇرىغا چىقسا دەرھال بىلىۋالىدۇ. ئايخاننىڭ دېگەنلىرى زادى بىكار گەپ ئەمەس......

قاۋۇلاخۇن "ئايخان" دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتىرىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. لېكىن بۇ ئەتراپتا ئايخان مومايىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. موماي ئادەتتە مۇنداق يىغىلىشلاردىن قالمايتتى، ناھايىتى مۇڭداشقاق ئىدى. بۇگۈن بولسا يوق، ئۇ نەگە كەتتىكىن؟

قاۋۇلاخۇن: "ئايخان موماي — جىك ئالتۇندەك ئىسىل ئايال. ئۇ سەكسەن ياشتىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، غەيرەتلىك، دادۇيىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۇنىڭ تۆھپىسى ئاز ئەمەس ...... بۈگۈن تويغا نىمىشقا كەلمىگەندۇ؟ تاۋى يوق بولۇپ قالدىمۇ-يە" دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-دە، مومايىنىڭ ھالىدىن

سىز ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە بېرىپ بىرمۇنچە ئىلغار گۇڭشې - دادۇيلەرنى، خۇتۇشەنگە بېرىپ داجەينى كورۇپ كەلدىڭىز، قېنى ئېيتىڭا، بىزنىڭ ئۇلاردىن پەرقىمىز بارمۇ؟“ دېيىشتى.

— پەرق تېخى كوپ، — دېدى قاۋۇلاخۇن ئويلانغان هالدا تەمكىنلىك بىلەن، — بۇ يىلقى قوش غەلىبە — ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزدىن، ئىلغار ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۇگەنگەنلىكىمىزدىن ئايرىلمايدۇ. بىز تەجرىبىلەرنى ئوبدان يەكۇنلىشىمىز، تولىراق ئوزىمىز ئامال قىلىپ، باشقىلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىدىن پايدا ئېلىپ، ئەخلاس بىلەن ئۈگىنىپ مېڭىۋىرىدىغان بولساق، بۇگۇنكى نەتىجىلىرىمىز تېخى بىر باشلىنىش بولۇپ قالىدۇ......

— توغرا گەپ، — دېدى بىر بوۋاي، — نائۇمىت — شەيتان، كورگىنىڭدىن كوپتۇر كورمىگىنىڭ، كورمىگەننى كورەرسەن ئولمىگىنىڭ، دىگەن گەپ بار، ئۇمىت مۇهىم، ئۇمىت!

— بىزنىڭ ئايخان، — دېدى كۇمۇش چاچلىق بىر موماي، — هەمىشەم ”كورۇنگەن تاغنى يىراق دىگىلى بولمايدۇ، ماڭمىغىچە يەتكىلى بولمايدۇ“ دەيدىغان. ئىشقىلىپ، مېڭىپلا تۇرساق، بىر كۇنى بولمىسا بىر كۇنى قاۋۇل شۇجى سوزلەپ بەرگەن ئىلغار دادۇيلەرگە يېتىشىۋالىمىز......

— هەي ...... مېڭىشتىمۇ مېڭىش بار - دە، — دېدى قاڭشالىق بىر بوۋاي ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، —

ئېيتىپ بېرەتتى. مومای ئۆزى توغرىلىق ئېيتقاندا، "مەن" دىمەي، نىمە ئۈچۈندۇر ئەگىتىپ، باشقىلارنىڭ نامىغا ھە-كايە قىلاتتى.

— بۇرۇنقى زاماندا، زەرەپشاننىڭ بويىدا، — دەپ باشلايتتى مومای ئۆزى توغرىلىق ئېيتقاندا، — ئەقىللىق يىگىت بىلەن ئىشچان قىز ئۆتكەن ئىكەن. يىگىت زالىم باينىڭ يىتىم يىللىقچىسى، قىز شۇ بايغا قەرزدار ئوتاق-چى دىخاننىڭ بالىسى ئىكەن. يىگىت يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ ھالدا باينىڭ چارۋىسىنى بېقىپ، ئۆز دەرت-ئە-لىمىنى مۆڭلۈق نېيى ئارقىلىق سوزلەيدىكەن. قىز بولسا، دادىسىنىڭ ئىجارىگە ئالغان يېرىگە ئىشلىگەچ، دەرتلىك نەي ئاۋازىغا قۇلاق سالىدىكەن. كۆڭلەر شۇنداق ئوتۇپتۇ، يىگىت قىزنى، قىز بولسا يىگىتنى ياخشى كورۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇرات-مەقسىدىگە يېتىدىغان كۈنلىرىمۇ ئاز قاپتۇ. لېكىن بۇ "سىر" بايغا مەلۇم بولۇپ قاپتۇ، زالىم باينىڭ قوسىغىدا چايان قۇتراپ، ئىككى ياشنىڭ قەلبىگە زەھەر يېيىش پىلانىنى قۇرۇپتۇ......

دەل شۇ كۈنلەردە زەرەپشاندا تاشقىن بولۇپ، يۇرت ئىچىگە سۇ كېلىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ تومىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، سۇ ھەش-پەش دىگىچە باينىڭ مال-مۈلكى، چاھار باغلىرىغا تەھدىت سېپتۇ، باي ھوكۇم چۇ-شۇرۇپ، پۈتۈن يۇرتنى قوزغاپتۇ، قانچە قىلغان بىلەنمۇ يار ئالغان تومىنى ئېتەلمەپتۇ، باي شالىنى چېچىپ چىقى-رايدىكەن، يالاقچىلىرى غالجىرلىشىپ ھەر تەرەپكە پىترا يـ-

خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتتى.

بۇ چاغدا قاش قارايغان، ھەممە يەردە ئېلېكتىر چىراقلىرى تەكشى يېنىپ كەتكەن ئىدى. تاش ياتقۇزۇلغان مەھەللە يولىدا ئەزالار خۇشاللىق بىلەن ئويۇن - مەشرەپ قىلىشقا كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ خۇش خۇي پاراڭلىرىدىن قاۋۇلاخۇن "......قاراڭلار، سوتسىيالىزىم چىراقلىرى! نىمە دېگەن نۇرلۇق بۇ چىراقلار" دېگەن سوزنى ئاڭلىدى ۋە كۈلۈپ قويدى: "مانا، باپ ئىسىم، سوتسىيالىزىم چىراقلىرى! ئوچمەس چىراقلار......".

قاۋۇلاخۇن نۇر ئېلىكىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان دادۇينىڭ كەچلىك مەنزىرىسىگە زوقلىنىپ كېتىۋېتىپ، ئايخان مومايىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى. ئايخان مومايىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېيىنكى يېڭى ھاياتى خۇددى زەرەپشاننىڭ ئوتمۇشى ۋە ھازىرىغا ئوخشاش، يېنىپ تۇرغان ئېلېكتىر چىراقلىردەك ئايدىڭ ئىدى. ئۇ، ئەنە شۇلار توغرىسىدا ئويلاپ قالدى......

## 2

بۇرۇنلاردا ئايخان مومايىنى "ھېكايىچى ئايخان" دەپ ئاتايتتى. ئۇ، ھېكايە ئېيتىشقا قەۋەت ئۇستا ئىدى. ئېقىن دەريادەك، ئۇنىڭ ئېچىدىن ھېكايە قايناپ چىقىۋېرەتتى.

موماي بەزىدە ئوز دىلكەشلىرىگە ئوزى توغرىلىقمۇ

تۇرالماي قاپتۇ، زەھەر تىللىق قامچىسىنى كوتىرىپ، توخ-
تاخۇنغا "ئاغزىڭنى يۇم!" دەپ ئېتىلىپتۇ. شۇ چاغدا خالا-
يىقنىڭ ئارىسىدىن نەي چالغۇچى پادىچى يىگىت ئوتتۇرىغا
چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئېتىمۇ توختى ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى پادىچى
توختى دەيدىكەن، پادىچى توختى باينىڭ ئالدىدا توغرا
تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئېتىممۇ توختى، ئايىغىم يەرگە تەككەن-
دىن تارتىپ ساڭا ھەقسىز ئىشلەۋاتىمەن. زادى قايسىمىز
قەرزدار! — دەپ بايغا تىكىلىپتۇ.

— باغلاڭلار بۇنى! — دەپ چىقىراپتۇ باي كوزىگە
قان قۇيۇلۇپ، — ھەر ئىككىسىنى يارغا ئېسىڭلار!......

— ھەي زالىم! — دەپ توۋلاپتۇ قىزنىڭ دادىسى
تېختاخۇن بىلەن پادىچى توختى، — بىز توختىلار پاك،
گۇناسىز، قەرز بولسا، سېنىڭ ئۇستۇڭدە، سەن چايانىنى
سۇغا ئېسىش كېرەك!......

باي جالاقلاپ تىترەپ كېتىپتۇ، يالاقچىلار ھەش-
پەش دىگىچە ئىككى توختىنى زورلۇق بىلەن باغلاپتۇ-دە،
تاشقىن دەرياغا سورەپتۇ، بۇ قىسمەتنى كورۇپ تۇرغان
يىللىقچى، ئوتاقچى، نامرات دىخانلارنىڭ پىغانى ئورلەپ،
غەزىۋى قايناپ-تېشىپتۇ. قوللىرىغا تاش-توقماق ئېلىپ،
باي ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنى سۇر-توقاي قىلىۋېتىپتۇ.
زەرەپشاننىڭ قەھرى پەلەككە يېتىپ، زالىم باينىڭ ئوستەڭ
بويىدىكى مال-مۇلكى، چاھار باغلىرىنى سىرىپ چىقىپ
كېتىپتۇ...... باي شۇ كېچىسى كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتكەندە،

دىكەن. باينىڭ قامچىسىنىڭ ئۇچىدىن قانلار تېمىپتۇ، نالە-پەريات چېكىگە يېتىپتۇ. شۇ چاغدا باينىڭ داتوللا مەسلىھەتچىسى كوزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ پەتىۋا چىقىرىپتۇ:

— ھىم ...... سۇنى تومىدىن قاچۇرۇش ئۇچۇن، — دەپتۇ ئۇ توقام كىتاپنى قولىغا ئېلىپ، — ئادەت بويىچە، توختى نامىلىق گۇناكاردىن بىرىنى سۇغا باسماق كېرەك ......

باي بۇ پەتىۋانى ئاڭلاپ، ئەجەل ھودۇقۇشىدا ئالەمنى بېشىغا كىيىپ:

— توختى! ...... قەرزدار توختى! ......— دەپ چىقىراپتۇ.

قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئېتى توختى ئىكەن، يالاقچىلار ئۇنى شۇ زامات تۇتۇپ كەپتۇ.

— مېنىڭ ئېتىم توختى بولسىمۇ، — دەپتۇ قىزنىڭ دادىسى، — گۇنادىن ساقىت ئادەممەن. ھەمىشەم ھالال ئەمگەك قىلىش مېنىڭ ئەمالىمدۇر......

— سەن توختى، — دەپتۇ موللا مەسلىھەتچى كوزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، — بايدىكى قەرزىڭنى تولىمىدىڭ، قەرزنى كېچىكتۈرۈش گۇنا......

— يوقسۇ، — دەپتۇ توختاخۇن، — مەن يىللىق ھېسابىمنىڭ ئوندىن سەككىزىنى خامانىنىڭ ئۇزىدە بايغا تولەيمەن، قالغىنىنى ئالۋاڭ-ياساققا بېرىمەن، كىمنىڭ ھەققى كىمدە قاپتۇ، بۇنى خالايىق بىلىدۇ، قەرز بايدىمۇ-مەندىمۇ؟

باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پۈتى كويگەن توخۇدەك

پۇركىدى. مىڭ يىللار مابەينىدە قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان دەرەخ قايتا كوكلەپ ياشىندى. ئازاتلىق بىلەن تەڭ، خەلق ھۆكۈمىتى ئايخان مومايىنىڭ كوزىنى داۋالاپ ساقايتتى. ئۇ، يورۇق دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كوز ئاچتى......

ئەجارە ھەقىقىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئوتلۇق كۇرەش يىللىرىدا ئايخان موماي خەلق مۇنبىرىدىن ئوزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ، ئوتمۇشىنىڭ قانلىق زۇلمەتلىرىدىن تەسىرلىك شىكايەتلەر قىلىپ، ھازىرقى دادىل ياچىيكىسىنىڭ شۇجىسى قاۋۇلاخۇن بىلەن بىللە كۇرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئوزىنى كورسەتتى...... "ئايخان ۋەكىل"، "تىلى شېكەر تەشۋىقاتچى"، "كونا جەمىيەتنى سوزلەپ بەرگۈچى"، "ئىشلەپچىقىرىش دۇينىڭ مەسلىھەتچىسى"، "سويۇملۇك ئانا" — بۇ نامىلار ئۇنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى يېڭى ھاياتىنىڭ ھەممىگە ئايان شەرەپلىك بەلگىلىرى بولۇپ قالدى......

3

قاۋۇلاخۇن ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، ئايخان مومايىنىڭ ئويىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مومايىنىڭ ئويى قاتار كەتكەن يېڭى ئويلەرنىڭ چېتىدىرەك بولۇپ، ئىشىك - دەرىزىلىرى دەريا تەرەپكە قاراپ ئېچىلاتتى. دەرىزىدىن ئېلىپكىتەر نۇرى چۇشۇپ تۇرۇپتۇ. ئويدىن گۇپۇلدەپ يېڭى سىرنىڭ پۇرىقى

يالاقچىلىرى بىلەن كېلىپ، ھەر ئىككى تېرەتتىنى باغلاپ، بويىنىغا تاش ئېسىپ، دەرياغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قىزنى بولسا، دادىسىنىڭ قەرزىگە ئىشلەشكە تۇتۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن قىزنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىكەن، بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش ئېرىقچە بولۇپ ئاقىدىكەن. زەرەپشانىنىڭ سۇلىرى قىپ-قىزىل قان بولۇپ كۆرۈنىدىكەن، قىزنىڭ ھەسرەت نادامىتىگە ھېچنىمە تەڭ كەلمەيدىكەن، تولا يىغلاپ قارغۇ بولۇپ قالىدىكەن، بۇ قىسمەتنى ئۇ، يۇرتمۇ-يۇرت يۈرۈپ دىلكەش كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىدىكەن......

بۇ ھېكايە ئايخان مومايىنىڭ ئەينەن ئۆز قىسمىتى ئىدى.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان كىشىلەر بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى، ئايخان ئەما بولۇپ قېلىپ كوچىدىن قالغاندا باينىڭ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار:

— چوكىنا، سەن ئېيتقان بۇ باي ھازىرقى ئوسمان بەگنىڭ دادىسى باي ھاجى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

ئايخان موماي بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرمەيتتى. ئەما كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا تەلمۈرۈپ، يۈرۈكلۈكنى چەكسىز سىغىنغان ئىنتىزارلىق قىياپىتىنى نامايىش قىلاتتى......

تاڭ ئاتتى، تۈن پەردىسى ئاخىر يىرتىلدى، تاڭ قۇياشى زەرەپشانىنىڭ ئىككى قاسنىغىنى ئىللىق باھار نۇرىغا

سرەتتی ـ دە، بۇ موماي بزنی، — دەپ ئشكنڭ قۇلۇ ـ
پنی ئاچتی ۋە قاۋۇلاخۇن بلەن ئويگە كردی، —
كورمەملا بۇ ئشنی، هچكمگە ئيتىپ قويمايلا كيتىپ
قاپتۇ......

— كيتىپ قاپتۇ؟ نەگە كيتىپ قاپتۇ؟ — قاۋۇلاخۇن
ئتتك بيشنی كوترىپ، تۇراخۇنغا قاردی.

— هەي...... نەگە بولاتتی، ئارا تاققا ـ دە......

— ئارا تاققا!...... ئارا تاغ دادۇيگمۇ؟

—شۇنداق، ”قزىل تاڭ“ خەلق گۇڭشسنڭ ئارا تاغ
دادۇيگە، يەنە كيلىپ پيادە...... — تۇراخۇن كەكە ساقال ـ
لرنی سرىپ قويۇپ سوزنی داۋام قلدی، — ئارا تاغ
دگەن نە ئۇ! كونا يولی بلەن ماڭسا توُلۇق بر كۇنلۇك
يول. بيسپ ئوتىدىغان تاغ ـ داۋانلرىمۇ ئاز ئەمەس.
شۇنداق بولسمۇ موماي غەيرتگە ئاپتۇ ـ دە، كيتۋيرىپتۇ.
ئەگەر مەن كەينىدىن يتىپ بارمغان بولسام، بىرەر هارۋا
ياكی ماشىنغا چۇشۇۋلش خيالغمۇ كەلمەيدىكەن......

— بۇ گەپچە، سلی ئاراتاققمۇ بيرىپلا ـ دە؟

— هەي، ئايخان موماي سۇيۇملۇك ئانا ـ دە، ئۇنی
ئزلىمەي بولامدۇ؟...... — تۇراخۇن سرلانغان كارۋاتقا
كيلىپ، رەتلك يغىپ قويۇلغان ئورۇن ـ كوپىلەرگە يولـ
نىپ ئولتۇردی ۋە تاماكا ئوراشقا باشلىدی.

قاۋۇلاخۇن ئويلنىپ قالدی. دەرىزىدىكی تەشتەك
گۇللرگە سۇ قۇيدی، يوپۇرماقلرىنی قولىدا پەم بلەن
تاردی.

دىماققا ئۇرۇلاتتى.

قاۋۇلاخۇن بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى — موماي يىڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپ ئەتىسى — مومايدىن ھال سوراپ كەلگەندە، بۇ ئۆي چىرايلىق زىننەتلەنگەن ئىدي: ئۆي ئىچىدە ھەممە نەرسە پاكىزە، سەرەمجان بولۇپ، دەرىزىگە قىش - ياز ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈل تەشتەكلىرى قويۇلغان؛ ئۆينىڭ تورىگە ئەينەكلىك جازىغا ئېلىنغان ھەر خىل تەقدىرنامىلەر ئېسىپ قويۇلغان؛ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل خاتىرە سۈرەتلىرى بار ئىدى. ئۇ چاغدا، ئايخان موماي بەنداۋتى رادىيوسىنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ، خۇددى سەبى بالا ئانىسىغا تەلپۈنگەندەك، قاۋۇل شۇجىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، يىڭى ئۆينى كورسىتىپ، خوشلۇغى قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا زاماندىن مىننەتدار، ئۆز بەختىدىن رازى بولۇپ، شاتلىنىپ سوزلەپ كەتكەن ۋە ھەتتا ئازراق كوز يېشىمۇ قىلىۋالغان ئىدى.

بۇگۈن بولسا موماي ئۆيدە يوق، ئۇ زادى نەگە كەتتىكىن؟......

قاۋۇلاخۇن دەرىزىدىن كورۇنۇپ تۇرغان، كەچكۇزدە پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرگە قاراپ ئويلىنىپ تۇرغاندا، ئىشىك ئالدىغا شىياۋدۇيجاڭ تۇراخۇن يىتىپ كەلدى.

تۇراخۇن ئوتتۇرا بوي، كەكە ساقال، 40 ياشلار-دىكى تېتىك ئادەم ئىدى. ئۇ قاۋۇلاخۇننى كورۇپ:

— ھە، قاۋۇل شۇجىمۇ مەشەدىكەنغۇ، تازىمۇ ئەن-

تۇراخۇن مومايىنىڭ بىرەر ئىشتىن خوشال بولسا، بىگۇنا ئۇلتۇرۇلگەن دادىسى توختاخۇن بىلەن پادىچى توختىنى ئەسلەپ دەريا بويىغا بارىدىغان ئادىتىنى يادىغا ئېلىپ، — مومای يېڭى ئۆيگە كوچتى، خوشلۇغى قەۋەت كوپ، دىمەك، ئەجداتلىرىنى ئەسلەپ قالغان ئوخشايدۇ......".

تۇراخۇن دەريا بويىغا باردى. بۇ يەردە يۇرت ئىچىگە سۇ كېلىدىغان چىڭ ئۆستەڭنىڭ سمونت - بېتون تومىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئاپپاق بىناسى قەد كوتىرىپ تۇراتتى. لېكىن مومای يوق ئىدى. دەريا بويىدىكى كېمىچى يىگىتلەر:

— ئايخان چوڭئانام، بۇگۇن ئەتىگەندىلا بۇ يەرگە كەپتىكەن، تەرگەن ئوغۇتىنى قىرغاققا توكۇپ قويۇپ: "مېنى دەريادىن ئوتكۇزۇپ قويۇڭلار" دىدى. بىز بولساق، سۇيۇمەلۇك ئانىنى كېمىگە سېلىپ، دەريادىن ئوتكۇزۇۋەتتۇق، — دەپ خەۋەر قىلدى.

تۇراخۇن "دىمەك مومای ئاراتاققا، ئاكىسىنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ - دە،" دەپ ئويلاپ دەرياغا قارىدى. ئەزىم دەريا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا، تىك كوتىرىلگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى سۇ ئۇستىدە جىمىرلايتتى. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى قىزغۇچ ئالتۇن رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدا بولسا، ئاراتاغ دادۇيىنىڭ هەرە چىشلىق تاغلىرى......

— قېنى يىگىتلەر، كېمىنىڭ بېشىنى بۇراڭلار، — دىدى تۇراخۇن كېمىچى يىگىتلەرگە قاراپ، — كۇچۇڭلارنى

— ئايخان مومايىنىڭ ئاكىسى مەمتىلى ئاكا ئارا تاغلىق بولۇپ قالغانغا ئۇزۇن يىللار بولدى، — دېدى قاۋۇلاخۇن گۈللەرگە قاراپ تۇرۇپ، — ئۇ كىشى بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇراتتى، بىرنەچچە يىل بولدى، بۇ تەرەپكە ئۆتمىدى. موماي ئاكىسىنى كورۇپ كەلمەكچى بولغان بولسا كېرەك......

— ياق،— دېدى تۇراخۇن تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىۋېتىپ، — مەنمۇ دەسلەپ، مومايىنىڭ ئاراتاغ تەرەپكە كەتكىنىنى ئاڭلاپ، شۇنداق ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، ئىش مۇنداق ئاددى ئەمەس ئىكەن......

بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن، تۇراخۇن ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە ئايخان مومايىنىڭ قىشلىق ئوت - گۈرۈچ، ياغلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ ئېلىپ كەلگەندە، موماي ئۆيدە يوق ئىدى، ھەتتا ئوغۇت سېۋىتىمۇ كورۇنمەيتتى. "ھەي، تازىمۇ قىزىق - دە، بۇ سۇيۇملۇك ئانا، — دەپ ئويلىدى شياۋدۇيجاڭ، — يەنە ئوغۇت تەرگىلى چىقىپ كېتىپتۇ - دە، تىنىم تاپماس ئانا......". شۇنىڭدىن كېيىن تۇراخۇن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، مومايىنى ئىزلەپ ئېتىز تەرەپكە كەتتى. ئۇ ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا مەكتەپكە ماڭغان ئوقۇغۇچى باللار: "ئايخان موماي ئەتىگەندىلا ئوغۇت سېۋىتىنى كوتىرىپ دەريا بويىغا — ئېلېكتىر ئىستانسىسى تەرەپكە كەتكەن" دېيىشتى.

"موماي ئۆز ئادىتىنى قىپتۇ - دە، — دەپ ئويلىدى

ئايرىلمايتتى: "پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنى-مىزنىڭ موجىزىلىك يېڭىلىقلىرىنى، دۇنيادىكى چوڭ ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. كوڭلۇم ھەمىشەم چىراق ياققاندەك نۇر-لىنىپ تۇرىدۇ". دەيتتى. مومای رادىيودىن ئاڭلىغان ئەھمە-يەتلىك خەۋەرلەرنى ئېتىز بېشى، مەھەللە ۋە ئويلەرگە بېرىپ ئەزالارغا يەتكۈزەتتى. بىرەر گۇڭشې-داۋۇينىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىلمىي تەجرىبە قىلىش يولىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى، تەجرىبە-تەدبىرلىرىنى ئاڭلىسا، دەرھال كادىرلارنى ئىزلەپ تاپاتتى-دە، يەتكۈزەتتى. ئەزالار ئۇنى سەممى ھالدا ماختاپ: "دۇنيادىن خەۋەردار موماي"، "يېڭى خىسلەت-پەزىلەتنى يەتكۈزگۈچى ئانا"، "بەلگىلەن-مىگەن دۇيجاڭ"، "دىلكەش مەسلىھەتچى" دەپ تەرىپلەيتتى.

ئايخان موماي بىر ئاز ئاڭلىغاندىن كېيىن، رادىيو-نىڭ قۇلىقىنى بۇراپ ئۆچەردى:

— ئوغلۇم، ئالدىراپ قېلىپ سىلەرگە خەۋەر قىلىپ قويۇش ئېسىمگەمۇ كەلمەپتۇ، — دېدى ئۇ تۇراخۇنغا مەمنۇن-لۇق بىلەن قاراپ،— مانا بۇ مېنىڭ خەۋەرچىم، — موماي سەل ھاياجانلانغان ھالدا بويىنىغا ئېسىلغان بەنداۋتىنى كورسەتتى، — بۇ ئايرىلماس دوست، بىلەمسەن، بۇگۇن ئەتىگەن نىمىنى ئاڭلاتتى؟ ئاراتاغنى، خوشنىمىز ئارا-تاغ داۋۇينى ئاڭلاتتى......

ئايخان موماي ئاراتاغ داۋۇيى ئەزالىرىنىڭ قالتىس جاسارەت بىلەن كىرىشىپ، لەخمە ئويۇپ تاغ تېشىپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ سۇيىنى بىپا-

ئايماقلار ئۇكىلار، مەن سۈيۈملۈك ئانىغا يېتىشۋالاي......

تۇراخان دەريادىن ئۆتۈپ ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، چىغىر يول ئىچىدە ئايخان مومايغا يېتىشتى. موماي تاغ جىلغىسى ئىچىدە بەنداۋتى رادىيوسىنى جاراڭلىتىپ قويۇۋېتىپ، ئوغۇت سۈۋتىنى بىلىگىگە ئوتكۇزۇۋېلىپ، بىخارامان كېتىۋاتاتتى.

— تازىمۇ قىزىقسەن-دە، ئانا، — دىدى تۇراخۇن مومايىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ، — ئىشىنىڭ يولى مۇنداق، مېنى ئاپىرىپ قويۇڭلار دىسەڭ بولمامدۇ؟

ئايخان موماي كەينىگە قاراپ توختىدى. ئۇ گەرچە 83 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ خېلىلا تىمەن ئىدى. كوپ سىزىقلار تارتىلغان يۈزلىرى نۇرلىنىپ، روشەن، دېدىل كوزلىرى ياش كىشىنىڭكىدەك چاقناپ، بەختلىك كۈلۈمسىرىدى:

— هە، بۇ سەنمۇ، ئاۋارە بوپسەن ئوغلۇم، — موماي بېشىغا ئەپچىل قىلىپ سالغان سۈتتەك ئاق روملىنى تۈزەپ، چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، رادىيوسىنىڭ ئاۋازىنى پەسەيتتى. رادىيونى بۇراپ ئاۋازىنى پەسەيتكەن بولسىمۇ، بېشىنى سەل ئېگىپ، دىققىتىنى بولىگۇسى كەلمىگەندەك يەنە بىر ئاز ئاڭلاپ تۇردى.

تۇراخۇن مومايىنىڭ ھەركىتىگە قاراپ زوقلىنىپ كۈلۈپ قويدى.

ئايخان موماي بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بۇ بەنداۋتى رادىيونى سېتىۋالغان ئىدى، ئۇنىڭدىن زادى

ئائىلەم. ئۇغۇت بولسا، زىرائەتنىڭ ئوزۇقى. ئۇغۇت ئۇچرىسا تىرىۋالىمەن، قايسى دادۇي توغرا كەلسە تاپشۇرۇپ بىرىمەن. ئۇغۇتسىز دىخانچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ، بىكار يۈرۈش يارىمايدۇ......

تۇراخۇن قاۋۇلاخۇنغا قاراپ ھىكايىنى توگەتتى. ئۇ يەنە:

— ئايخان مومای بۇگۇن تويغا ئولگۇرۇپ كەلمەكچىدى. زادى كىچىكمەيمەن دىگەن، تىخىچە كەلمىگەنلىگىنى قارىمامىلا، — دەپ قوشۇپ قويدى.

قاۋۇلاخۇن ئايخان مومايىنىڭ بۇ يىگى تەرىپىنى ئاڭلاپ، چىن كوڭلىدىن رازى بولدى:

— ئايخان مومای، — دىدى قاۋۇلاخۇن، — زەرەپشاننىڭ جانلىق تارىخى، خىسلەتلىك ئانا. ئۇنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز لازىم...... — قاۋۇلاخۇن ئويلانغان ھالدا تۇراخۇنغا قارىدى، — يۈرسىلە، بىز مومايىنىڭ ئالدىغا چىقىپ باقايلى، مومای دەريادىن ئوتۇشتە قىينىلىپ قالمىسۇن......

4

قاۋۇلاخۇن بىلەن تۇراخۇن مومايىنى كۇتۇۋىلىش ئۇچۇن دەريا بويىغا بارغاندا، كىمىچى يىگىتلەر مومايىنىڭ ئالمىغاچان دەريادىن ئوتۇپ، دادۇي تەرەپكە كەتكەنلىگىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە ئايخان مومای

يان بوز يەرگە چىقىرىپ، ئاراتاغنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىغانلىغى توغرىسىدىكى رادىيو خەۋىرىنى سوزلەپ بەردى، ئاندىن:

— شۇنداق ئوغلۇم، بىزنىڭ يېنىمىزدا بەگۋاش دەرياسىنى تىزگىنلەپ، جاھىل تاغنى باش ئەگدۈرگەن بىر ئۆلگە — ئاراتاغ مەيدانغا كەپتۇ. رادىيو بۇنى نامراتلىققا قارشى قەھرىمانلىق داستانى دەپ ماختىدى. سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلار زىخ، ئالدىراش. مەن ئاراتاغنىڭ ئۆتۈۋۈلىرىنى كورۇپ، تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلەي دەپ، شۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن، — دىدى.

موماي قەتئىي ئىدى. كەينىگە ياندىغاندەكمۇ، ھارغىنلىق يەتكەندەكمۇ ئەمەس. تۇراخۇن موماينى جىلغا ئىچىدىن ياندۇرۇپ يېڭى ياسالغان تاشيولغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار قىزغىن مۇڭدىشىپ كېتىۋاتقاندا، ئارقا تەرەپتىن بىر ماشىنا سىگنال بېرىپ كېلىپ مومايىنىڭ يېنىدا توختىدى.

— ماشىنا ئاراتاغ دادۇينىڭ، شۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن، — دىدى شوپۇر يىگىت خۇش خۇيلۇق بىلەن، — قېنى، ماشىنىغا چىقىۋېلىڭلار......

ئايخان موماي كەبىنكىگە چىقتى. ئوغۇت سۇۋىتىنىمۇ يېنىغا ئالدى. تۇراخۇن سۇۋەتكە قاراپ دىدى:

— ئانا، بۇ سۇۋەتنى ئەمدى ماڭا قالدۇرۇپ كەتكىن، ئوغۇت سىۋىتىنى كوتىرىپ بارساڭ خەق نىمە دەپ قالىدۇ.

— قوي ئۇ گېپىڭنى ئوغلۇم، — دىدى "سۇيۇملۈك ئانا" سۇۋىتىنىڭ بېغىنى چىڭ تۇتۇپ، — كوللېكتىپ — مېنىڭ

— ماقۇل باللىرىم، مەن سىلەرگە ھىكايە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى سۈيۈملۈك ئانا خوشاللىق بىلەن، — مەن بۇ قېتىم شۇنداق ھىكايە ئېيتىپ بېرەيكى، ئۇ، ئاراتاغدا كورگۈنۈمنىڭ ئۆزى — يېڭى ھىكايە بولسۇن......

شۇ چاغدا، ئۇيگە قاۋۇلاخۇن كىرىپ كەلدى، موماي بىلەن تېچلىق-ئامانلىق سورۇشۇپ، كارۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

ئايخان موماي ھىكايىسىنى ئاراتاغدىن باشلىدى. ھىكايىگە "ئاراتاغقا 4 قېتىم بېرىش" دەپ نام بەردى. ياشلار مومايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ جىمجىت ئولتۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ كوڭۇل ئاسمىنىدىن ئوتمۇشنىڭ مۇدھىش كولەڭگىلىرى تىزىلىپ ئوتۇشكە باشلىدى......

ئايخاننىڭ ئاكىسى مەمتىلى 10 نەچچە ياش ۋاقتىدا زومىگەر باي ھاجىنىڭ ئېغىر زۇلمىدىن قېچىپ، ئاراتاغ كەنتىنىڭ زومىگىرى بايىز بەككە تۇتۇلۇپ، شۇ يەرلىك بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئايخان ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ ئاراتاغقا توت قېتىم بارغان ئىدى:

بىرىنچى قېتىم، دادىسى توختاخۇن بىلەن پادىچى توختى دەرياغا تاشلاپ ئولتۇرۇلگەندىن كېيىن، دەرتلىك پىراق ۋە ھىجران قايغۇسى غەزەپلىك ئىسيانغا ئايلىنىپ، ئاكىسىنىڭ ئايىغىغا ئوزىنى ئېتىپ ھەمدەرت بولۇش ئۈچۈن بارغان ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا، كىچىك ئايخان ئاكىسى مەمتىلىنىڭ دىدارىنى كورۇپ ئۇلگۇرگىچە، باي ھاجىنىڭ ئاتلىق يالاقچىلىرى كەينىدىن قوغلاپ كەلدى-دە، تۇتۇپ

ئويۇن قويۇلۇۋاتقان سەھنىنىڭ ئالدىدا — خۇش چاقچاق قىز-يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ئەپلىك جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، قىزىقىپ ئويۇن-تاماشا كورۇۋاتاتتى.

ئايخان مۇماي مەشرەپتىن كېيىن ياشلار بىلەن خوشال پاراڭ سېلىشىپ ئويگە قايتتى.

— بۇ يەردە مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش تويى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، — دېيىشتى قىز-يىگىتلەر يولدا كېتىۋېتىپ سۇيۇملۇك ئانىغا، — ئاراتاققا كەتكىنىڭ قىزىق چوڭئانا، گەپ-سوزسىزلا كېتىپ قالغىنىڭچۇ تېخى......

— بالىلىرىم، مېنى تويىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى دەمسىلەر؟ — دېدى مۇماي ئىككى تەرەپتە خوشال كېتىۋاتقان قىز-يىگىتلەرگە قاراپ، — ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ھازىر زەرەپشاننىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئاسمان-زېمىن ئوزگىرىش بولدى — كىشى خوش بولىدىغان ئوزگىرىش. ئاراتاغ دادۇينىڭ ئەزالىرى قالتىس چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ، يېڭى ھاياتقا قەدەم قويىدى دېسە، شۇلارنى دېسە بولغۇدەك. بىز ئوز دادۇيىمىزنىڭ ئۇتۇق-نەتىجىلىرى بىلەن ھەرگىز قانائەتلىنىپ قالماسلىقىمىز، تىرىشىپ يۇقۇرى ئورلىشىمىز لازىم......

ياشلار ئويگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇماينى چوردەپ ئولتۇرۇپ:

— ساڭا ئۇگىنىپ قاپتىمىز، چوڭئانا. بىز سىزنى قانداق سېغىندۇق! ئەمدى سەن بىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگىن، — دېيىشتى.

بولۇپ قالدى......

ئۈچىنچى قېتىم، ئايخان موماي زەرەپشان دادۇيى ئەزالىرىغا ۋەكىل بولۇپ ئاراتاغقا بارغاندا، بۇ يەردە "قىزىلتاغ" خەلق گۇڭشىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى قىزغىن تەبرىكلىنىۋاتاتتى...... مەمتىلى ئاكا يېڭى ئۆي - ئىمارەت، چىرايلىق باغ - هويلا قىلىۋالغان ئىكەن، ساغلام - يايراپ ئۆسۈۋاتقان بالىلىرى بولسا، يېڭى مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئايخان مومايغا ئاكىسى خېلىلا ياشىرىپ، باشقىدىن كوكلەپ دۇنياغا يېڭىدىن يارالغاندەك كورۇندى......

— مانا بۇ سەپەر توتىنچى قېتىم ئاراتاغدا بولدۇم، — دېدى ئايخان موماي خوشاللىق بىلەن جۇشقۇنلىنىپ، — بالىلىرىم، بۇ كۈنلەر توي ئۈستىگە توي بولىدىغان كۈنلەر. هازىر ئاراتاغ قانات چىقارغان بۈركۈتتەك قانات قېقىپ ئۇچماقتا؛ ئۇ يەردە چوڭ ئېلېكتىر ستانسىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن گۇڭشې قىزىل نۇرغا چۆمگەن، تاغ - جىلغىلار ياشناپ، هەممە يەردە شات - شادىيانە تۇرمۇش - هايات چىراي ئاچقان......

ئايخان موماي هاياجانلانغان ئىدى. يۈز - كوزلىرى نۇرلىنىپ، سوزلىگەنسېرى كىشىنى ئۆزىگە شۇنچە جەلىپ قىلاتتى، ئاۋازى شۇنچە يېقىملىق جاراڭلايتتى. مومايىنىڭ هاياجانلىق قىزغىن تەرىپلىرىدىن ياشلارنىڭ بەختلىك كوز- لىرىدە: قۇرغاقچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن تاغلارنى تېشىپ، جىلغىلارنى تىندۇرۇپ، زەرەپشاننىڭ سۇلىرى ئاتقۇ-

كەتتى ۋە قىزنىڭ كوزىدە: تاغ قاپتىلىدىكى مال قوتۇنىدىن "سىڭلىم، بىچارە ئۇكام!......" دەپ، تەلمۇرۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بەختسىز ئاكىسىنىڭ سۇلغۇن تەق-تۇرۇمى خاتىرە بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى قېتىم، ئايخان ئەما بولۇپ، كوچىدىن قېلىپ باي ھاجىنىڭ ئويىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندا، باشپانا يولەكچى ئىزلەپ بارغان ئىدى. ئايخان ھېچنىمىنى كورەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، دىلكەشلەردىن ئاكىسىنىڭ نامرات كەپىسىنى — تاغ ئۇڭكۇرىنى سوراپ تاپتى. بۇ چاغدا، ئاكىسى مەمتىلى بورە بوغۇۋەتكەن قىزىي ئۇچۇن بايىز بەگ تەرىپىدىن پۇتى ئۇرۇپ سۇندۇرۇلۇپ، 3 ئايدىن بۇيان ئاغرىق ئازاۋىدا تولغىنىپ ياتاتتى. زۇلۇم بوشۇگى بولۇپ قالغان غېرىۋانە كەپە ئاچچىق غۇربەتچىلىكتە قاينايتتى. يىلىك-يۇپۇك 3 گودەك ئېچىنىشلىق بىر تەرەزدە ئايخانغا تەلمۇرۇپ قاراشتى. ئايخان ئۇلارغا ھېچنىمە بىلەن ياردەم بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ بۇ يەردە ئوزىنى ئارتۇقچە ھېس قىلدى ۋە بىچارە ئاكىسىنىڭ ئېغىر يۇكىگە يەنە تىرپىلەپ يۇك قوندۇرماسلىق ئۇچۇن، ئاكىسىنىڭ "كەتمىگىن، بارنى تەڭ كورەرمىز" دىگىنىگە قارىماي، ھەسرەت يۇكىنى ئوز يەلكىسىگە ئارتىپ كېتىپ قالدى......

ئازاتلىق بىلەن تەڭ مەمتىلى ئاكا بىرىنچى قېتىم ئايخاننى ئىزلەپ كەلدى. بۇ چاغ ئايخان يورۇق دۇنياغا دېدىل قارايدىغان كۇنلەر ئىدى. ئاكا-سىڭىلنىڭ ھاياجانلىق ئۇچرىشىشى — ئايخاننىڭ يەنە بىر ھېكايىسىنىڭ تېمىسي

قەھرىمانلىغى توغرىسىدا ھاياجانلىنىپ سوزلەپ بەردى، — زەرەپشان ئوغۇل - قىزلىرى قوش تۈي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان بو خوشال كۈنلەردە، ئايخان مومايى ئۇلارغا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ يارقىن، ئاجايىپ ئىلھامبەخش سۈرەتلەر سىزىپ بەردى......

ياچپىكا شۇجىسى قاۋۇلاخۇن ياشلار بىلەن بىرلىكتە بۇ يېڭى ھىكايىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ھاياجانلاندى. ئۇ، چاقناپ تۇرغان ئېلېكتىر نۇرى ئاستىدا جۇشقۇنلىنىپ، قىزغىن سوزلەۋاتقان "سۇيۇملۇك ئانا" غا قاراپ، ھېرىپ - چارچاشنى قانائەتلىنىپ توختاپ قېلىشنى بىلمەيدىغان بۇ خىسلەتلىك مومايدىن تەسىرلىنىپ، چىن كوڭلىدىن رازى بولدى. ئۇنىڭ كوڭۇل بېغىدا ئىختىيارسىز ھالدا دادۇينى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۇقۇرى كوتىرىشنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ پارلاق يېڭى پىلانلىرى قەد كوتەردى......

ئايخان موماي كوتىرەڭگۇ ئاۋاز بىلەن سوزلىمەكتە، ئۇنىڭ قەلبى ئوركەشلەپ تۇرغان ئېقىن دەريا. زەرەپشان ئوغۇل - قىزلىرى يارىتىۋاتقان ئاجايىپ موجىزىلەر — تۈگىمەس يېڭى ھىكايە......

1965 - يىل، يەكەن.

زۇلغان ھەيۋەت تاش ئۇستەڭلەر؛ ئېكىنزارغا ئايلاندۇرۇلغان
چېكى يوق بوزلۇقتىكى گۈزەل مەنزىرە؛ دوختۇرخانا، سودا
دۇكىنى، يەسلى، كىنوخانىلىرى بولغان ئاۋات، ئاپپاق يېڭى
مەھەللىلەر، تاغ سەكرەتمىسىگە قۇرۇلغان ئېلېكتىر ستانسى-
سىدىن تارىلىۋاتقان قىزىل نۇرلار ۋە مول ھوسۇل خوشاللىقىغا
تەنتەنە قىلىۋاتقان ئەزالارنىڭ خوشال-خوراملىقى......
روشەن گەۋدىلەندى.

— مېنىڭ يەنە بىر خوشلۇقۇم، — دېدى ئايخان
موماي چىن كوڭلىدىن سۆيۈنگەن ھالدا، — ئاكامنىڭ ئەڭ
كىچىك 2 ئوغلىنىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىش
ۋەقەسى بولدى. بۇ ئىككى شا كىچىك ئازاتلىقتىن كېيىن
تىلى چىقىپ، يېڭى دۇنياغا كوز ئاچقان باللار ئىدى.
ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاراتاغدا
سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ مۇناسىپ باتۇرلىرى
بولغان ئىكەن. بۇ قېتىم خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە ئادەم
قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شا كىچىكلەر بەس-بەس
بىلەن ئۆزلىرىنى تىزىملىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ سوزلىرى ئورۇنلۇق
ئىكەن، كىندىك قېنىمىز توكۇلگەن ئالتۇن دىيارنى
قوغداش شەرەپلىك بۇرچىمىز، دەيدىكەن......

ئايخان موماي بىر ئوتلام چاي ئىچكەندىن كېيىن، قەلبى
زوققا تولۇپ، يايراپ ئولتۇرغان قىز-يىگىتلەرگە مېھرىۋانلىق
بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن ئاراتاغ گۈكشى ئەزالىرىنىڭ
ئاراتاغنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى قەيسەر-

بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتتى.

مۇسا تاغامنى "تاغام" دېسەممۇ، "دادام" دېسەممۇ بولىدۇ. "تاغام" دېيىشىم، ئۇ دادامنىڭ بىر تۇققان ئىنىسى؛ "دادام" دېيىشىم، ئاتا-ئانام بىر-ئىككى ياش چېغىمدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، مەن پۈتۈنلەي مۇسا تاغامنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ۋە كىچىكىمدىنلا ئۇنى "دادا" دەپ تىلىم چىققان ئىدى.

مۇسا تاغامنىڭ مېنى بېقىپ ئۆستۈرۈپ، پەپىلەپ ئوقۇتۇپ مۇشۇنچىلىك قىلغىچە قانچىلىك ئەقىل-ئىدرەك، قان-تەر سەرپ قىلغانلىقىنى سىلەر بىلمەيسىلەر...... ئۇ، كونا جەمئىيەتتە يىللىقچى بولغان، جۇۋاز ھەيدىگەن، تۆگە- مەن باققان، باينىڭ يېرىنى تېرىپ ئىجارىكەش-ئوتاق- چىمۇ بولغان، ھەتتا بىر قېتىم مەدىكارچىلىق قىلىپ "تاغ ئارقىسى" غىمۇ ئۆتكەن...... ھەممىسى مەن ئۈچۈن، بىر ئا- مال قىلىپ مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈنلا ئىدى. چۈنكى، تاغام دادامنىڭ مېنى "چوقۇم ئوقۇتۇش" توغرىسىدىكى ۋەسىيە- تىنى بىر خىل ئۆمۈرلۈك، ئەقىدىلىك "قەرز" ھېساپلىغان ۋە شۇ ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ قالغان......

مۇشۇنداق سادىق ۋاپادارنى قانداقمۇ ئۇنتۇش مۇمكىن!

— ئاھ...... مېنىڭ غەمگۇزار، شەپقەتچىم تاغام، سەن ھازىر قەيەردە؟ قەيەردىسەن مېنىڭ تاغام؟!......

# مۇسا تاغامنى ئەسلەيمەن

## 1

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئائىلىمىزدە خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ئارىلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. خۇشاللىق دېگىنىم — مۇسا تاغامنىڭ كەنجى ئوغلى پەرھات پۇت-قولىنى چىرماپ، يولىنى توساپ تۇرغان زەنجىر-كىشەندىن قۇتۇلۇپ، بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغان بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى. قايغۇ دېگىنىم — مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇسا تاغام كۆپ قېتىم ئەسكە ئېلىندى. ئەمدىلەتىن ساقىيىپ كېلىۋاتقان يۈرەك يارىمىز قايتىدىن شەلۋەرەپ ئېچىشقاندەك ئازابلىنىپ-بىئارام بولۇپ، ئۇنى سېغىنىپ ئەسكە ئالدۇق.

مۇسا تاغامنىڭ قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئارىسىدا يالتىراپ تۇرغان — شاتلىنىشنىمۇ، غەزەپلىنىشنىمۇ بىلىدىغان ئەقىللىق، جاسارەتلىك كۆزلىرى ھەمىشە ماڭا قاراپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ مەن بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ ئۆتكەن ئېغىر يىللىرى، كېيىنكى ھاياتى ۋە مۇدھىش قىسمەتلىرى خۇددى كىنو كارتىنىسىدەك، كۆز ئالدىمدىن بىر-

داي باشاقلىرىنى قۇچاقلىغان هالدا، تېخى ئورۇلمىغان ئالتۇن باشاقلار دېڭىزىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى......

بۇ مەنزىرە مېنى ئىختىيارسىز يىگىرمە ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۆز يېزامغا ئېلىپ كەتتى......

1953 - يىلى 6 - ئايلاردا مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شەھەردىن يېزىغا قايتتىم. بۇ چاغدا، يېزىمىزدا يەر ئىسلاھاتى يېڭىلا ئاياقلاشقان بولۇپ، مۇسا تاغام شۇن- چىلىك هاياجانلىق خۇشاللىققا چۆمگەن ئىدىكى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ياش يىگىتنىڭ كۆڭلى ئوخشاش ياشناپ ئۇرغۇپ تۇرغان هېسسىياتلىرىنى هازىر تەسۋىرلەپ كور- ستىش ناهايىتى تەس.

شۇ كۈنى مەن تاغام كوچۇپ چىققان يېڭى ئۆينى ئاسانلا تاپتىم، هويلىغا كىرگىنىمدە، مۇسا تاغام پېشايۋاندا ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن داستىخان ئۈستىدە ئىكەن، ئۇ مې- نى كورۇپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، مېنى باغرىغا باستى.

تاغام ماڭا ياشرىپ قالغاندەك كورۇندى. كوزلىرىدىن نۇر - ئىشەنچ، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - جاسارەت تېشىغا تېپىپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇ مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت بىر نىمە ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك، ئالدىراپ قولۇمدىن تۇتۇپ سورىدى:

## 2

سائەت ئىككىدىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەندىكى پويىزدا پەرھاتنى بېيجىڭغا ئۇزاتتىم. پويىز قوزغالغاندا، ھەر ئىككىمىزنىڭ كوزى ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشتى، ھەر ئىككىمىز ئىنتايىن بەختلىك ۋە خوشال ئىدۇق ......

مەن ۋوگزالدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان پويىزغا قاراپ، كۇلۇمسىرەپ قويدۇم - دە، چىرىك يولغا ئوتتۇم.

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق ۋە تازا ئىدى. بۇغدا چوققىسى ۋە ئۇنىڭ بىپايان تىزمىلىرى قۇياش نۇرىدا ئاللماستەك يالتىراپ - چاقناپ تۇراتتى. شۇ تاپتا پۈتكۈل ئۇرۇمچى كوپ - كوك مۇز بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ، لېكىن، شەھەر گوياكى ئەينەكتىن قۇيۇلغاندەك يالت - يۇلت پارقىراپ - چاقناپ، كىشىدە بىر خىل ئىللىق، يېقىملىق تەسىرات قالدۇراتتى.

مەن پىيادە كېتىشنى، ماشىغاچ نەچچە كۇندىن بۇيان مۇسا تاغام توغرىسىدا سۇرگەن خىياللىرىمنى بىر يەرگە تۇگۇشنى قارار قىلدىم. كوچا دوقمۇشىغا چىقىشىمغا، چاسا كوچىنىڭ ئىگىز تېمىغا ئېسىلغان بىر رەسىمگە كوزۇم چۇشتى. رەسىمدە بادام دوپپا كىيگەن، چاچ - ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان، قاۋۇل بىر دېخان بىر قۇچاق بۇغ-

كېيىنكى چاغلاردا ھېلىقى مۇتىھەم ئاق ساقال بوۋىمىزنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان. مانا ئەمدى يەنە بىزنىڭ بولدى. ھەق ئۇز ئىگىسىگە قايتتى دېگەن شۇ......

تاغام ئۇز بەختى، قەدىر-قىممىتىدىن چەكسىز رازى بولغاچقا ئاز-تولا قەرزگە بوغۇۋېلىپ، ئۇز قاقتى-سوقتى قىلىپ، قاش-كىرپىكلى ئىدى. گەپ قىلغاندا، كوزلىرى نۇرلىنىپ، ساقاللىرى سانچىلغان ئاق ئانچە-مۇنچە رى سەكرەپ، تىترەپ، خوشاللىقىدىن ئۇزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالاتتى.

— يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئالقىنىمۇ، تاپىنىمۇ قىچىشىپ، زادى بىر يەردە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم،— دىدى تاغام قەددىنى تىك كوتىرىپ، ھاياجانلانغان ھالدا، — راستىنى ئېيتسام، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، "ئىشلە، ئىشلە، ئەجرى قىل، ئومرۈڭنىڭ تولىسى باشقىلارغا ئىشلەپ ئۇتۈپ كەتتى، مانا ئەمدى ئۇزەڭ ئۇچۇن، ئۇز داستىخىنىڭ ئۇچۇن،......"دىگەندەك قىلىپلا تۇرىدۇ. خۇدا خالىسا، چىداپ ئىشلەپ، بىر-ئىككى يىلنى ئوتكۇزۇۋەتسەكلا، دىخانىنىڭ قازىنىمۇ، چومۇچىمۇ ياغ بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق......

شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە تاغام بىلەن مۇڭدىشىپ چىقتىم. تاغام يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق روناق تېپىپ، قەد كوتىرىشنىڭ ئاز-تولا خىمىرتۇرۇچىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىپتۇ، كەنت دىخانلار جەمىيىتىنىڭ گۇرۇپپا باشلىغى بولۇپمۇ سايلىنىپتۇ.

— يۇر ئوغلۇم، مەن ساڭا يەر ئىسلاھاتىنى كور-ستىمەن!......

تاغام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ، يەر ئىسلاھاتىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن تالباراڭلىق ئازادە ھويلىنى ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تۇت-قان پېتىچە، مەھەللىمىزنىڭ ئايىغىدىكى ئوستەڭ بويىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن 12 مولۇق ئېتىزنىڭ بېشىغا ئېلىپ باردى.

پىشىپ - يېتىلىپ قالغان، ئوغاق تېگىشنى كۇتۇپ تۇرغان ئالتۇن باشاقلار يېنىك شامالدا لەرزان دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. تاغام ئاق يەكتىگىنىڭ پېشىنى بەلۋىغىغا قىستۇ-رۇۋېلىپ، بەلنىڭ يۇقۇرىسىدا ئېغاڭلاپ تۇرغان بۇغداي باشاقلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ، تاكى ئېتىزنىڭ ئوت-تۇرىسىغىچە باردى. ئاندىن مېنى كوتىرىۋېلىپ، خوشاللىق بىلەن بىر پىقىرىتىپ يەرگە دەسسەتتى-دە بىر تال باشاقنى ئۈزۈۋېلىپ، يالتىراپ تۇرغان قىزىل دانلارنى ماڭا كورسەتتى.

— قارا، قىزىل قىلتىرىق بۇغداي، ياخشى ئۇرۇق، مۇشۇ يەرگە تازا باپ، — دېدى تاغام، ئاندىن ئېتىزدىن بىر سىقىم قارا چىلان تۇپراقنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىقىمداپ تۇرۇپ، — گەپ نىمدە، تۇپراق قالتىس، ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك يەرلەر. مەن ساڭا ئېيتسام، بۇ يەرلەرنى رەھمەتلىك بوۋىمىز ئوز قولى بىلەن ئېچىپ - تاختىلاپ ئېتىز قىلغان.

— باشقا گېپىم يوق ئوغلۇم، كومپارتىيىنىڭ سوزى— ئاتا سوزى. سىنىڭ بىيجىڭغا بىرىپ ئوقۇغىنىڭ — گادايىنىڭ بىشىدا بەخت قۇشىنىڭ پەرۋاز قىلغىنى. مەن ئەمدى ئىنىمنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىغان بولدۇم، — دىدى.

بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق......

## 3

مەن خىيالدىن باش كوتىرىپ، ئۇدۇلغا قارىغىنىمدا، بايىقى بىر قۇچاق بۇغداي باشاقلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرغان مىيسپىت دىخان كورۇنمەدى. ئەمما، خۇددى شۇنداق بىر دوقمۇشتا ئىلىم-پەنگە يۇرۇش قىلىش تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر سۇرەتكە كوزۇم چۇشتى. رەسىمدە راكىتىلار يۇلتۇزلار ئارىسىغا قاراپ ئۇچماقتا، سۇنئىي هەمرا، ئالەم كىمىلىرى ئالەم بوشلۇغىدا پەرۋاز قىلماقتا، نىفىت ۋىشكىلىرى، پولات زاۋۇدى ئىنشائاتلىرى كوككە تاقىشىپ قەد كوتىرىپ تۇرماقتا، ئاق خالات كىيگەن بىر كىشى قانداقتۇ بىر پارچە ئاق قەغەزگە سىزىلغان خەرىتىنى قولىدا تۇتۇپ، يۇكسەك نىشانغا قاراپ، مەردانە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى......

ئاق خالات — تاغامنىڭ ئاق يەكتىگى. ئاق قەغەز— تاغام قولىدىن چۇشۇرمەيدىغان گىزىت بولۇپ كورۇندىمەكىن، خىيال كەپتىرىم يەنە ئوز يىزام ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى......

1957 - يىل 7 - ئايلاردا بىزنىڭ سىنىپىمىز پۇتۇن

مەن بۇلارنى ئاڭلاپ بەكمۇ رازى بولدۇم ھەمدە كوڭلۇمدىكى "مۇسا تاغام رازى بولماسمىكىن" دېگەن ئەندىشەمنى نېرى ئىتتىرىپ:

— تاغا، سىز مېنى مۇشۇنچىلىك قىلغىچە كوپ جاپا چەكتىڭىز، ھازىر مېنىڭ سىزگە تازا قول ـ قانات بولىدىغان ۋاقتىم ئىدى، لېكىن، مەن يەنە ئازراق ئوقۇۋالايمىكىن، دېگەن نىيەتتە بولۇۋاتىمەن، — دېدىم.

تاغام ئويلىمىغان يەردىن، ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن:

— ئوقۇ! چوقۇم ئوقۇ! ئوقۇغانغا نىمە يېتىدۇ، — دېدى ۋە سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېيتتى، — بىلىم — تېگى قۇرۇماس بۇلاق. ھەر جايدا بىلىملىكنىڭ شاراپىتى، بىلىمسىزنىڭ كاساپىتى. قانچىلىك قۇربىڭ يەتسە، شۇنچىلىك ئوقۇۋال. بىلىمسىزلىك — نادانلىق بىز بىلەن كەتسۇن. سەن يەنە ئاشۇ ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇۋېرەمسەن، ئوغلۇم؟......

— ياقەي، ھازىر بېيجىڭدىن مۇئەللىملەر كەلدى. مېنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا خەتلىدى......

تاغام "بېيجىڭ" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، شۇنچىلىك ئېچىلىپ ـ يايراپ كەتتىكى، ئوز سەرگۇزەشتىلىرىنى سوزلەپ پۇتۇن كېچە كىرپىك قاقمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن ھېچقايسىمىزغا ئۇقتۇرمايلا بىر قوزىلىق قوينى يېزا بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپتۇ ـ دە، ماڭا بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ئاپتۇ. 3 كۇندىن كېيىن مەن يولغا چىقتىم، تاغام قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

قالغان كونا دىخان ئەمەس، يېڭى دىخانمەن — كوپېراتىپ ئەزاسى. يېڭى دىخان ئەلۋەتتە گېزىت ئوقۇشى، جاھاننىڭ، مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى دائىم بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. مەن بۇ ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان كەچ كۇرستا ئوقۇپ، ساۋادىمنى چىقىرىۋالدىم. بۇ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلمي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن بەكمۇ زورۇر، — تاغام مېنىڭ قىزىقىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ، تام - تۇرۇسلاردىكى ئەۋرىشكىلەرگە قاراپ قويدى، — تاغاڭ ھازىر كوپېراتىپنىڭ تېخنىكا ھەيئىتى. بىز بارا - بارا قارا كۈچكە تايىنىپلا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزدۇق. ئۆزىمىز مەشغۇل بولۇۋاتقان زىرائەتلەرنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىش كېرەك. ئۇ ساڭا بېقىنمىسا، سەن ئۇنىڭ خۇي-مىجەزى بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ يۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ھەسسىلەپ ئاشۇ-رالايسەن...... ئاندىن قالسا گېزىت. گېزىت مېنىڭ ياخشى بۇرادىرىم. ئۇ ماڭا نەدە قانداق تېخنىكىلىق تەدبىر ئوت-تۇرىغا چىققان بولسا، خالىغانچە ئېيتىپ بېرىدۇ؛ پايدىلىق يول كۆرسىتىدۇ. مەسلىھەت بېرىدۇ...... مەن بۇلارنى بىلى-ۋالىمەن - دە، دەرھال ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ياپسالايمەن......

ئەتىسى ساۋاقداشلىرىم تاغامنى زىيارەت قىلدى. تاغام يېڭى دىخانغا خاس خۇش خۇيلۇق بىلەن ساۋاقداشلى-رىمنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى:

— بەخت - ئامەت قوش كېلىۋاتىدۇ، باللىرىم. زامان دىخاننىڭ بولۇپ قالدى، — دېدى تاغام. ساۋاقداشلىرىمنى

تەركئۆي بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا تىل تەتقىقات خىزمىتى بىلەن كەلدى. مەن بىر گۇرۇپپا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە دەل بىزنىڭ كەنتكە كېلىپ، تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتۇق......

مەن شۇ كۈنى پېشىن مەزگىلى بىلەن ھويلىمىزغا كىردىم، پېشايۋان سۇپىسىدا تاغام بېشىغا گۈل چەككەن ئاق دوپپا، ئۈستىگە كىر تەگمىگەن ئاق خەسە يەكتەك كىيگەن ھالدا ئولتۇرۇپ، ئاۋازىنى چىقىرىپ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. تاغام مېنىڭ كىرىپ كەلگىنىمنى سەزمىدى. مەن تاغامنىڭ گېزىت ئوقۇيالايدىغان بولغانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئالدىراپ ئەتراپقا قارىدىم.

ئوھو......مانا يېڭىلىق! پېشايۋاننىڭ تام-تورۇسلىرى، تەكچە-تۈۋرۈكلىرى بىكار ئەمەس. ھەممە يەرگە باغلام-باغلام ھەر خىل بۇغداي باشاقلىرى، مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان ھەر خىل سورتتىكى باش قوناقلار، ھەر خىل پاختا-كېۋەز، شال ئەۋرىشكىلىرى ئېسىۋېتىلگەن؛ يەنە نۇرغۇن رەخت ۋە قەغەزدىن ياسالغان خالتىلار ئېسىلىپ، ئۇلارغا شەرتلىك بەلگە ۋە چۈشەندۈرۈش سوزلىرى يېزىلغان قەغەزلەر يېپىشتۇرۇپ قويۇلغان ئىدى......

تاغام مېنى كوردى ۋە بۇرۇنقىدەكلا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن مېنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى:

— ئوغلۇم، ھەيران بولۇۋاتامسەن، — دىدى ئۇ قولىدىكى گېزىتنى كورسىتىپ تۇرۇپ، — مەن ئەمدى نادانلىقتا

بادام، ئالما ـ گىلاسلارنى كورسەتتى. چوڭ ئاكامنى ئويلى ـ ۋاپتۇ، ئوتتۇرانچى ئاكامنى ئويلەش ئۇچۇن يىگىدىن سال ـ غان 3 ئىغىزلىق ئوينى زىيارەت قىلدۇردى. كىچىك ئىنىم پەرھات مەكتەپكە كىرىپتۇ، ساگدىكى تولغان ئاشلىق، ئىغىل قوتاندا ئاۋۇپ كوپەيگەن چارۋا تاغامنى قىزىقتۇرمىدى:

— بۇنى قوي ئوغلۇم، بىھاجەت، — دىدى تاغام ئويلانغان ھالدا، — مەھەللىمىزنىڭ ئاقساقلى ھىلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، ئون يىللار مابەينىدە يىغالمىغان ۋەج ـ ئوقەتنى بىز 4 يىلدا ھالال ئەمگەك بىلەن ياراتتۇق. مۇندىن كىيىن دىخاننىڭ كۇنى تىخىمۇ بەلەن بولىدىغانلىغىدا گۇمان يوق. ئەمدى مەن ساڭا ئوزەمنىڭ ئىلمىي تەجرىبە ئىتىزىمنى كورستەي......

قۇياش سىخىلىق بىلەن نۇر چىچىپ تۇرغان "تەجرىبە ئىتىزى" ئالتۇن نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ بەرق ئۇرۇپ تۇ ـ راتتى. كوپىراتىپ تەرىپىدىن ئاجرىتىپ بىرىلگەن بەش مولۇق "ئىلمىي تەجرىبە ئىتىزى" نەچچە ئون ئۇششاق ئىتىز ـ كاندۇكلارغا بولۇۋىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل زىرائەت تۇرلىرى ئوستۇرۇلگەن، بەزى مايسىلار ئەينەك شىشە ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان، بەزىلىرىگە قەغەز قالپاق ـ لار كىيدۇرۇلگەن، بەزىلىرىنىڭ غولىغا خەت يىزىلغان تاختىلار ئىسىپ قويۇلغان......

— تاغام "ئىلمىي تەجرىبە ئىتىزى" نىڭ قىر بىشىغا كىلىپلا يوپۇرماقلىرى سەل ـ پەل ساغىرىشقا باشلىغان بىر تۇپ كىۋەز مايسىسىغا كوزى چۇشتى ـ دە، ئاق يەكتىگىنىڭ

ئاپپاق ياغلىق تۇقاچ، سۈت، قېتىق، ئۈرۈك، شاپتۇل، يازلىق قوغۇنلار بىلەن كەڭ - كۇشادە مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ، — نىمىسىنى ئېيتىسىلەر، ئوتكەن 4 يىل ئىچىدە ھەمكارلىق گۇرۇپپا، باشلانغۇچ كوپىراتىپ، ئالى كوپىراتىسىيەلەرنى بېسىپ ئوتتۇق. توختىغان يېرىمىز — سوتسىيالىزىم بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭىدىغان يولىمىزنى كەڭ، قولىمىزنى ئۇزۇن، كوڭۇل - كوكسىمىزنى ئوچۇق - ئايدىڭ قىلدى. ئۇدا 4 يىل مول ھوسۇل ئالدۇق. دېخاننىڭ بېلى تۇزلەندى. يېڭى ئوي - مەھەللىلەر بىنا بولدى، ھېچقاچان بولمىغان توي - توكۇنلەر بولۇپ ئوتتى. يۇرت ئاۋات، پۇقرالار پاراۋان بولدى دىگەن شۇ ئەمەسمۇ؟......

تاغام ساۋاقداشلىرىمنى نازۇ - نىمەتلەردىن كوپرەك يەپ - ئىچىشكە زورلاپ تۇرۇپ، سوزىنى داۋام قىلدى:

— يېڭى دىخان يالغۇز ئوز ئېمىدىلا بولمايدۇ، — دىدى تاغام خوشاللىق بىلەن، — ئارقا تېمىڭ ھۇللۇق بولسا، مۇشتۇمىڭ بازغان، دىگەن ماقال بار. مۇشۇ 4 يىل ئىچىدە بىزنىڭ كوپىراتىپ دولەتكە ئىككى مىليون جىڭدىن كوپرەك ئاشلىق، بەش يۈز مىڭ جىڭغا يېقىن پاختا سېتىپ بەردى. غەرىزىمىز سوتسىيالىزىم چوڭ بىناسىنىڭ ھۇلىنى پۇختىلاش، دولەتنى كۈچەيتىش، ئاخىرقى ھساپتا — دىخانغا كوپرەك تىراكتۇر، كومبايىن يەتكۈزۈپ بىرەلەيدىغان قىلىش......

كېيىن ماڭا تاغام ئوزى بىنا قىلغان بىر مولۇق باغنى، ئۇنىڭدا تۇجۇپىلەپ ئوستۇرگەن ئەنجۇر، ئانار، پىستە-

بىلگە دەسسەپ تۇراتتى.

ئايرۇپىلان بىلەن پولات قەلەم قانداقتۇر بىر بىرىنى تەقەززا قىلغاندەك قىلدى، نىمىشىندۇر ئېسىمغا سالدى. مەن يەنە چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆمۈپ قالدىم......

"ئىلمىي تەجرىبە ئېتىزى" دا مۇسا تاغام بىلەن ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئون يىلچە ئۇز يېزامغا بېرىش نېسىپ بولمىدى. بۇ جەرياندا مەن ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، ئۇرۇمچىدىكى بىر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلىشىپ، ئىجتىهات بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدىم. بىرنەچچە پارچە ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىم ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى ئىككى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتتا بېرىپ يەنە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇردۇم. تۇرپان ئويمانلىغى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئىلمىي تەكشۇرۇش بىلەن بولدۇم ھەمدە ئۆزەمنىڭ چوڭ ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىم ئۈستىدە ئىشلەشكە كىرىشتىم.

شۇ يىللار ئىچىدە مۇسا تاغام بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن، خەت-ئالاقىمىز زادى ئۈزۈلمىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىش ماڭا ئايان. ئۇ، ئۆز ئىشلىرى ۋە تۇرمۇشىدىن بەكلا رازى ئىدى. بۇنى تاغام يازغان خەتلەرنىڭ ھەر بىر قۇرىدىن كۆرگىلى بولاتتى......

1964-يىلنىڭ ئۆكتەبىر ئايلىرىدا مەن تاغامدىن تېلې-

ئېچىدىن بىر كىتاپنى ئېلىپ، ئالدىراپ ۋاراقلاشقا باشلىدى.

تاغام ساغىرىشقا باشلىغان يېپۇرماقنىڭ توپ سەۋۋىنى تېپىشقا كىرىشكەندەك قىلدى. ئۇ، تۇرۇپ قولىدىكى كىتاپقا، تۇرۇپ، كىچىك لۇپا ئەينەك بىلەن ھىلىقى يېپۇرماقلارنىڭ غولىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى......

بۇ ھالەتنى كۆرۈپ مېنىڭ قەلبىم ئىختىيارسىز زوققا تولدى. كۆڭلۈمدە بىر سادا جەۋلان قىلىپ ياڭراشقا باشلىدى: ياشاپ كەت تاغا، مانا ئەمدى سەن ھەقىقى خوجايىنغا ئايلىنىپسەن، مەنمۇ ئۆزەمنى ئىلىم-پەنگە بېغىشلىۋەتتىم، سەنمۇ ئۆز مەشغۇلاتىڭنىڭ سىرىنى ئېچىشقا بەل باغلاپسەن، ھەر ئىككىمىزنىڭ يولى بىر ئىكەن، بۇ يولدا تەڭ ئىلگىرىلەيلى......

## 4

كۆكتە پەرۋاز قىلغان كۈمۈش لاچىن خىيال يىپلىرىمنى ئۈزۈۋەتتى. بېشىمنى كۆتىرىپ قارىسام، ئايروپىلان تىيانشان تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن. ئالدىمدا يەنە بىر سۈرەت چىراي ئاچتى. ئۇنىڭدا قەھرى-غەزەپكە تولغان بىر ئىشچى قېرىنداش، سۇغا چۈشكەن ئىتقا ئوخشاش پىتىراپ-تىپىرلاپ تۈگۈلۈۋالغان "4 گېزەندە" نىڭ بېشىغا غايەت زور پولات قەلەمنى سانچىغان ھالدا يەر چىشلىگەن گېزەندىلەرنىڭ

گىرىلەۋاتقانلىغىمىز ئۈچۈن خۇشال ئىدۇق. مەن ئۆزەمنىڭ چوڭ ئىلمىي ئەسىرىمنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چوقۇم قېرىنداشلىرىم ئالدىغا يوقلاپ بېرىشقا ۋەدە بەردىم. تاغام ئۈمىت-ئىشەنچكە تولغان هالدا يۇرتىمىزغا — ئۆزىنىڭ "تەبىئەت بىلەن ئېلىشىپ بايلىق يارىتىش" مەيدانىغا قايتتى……

ئارىدىن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ ئىلمىي ئەسىرىمۇ پۈتتى، بۇ كىتابقا پەنلەر ئاكادېمىيىسى ناهايىتى يۇقۇرى باها بەردى، تېز ئارىدا نەشر قىلىشنى قارار قىلدى……

ئەمما……

بۇ "ئەمما" قان-تەرنى ئىككى پۇل قىلىۋېتىدىغان دەهشەتلىك ۋەقەلەرگە مەنداش ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ …… ئېزىتقۇ غارلىرىدىن قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلگەندەك، تۇيۇقسىز ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتتى…… مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلاندى…… ئىش ئۈستىلىم ئالدىدا، دەل ئۆز ئەسىرىمنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى بېكىتىپ كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان چېغىمدا، تۇيۇقسىز قولۇم باغلىنىپ، يۈزۈمگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلدىم. ئېسىمنى يىغسام، كوچىدا بىر توپ ئىلىم-پەن خادىملىرى بىلەن بىللە سازايى قىلىنىۋېتىپتىمەن. ئون يىلدىن بۇيان قان-تەر بىلەن يېزىپ پۈتتۈرگەن ئىلمىي ئەسىرىمنىڭ ۋاراقلىرىدىن ئۇزۇن كۇلا ياساپ بېشىمغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. مەيدەمدە "شيۇجېڭجۇيىچى ئاق مۇتەخەسسىس" دېگەن

گىراما تاپشۇرۇۋالدىم. ئوھۇ ...... نىمەدىگەن شاتلىنارلىق ئىش! تاغام ئۆزىنىڭ دىخانچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاش - تۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سېپىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپتۇ. تەشكىل مېنىمۇ بۇ يە - غىنغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىشقا كورسەتتى. نىمە دىگەن مەنىلىك ئۇچرىشىش - ھە! ......

مەن تاغامنى كۈمۈش لاچىن پەرۋاز قىلىپ تۇرغان ئۇرۇمچى ئايرودورومىدا كۈتۈۋالدىم. تاغام مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— بىر - ئىككى يىل شامالغا ئەگىشىپ، ئەگرى - تو - قاي چېگىلەپ قالغان بولساقمۇ، ھازىر ھەممە ئىشىمىز ئە - زىنغا چۈشتى. ئوتكەن يىلدىن باشلاپ، يۇرتداشلار چوڭ غەيرەت بىلەن ئېتىز - ئېرىقلىرى سالالاشقان، ئوي - ئىمارەت - لىرى رەت - رەت سېلىنغان، ئېلېكتىر چىراقلىرى كېچە - كۈندۈز چاقناپ تۇرىدىغان، شەھەردىن ئانچە پەرق قىلا - مايدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۈرىشىگە كىرىشىپ كەتتى. ھازىر نەتىجىمىز كوزگە كورۇنۇشكە باش - لىدى. بۇ كۈنلەردە مېنىڭ "ئىلمىي تەجرىبە ئېتىزىم" دىخان - چىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش مەركىزى بولۇپ قالدى. بېرىپ قالساڭ، يېزىمىزنى تونۇشۇڭمۇ ئاسان ئەمەس، — دىدى......

يىغىن ئاياقلاشقىچە تاغام بىلەن ئىككىمىز بىردەم - مۇ ئايرىلىشمىدۇق. دەۋر بىلەن تەڭ ئوسۇپ، تەڭ ئىلا -

تۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ مېنى كورۇپلا ئۇقتەك ئېتىلىپ
كەلدى ـ دە، "ئاكا، سەن بارمۇ......" دىگىنىچە بوينۇمغا
ئېسىلدى. مەن پەرھاتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:
ــ ئۇكام، مۇسا تاغامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ــ دەپ
سورىدىم.
پەرھات گويا بىر نىمىدىن ئۈركىگەندەك، تۇيۇقسىز
قولى بىلەن ئاغزىمنى توستى ـ دە، قورقۇپ تەشۋىشلىنىپ
ئەتراپقا قارىدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇ قارىغان تەرەپكە قارىدىم.
يېزا گۇزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باشقۇرۇش رايونى
ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا شەپكە ـ قولاقچىلىرىنى
قىڭغىر ـ قىيسىق كىيگەن، يەڭلىرىگە قىزىل لاتا باغلىۋالغان،
قوللىرىدا نەيزە ـ تومۇر مۇشتلارنى تۇتقان 4 ـ 5 بىر نىمە
گولەيگەن قىياپەتتە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
ئېگىز بويلۇق، يۈزى چوقۇر، بۇرنى سەل پاناق بىرسى
كوزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، تاماكىسىنى قىڭغىر
چىشلىگەن ھالدا ماڭا تىكىلگەندەك قىلدى. مەنمۇ ئۇنى
تونۇغاندەك قىلدىمۇ ـ ئەسلىيەلمىدىم.
ــ ئاكا، سەن قارىما، ئۇنىڭغا قارىما، يۈر، بۇ
يەردىن تېزرەك كېتەيلى، ــ دىدى پەرھات.
بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ كەتتۇق. يېزا گۇ-
زىرىدىن چىققاندىن كېيىن، مەن بايىقى چوقۇر ـ پاناقنىڭ
كىملىگىنى سورىدىم.
ــ كىم بولاتتى؟ ھېلىم قولاقكەستى دىگەن شۇ، ــ
دىدى پەرھات قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ كېتىۋېتىپ، ــ ئۇنى

خەت…… گەجگەمدە بەتلەگلدك نەيزە ۋە مۇشت……

ئاردىن يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتتى. ئىلىمگە بېرد-لىپ، "كاپىتالىزىمنى تىرىلدۇرمەكچى" بولغان جىنايىتىمنى ئويلاپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلدۇم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا تاغامنىڭ كەنجى ئوغلى پەرھاتتىن تېلېگىراممىا تاپشۇرۇۋالدىم. تېلېگىراممىدا "ئاكا، دادامنىڭ ئەھۋالى بەك ئېغىر، كېلىپ قۇتقۇز، تېز كەل-گىن!……" دېيىلگەن ئىدى.

— ئاھ، مېنىڭ سۆيۈملۈك تاغام، ساڭا قايسى كېسەل يېپىشقاندۇ؟

مەن مىڭ تەسلىكتە، ھەسسىداشلارنىڭ قەتئىي مەدد-تى، ياردىمى ئارقىسىدا ئۆز "مەسىلەمنى" ئويلىغاچ، "تىم-تاس بېرىپ، جىمجىت قايتىش" شەرتى بىلەن 20 كۈن-لۈك رۇخسەت ئالدىم-دە، يېزامغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم……

5

ھەر كىممۇ ئۆز يۇرتىنى، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى ئارزۇلايدىغاندۇ. مەنمۇ ئۆز يېزامغا ئالاھىدە ئىش-تىياق باغلىغانمەن. چۈنكى ئۇ يەردە مېنىڭ ئۆسمۈر-گۆ-دەكلىك چاغلىرىم ئۆتكەن. چۈنكى ئۇيەردە مېنىڭ قە-دىردان مۇسا تاغام بار……

مەن مۇز قاتقان ئۆستەڭنى ياقىلاپ، يېزا گۈزىرىگە كىرىپ كەلدىم. گۈزەرنىڭ دوقمۇشىدا پەرھات مېنى كۆ-

كىمىۇ چەش پاتۇرالىسۇن!......
ھالىمىزگە يىقىنلاشقانسىرى كوڭلۇم غەش بولۇپ كەتتى.
مەن پەرھاتنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ كېلىۋېتىپ، مە-
ئېتىز-ئېرىقلار چۆلدەرەپ قالغان، مۇز قاتقان ئېرىقلاردىن
سۇ يامراپ-تېشىپ، يوللارنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن.
تېخىچە يىغىۋېلىنمىغان پاختا، چالا ئورۇپ تاشلىۋەتكەن
باش قوناقلار ھەممە يەردە ئىسراپ بولۇپ چېچىلىپ يا-
تاتتى. كۆزلۈك ھەيدەش، كۆزگى بۇغدايلارنى كانجىلاش
گويىاكى ھېچكىمنىڭ ئېسىغا كەلمىگەندەك ئىدى. مۇزدەك
سوغاق شامال قىممەتلىك ئاق ئالتۇنلارنى، قوناق پايە-
لىرىنى توزىتىپ-ئۇچۇرۇپ يۇرمەكتە......
"تاغام ئاغرىپ قالمىغاندا، مۇنداق نومۇسلۇق ئىشقا
يول قويارمىدى!......". خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە،
كەينى تەرىپىمىزدىن پاراسلاپ ئات چېپىپ 4 كىشى يې-
تىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرسى ھېلىم قۇلاق كەستى ئىدى.
بىز يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ تۇردۇق. ھېلىم قۇلاق كەستى
بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە، چوقۇر چىرايىنى پۇرۇش-
تۇرۇپ شۇنداق گولەيدىكى، گويا ئۇ: "ماڭا سالام بېرىپ
ئېگىلمەي ئوتكىنىڭمۇ، خەپ! مەن سەندەك بىلىملىك بۇر-
ژۇئازىيىنى شۇنداق ئوخشۇتايكى، ئاكاڭ قارىغاينىڭ كىمە-
لىگىنى شۇندا كورۇپ قوي!" دەۋاتقاندەك ئىدى......
بىز دەل پېشىن ۋاقتى بىلەن ئويگە كىرىپ كەلـ-
دۇق، ھامما ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. مېنىڭ "تاغام
قېنى؟" دەپ سورىغان سوئالىمغا، ئۇ، كوزىگە لىققىدە ياش

بۇ يەردىكى خەقلەرنىڭ ھەممىسى "ھېلىم قولاق كەستى" دېيىشىدۇ. لېكىن، ئالدىدا ئۇنداق دېمەيمىز. ئۇنىڭ بىر-مۇنچە نوۋكەرلىرى بار، ئۇلار "ھېلىم قوماندان" دەيدۇ. ئۇ ھازىر بىلسەم-بىلمىسەم ھەممىسىنىڭ كاتتىۋېشى......

پەرھاتنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن شۇنى بىلدىمكى: ھېلىم قولاق كەستى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، كۆنگە ساۋاقداشلىرى بىلەن سۈركۈلۈپ جېدەل تېرىيدىغان بىشەم بىر نېمە ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ، تەربىيە ئاڭلىماي ھەممىنى بىزار قىلىپ، ئىنتىزامنى ئېغىر ھالدا بۇزغانلىقتىن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغان. ئىشلەپچىقىرىش دۆيىدە بوغالتىرنىڭ كەملىگىدىن بىر مەزگىل ۋاقىتلىق بوغالتىرلىق قىلغان بولسىمۇ، قاقتى-سوقتى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، خىيانەت قىلغانلىقتىن قاتتىق تەنقىت قىلىنىپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. ئەمگەكتىن قېچىپ لاغايلاپ يۈرۈپ كېچىسى بۇغداي خامىنىغا قول سوزغاندا، تۇتۇلۇپ قېلىپ شەھەرگە قېچىپ كەتكەن...... مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلىنىش بىلەن تەڭلا، ئۇ بىرنەچچە ھەمشەرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، "چوڭ ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى" تەشكىللەپ، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ بېيجىڭغا بارغان...... بېيجىڭدا "دېخان ئىسيانچىلارنىڭ ۋەكىلى"، "كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان دېخان ياش" سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ، جياڭ چىڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن! ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ يەردە

ئاڭلاندى، ئۇ كولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، پىيما كىيگەن
پۇتلىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ، مۇسا تاغامنىڭ ئالدىغا
كەلدى، — سەن قېرى قاقۋاش، — دېدى ئۇ بىگىز قولى
بىلەن مۇسا تاغامنىڭ كوزىگە نوقۇپ تۇرۇپ، — سەن
بۇگۇن بىر مەسىلىگە جاۋاپ بېرىسەن. ئۇلۇشكۇن سەن
پىپەن سەهنىسىدىن چۇشە-چۇشمەيلا بىرمۇنچە ئاڭسىز هاڭ-
ۋاقتىلارغا: "جاهان ئوزى نىمە بولۇپ كەتتى. ئەجۇز-مە-
جۇزىلەر باش كوتەردىمۇ-نىمە؟ — " دەپسەن. بۇ دىگە-
نىڭ راستمۇ-يالغان؟! — دىدى.

مەن ئىتتىك مۇسا تاغامغا قارىدىم، ئۇنىڭ كوز-
لىرىدە غەزەپ ئوتلىرى ئۇچقۇنلىنىپ تۇراتتى. تاغام بىر
نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشكە تەمشەلدىيۇ، نىمە ئۇچۇندۇر
گەپ قىلمىدى.

هېلىم قۇلاق كەستى جامائەتكە قاراپ چالۋاقاپ
كەتتى:

— كوپچىلىك، بىز ئۇنىڭ مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىغا
زەهەر چاچقان مۇشۇ جان يېرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ
ئىت كاللىسىنى يانچىپ تاشلىشىمىز كېرەك، — هېلىم
قۇلاق كەستى بۇرۇلۇپ مۇسا تاغامغا قارىدى، — سەن قې-
رى قاقۋاشنىڭ جىنايىتىنى ئېيتىپ تۇگەتكىلى بولمايدۇ.
سەن مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىدا ئىنقىلاپتىن، سىنىپىي
كۇرەشتىن ئېغىز ئاچماي، دادۇيىمىزنى شىۋجېڭجۇيىلىق يول-
غا باشلاپ، ياشلارغا هەدىسە، "ئىلمى-پىلمى، تەجرىبە-
پەجرىبە ئېتىزى" دىگەن نىمە ئۇستىدە سوزلەپ يۇردۇڭ؛

ئېلىپ:

— تۇتۇپ كەتتى، ھېلىم قۇلاق كەستى داقىرىتىپ سورىگەنچە ئېلىپ كەتتى. كولدە، كولگە بېرىڭلار، قۇتقۇ-زۇڭلار! — دىدى.

— كول! قانداق كول؟ كول دەمسەنا؟ — يۈرىكىم سىقىلىپ ئالدىراپ سورىدىم.

ھامامم نەپەسى قىسىلىپ، سوزلىيەلمەي قالدى، پەرھات:

— ئاكا، بولۇڭ، كولگە بارايلى. دادامنى ھېلىم قۇلاق كەستىلەر بىر ئايدىن بۇيان كولدە تۇرغۇزۇپ، پىيەن قىلىۋاتىدۇ...... — دىدى.

كوڭلۇمگە ئاللىنىمىلەر كەچتى، تېنىم شۇركەنگەند-دەك بولدى. يۈگۈرگەنچە مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كول بويىغا باردۇق......

كولنىڭ ئەتراپىغا ئەلىكچە ئەزا رەتلىك ئولتۇرغۇ-زۇپ قويۇلغان بولۇپ، كول ئىچىدە — كوپ-كوك مۇز ئۈستىدە 4 كىشى ئورە تۇراتتى. بىرسى دادۇينىڭ شۇ-جىسى؛ بىرسى پىشقەدەم دادۇيجاڭ، يەنە بىرسى نا تو-نۇش قېرى مۇيسىپىت بولۇپ، تۇتىنچىسى مۇسا تاغام ئىدى. ھەممىيلەن يالىڭاياق ئىدى. مۇسا تاغامنىڭ پۇتى ئوز ئىسسىغىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، مۇزنى ئېرىد-تىپ بىر بارماق چوڭقۇرلۇغىدا مۇزغا پېتىپ كىرىپ كېتىپتۇ......

— بىز گەئىنقىلاپ كېرەك، ئىنقىلاپ! ئىنقىلاپ ھەممىنى چەتكە قاقالايدۇ. ئىنقىلاپ ئالدىدا ئىشلەپچىقىرىش دىگەن نىمكەن ئۇ! — دىگەن ھېلىم قۇلاق كەستىنىڭ ئاۋازى

مەن يەنە ئىتتىنىڭ مۇسا تاغامغا قارىدىم. بۇ قېتىم تاغامنىڭ ئەقىللىق كوزلىرىدە غەزەپ ئەمەس، مەسخىرىگە ئوخشاش بىرنەرسە يالتىرىغانىدەك قىلدى ھەمدە كۇتۇلا-مىگەندە:

— مەن مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچە يالغان سوزلەپ باقمىغان، دۇرۇس، بۇ جاھان ئوزگىرىپ-ئاينىپ كېتە-ۋاتامدۇ-نىمە، دىگىنىم راست. ئەجۇز-مەجۇز دىگىنىممۇ شۇ، — دىدى.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ھېلىم قۇلاق كەستى تاغاە-نىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن "گاچ" قىلىپ بىرنى سالدى. مۇسا تاغامنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئۇ، سەن-تۇرۇلۇپ بېرىپ، يىقىلاي-يىقىلاي دەپ قالدىيۇ-لېكىن، ئوزىنى بىر ئامال قىلىپ ئوڭشىۋالدى.

— مانا ئەمدى ئىقرار قىلدىڭ، نەق ئەكسىلئىنقىلا-لاپچى، باغلا! — ھېلىم قۇلاق كەستى كوزلىرىنى پال-پۇل پارقىرىتىپ، ئوز ھەمشىرىكلىرىگە بۇيرۇق بەردى.

ھەش-پەش دىگۇچە، نەيزە تۇتقان، شەپكە-قۇلاقچى-لىرىنى قىڭغىر-قىيسىق كىيگەن 4 سولتەك ئوز ماھارىتىنى نامايىش قىلىۋاتقاندەك، تاغامنى چەمبەرچەس باغلىۋەتتى.

مەندە چىدام — تاقەت تۇگىدى. ۋوجۇدۇم ئورتىنىپ، قەھرىم تۇتقان ھالدا ئىختىيارسىز كول ئىچىگە — ھېلىم قۇلاق كەستىنىڭ قېشىغا چۇشتۇم.

— يولداش ھېلىم، — دىدىم مەن ئوزەمنى بېسىۋالا-غان ھالدا، — قەلەم كۇرىشى قىلىش، ئەلەم كۇرىشى قىلى-

ئىنقىلاپ باشلانغاندىن كېيىن بولسا، ئىسيانچىلارنىڭ دا-
دۇينىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ، ئاز-تولا پۇللىرىنى خەجلەپ،
بىر ئاز يەپ-ئىچىپ ئىنقىلاپ قىلىشقا ئۇكتە قوپۇپ،
ماخونىڭ ئىشكىنى تاقىۋالدىڭ. ئات ئالغىلى كىرگەن
ئىسيانچىلارنىڭ يولىنى توساپ، بىشەملىك قىلىپ ئات
بەرمىدىڭ. سەن قېرى قاقۋاش شۇنى بىلگىنكى، ئىنقىلاپ
قىلىش — مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس، ئۇ،
ئۇنداق سەتەڭ خوتۇننىڭ مىجەزىدەك سىلىق-يۇمشاق
بولالمايدۇ. خوتۇنلارنىڭ چېچىنى قىرقىش، ئۇزۇن يەك-
تەكنىڭ پېشىنى كېسىش، كونا توقۇم كىتاپلارنى كويدۇ-
رۇش، بارلىق كونا كادىرلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش —
كونا دۇنياغا ئوت ئاچقانلىق. سەن قېرى قاقۋاش بىزنىڭ
بۇ ئىشىمىزغا جان-جەھلىڭ بىلەن قارشى چىقتىڭ. بىز
ئەزالارنى ئىنقىلاپ قىلىش ئۈچۈن مەجلىسكە يىغساق،
سەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ: ئېتىزدىكى پاختا-قوناق
ئىسراپ بولۇپ كەتتى-يەي! كۆزگى ئېتىزلار شۇدىگەر
قىلىنمىدى-يەي! كەچكىچە ئىنقىلاپ، مەجلىس-
مەجلىس دەۋەگەن بىلەن قوساق تويمايدۇ — يەي، دەپ
ئەزالارنى ئېتىزغا ئېلىپ كەتتىڭ. ئېيتە، سەن بىزنى زادى قايسى
يولغا باشلىماقچى-ھە! بىز بۇ ھىساپنى تېخى بىر-بىرلەپ
ئالىمىز. بىز بۇ ھىساپنى ئالمىساق، قەدىردان جياڭ چىڭ
خانىمغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز! ...... مەن ھازىرلا ئېيتاي.
سېنىڭ "ئەجۈز-مەجۈز باش كوتەردى" دىگەن گەپنى قىلى-
غىنىڭ راستمۇ-يالغان؟......

قىچىپ كەلدىڭ، يا بولمىسا، بۇ يەردە ئەكسىلئىنقىلاپ قىلماقچى......

— تۆھمەت قىلما!

— تۆھمەت، نىمە تۆھمەت!......

— سەن تۆھمەت قىلىۋاتىسەن!......

— ئىسيانچى ياشلارنى تۆھمەت قىلىدۇ، دەپ ساڭا كىم ئېيتتى-ھە؟! — ئۇ، شۇ گەپنى دەپلا بېشىمدىكى قۇلاقچىنى قولىغا ئېلىپ پىقىرىتىپ تاشلىۋەتتى، بىر قولى بىلەن چېچىمنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولى بە-لەن بۇرنۇمغا مۇشت بىلەن سالدى. ھېلىقى 4 سولتەك شىرىكىمۇ يېپىشىپ كېلىپ، مۇشتلاپ دەسسەشكە باشلى-دى......

ئۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولغانلىغىنى، نىمە دەپ سۆزلىگەنلىگىمنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنى ئاچسام، مۇزدەك سوغاق، قاپ-قاراڭغۇ بىر ئۆيدە پاخال ئۈستىدە يېتىپتە-مەن. پەرھات ماڭا تاماق ئېلىپ كەپتۇ، لېكىن، تاماق يېگۈدەك ھالىم يوق......

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتىمىكىن، بىر كۈنى سەھەردە ھېلىم قۇلاق كەستى قولۇمنى باغلاپ، بېشىمغا تاغار كىيگۈزدى-دە، ھارۋىغا تاشلىدى...... ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىسى ئادەم قوشۇپ، مېنى ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىۋەتتى. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ماشىنىدىن چۈشسەم، ئىككى مىنبىڭ، 4 ئىسيانچى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ئۇلار مېنى تۆرمىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ باردى. يولدا كېتىۋېتىپ،

ماسلىق، دىگەن گەپ بارغۇ، نېمىشقا بۇ ياشانغان ئادەمنى ئۇرىسلەر؟ ئۇ سىلەرگە يالغان ئېيتمىدىغۇ!......

ئاغزىمدىن مۇشۇ گەپ چىقىشى بىلەن تەڭ، ھېلىم قۇلاق كەستى قوللىرىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ، شۇنداق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىكى، كوزۇمىگە ئۇ، شۇ مىنۇتتا ئالىجىپ ئېسىنى يوقاتقاندەك بىلىندى. بىراق ئۇ، شۇ زامات قاپىغىنىڭ بېزىنى چىقىرىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ماڭا:

— مەن بىلىپ تۇرىمەن، سەن يوۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىل. سېنىڭ پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ پولات مۇشتىدىن قېچىپ، ئوزەڭنى يوشۇرۇپ، بۇ يەرگە پانا ئىزلەپ قېچىپ كەلگىنىڭ راستمۇ؟ دەرھال ئىقرار قىل! — دىدى.

مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم:

— مەن رۇخسەت ئېلىپ، تاغامنى يوقلاپ كەلدىم، — دىدىم.

— يالغان! — دىدى ئۇ، — سېنى كىم بىلمەيدۇ. سېنىڭ شيۇجېڭجۇيىلىق ماقالىلىرىڭنى مېنى ئوقۇمىدى دەمەسەنا، سەنمۇ ئېلىم - پەن مەستانىسى. تاغاڭمۇ "تەجرىبە ئېتىزى" نىڭ مەستانىسى. ھەر ئىككىڭ بىر جاڭگالنىڭ بورىلىرى، كاپىتالىزىمچە ئاق مۇتەخەسسىس، ئىنقىلاپنى كېرەك قىلمايدىغانلار. سەن ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىنقىلاپ قىلىش كېرەك، دىگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ!؟ بىلسەم - بىلمىسەم، سەن يا جىنايىتىڭدىن قېچىپ بۇ يەرگە

ھېلىم قۇلاق كەستى نەگىدۇر قېچىپ، غايىپ بو-
لۇپ كېتىپتۇ، لېكىن، تاغام يوق ئىدى.

— تاغام زادى قېنى؟!......

يۇرتداشلىرىم كوزلىرىدىن ياش توككەن، مۇڭ-
زارغا تولغان ھالدا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى:

ھېلىم قۇلاق كەستى مېنى باغلاپ ئېلىپ كەتكەندىن
كېيىن، تاغام تېخمۇ قەيسەرلىشىپ كېتىپتۇ، ھېلىم قۇلاق
كەستىنىڭ ئىغۋا - شۇملۇقلىرىنى نەق مەيداندا باتۇرلۇق
بىلەن پاش قىلىپ، "كومپارتىيە زامانىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت
مۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن. بىرنەچچە سوا-
تەك - قۇلاق كەستىلەرنىڭ قەددىمىزنى يەنە پۈكۈپ، ئا-
ياق - ئاستى قىلىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن" دەپ،
ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپتۇ. ھېلىم قۇلاق كەستى بىرنى ئى-
سە، ئىككىنى دەپ، سولتەكلەرنىڭ ئەسلى ئەپتى - بەشە-
رىسىنى ئېچىۋېتىپتۇ. يۇرتداشلار تاغامغا ئاپىرىن ئېيتىپ،
دەرھال سولتەكلەردىن بولۇنۇپ چىقىپتۇ. بۇنى كورگەن
ھېلىم قۇلاق كەستىلەر تاغامنىڭ ئۇششۇپ كەتكەن پۇت-
لىرىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ، چىشلىرىنى يۇلۇپ - قومۇرۇپ،
گەپ ياندۇرغان تىلىنى ئىزىپ - چەيلەپ كاردىن چىقار-
غاندىن كېيىن، تاغامغا "نەق ئەكسىلئىنقىلابچى"، "بۇزۇق
تۇنسۇر"، "مەيداننى ئوزگەرتمىگەن شىۋجېگجۇيىچى" دىگەن
ئۈچ قالپاقنى كىيدۇرگەن ۋە يالغان ئىككى تامغا بېسىل-
غان غەلىتە پەرمانىنى كوپچىلىككە ئوقۇپ بېرىپتۇ - دە،

ئىسيانچىلار ئارىسىدىكى بىر كونا تونۇشۇم خوشياقماسلىق بىلەن ماڭا پىچىرلاپ:

— ۋاي ئەخمەقەي! نىمە قىلاتتىڭ يۇرتۇڭغا بىرىپ؟ ئۇستۇڭدىن كەلگەن ماتىرىيالغا نەچچە ئون كىشىنىڭ تامغا - بارماقلىرى بىسىلىپتۇ، ئۇنىڭدا ئىيتىلغان گەپلەرنى ئىنقىلاش توغرا كەلسە، سىنىڭ ئومرۇڭ ئازلىق قىلارمىكىن، — دىدى.

بۇ گەپ گويا ماڭا "ئومۇر بويى" تۈرمىدە ياتىدىغان بولدۇڭ، دىگەندەك ئاڭلىنىپ كەتتى......

6

مەن شۇ قېتىم قولغا ئىلىنغانچە، دەلىل - ئىسپاتى، گۇۋا - شاھىدى تولۇق بولغان "نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى" دىگەن قالپاق ئاستىدا سەككىز يىل تۈرمىدە ياتتىم......

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسماندىن بۇلۇت سۈزۈلۈپ، تۈرمىنىڭ تومۇر پەنجىرىسىدىن باھار شاماللىرى غۇقۇراپ كىرگەندەك قىلدى...... ئارىدىن بىرەر ئايچە ئۆتكەندىن كىيىن تۈرمىدىن ئازات قىلىنىپ، ئۇزۇل - كىسىل نامىم ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى......

بۇ، مىنىڭ تەقدىرىم.

ئەمدى مىنىڭ سۆيۈملۈك مۇسا تاغامچۇ؟......

تىلىفون، تىلىگراممۇ كار قىلمىدى. ھىچقانداق قىلىپ تاغامنىڭ ئۇچۇرىنى ئالالمىدىم...... ئايروپىلانغا ئولتۇردۇم -

# ئۆچېردىكلار

سورىگەنچە ئۆيىگە ئېپكېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ......
تاغام ئىككى يىلغىچە پۇتلىرى چىرىپ، تىلى گەپكە كەلمەي، دوزاق ئازاۋىنى تارتىپ يېتىپتۇ. كېيىن بارا-بارا ياخشىلىنىپ، يەر دەسسىگۈدەك بولغاندا، بىر كېچىدىلا:
— جاھان مۇنداق ئەمەس ۋە مۇنداق بولماسلىقى كېرەك. مەن ھەقىقانىيەتنى ئىزلەيمەن، ھەقىقەت ئىگىسىنى ئىزلەپ تاپىمەن! — دەپ، قەسەم ئىچىپتۇ-دە، يۇرتىمىزدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىنرەك خەۋەر تاپقان ھېلىم قۇلاق كەستىلەر تاغامنىڭ كەينىدىن تاپانباستۇرۇپ ئاتلىق قوغلاپتۇ. ئۇلار تاغامنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ بىرەر ئاز گالغا كومۇۋەتتىمۇ، ياكى تاغام چۆل-جەزىرىلەردە قاڭغىر-قاخشاپ، ئارمىنىغا يېتەلمەي، قاغا-قۇزغۇنغا يەم بولۇپ كەتتىمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن......
تاغامنى كېيىن ناھايىتى كۆپ كىشىلەر سېغىنىپ، خەيرى-خاھلىق قىلىپ ئىزلەپتۇ، لېكىن، تاغام ئىز دېرەكسىز ئىدى......

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكىمنى بىر زەھەرلىك خەنجەر تىلىپ ئۆتكەندەك بولدى. كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلدى، قەلبىمدىن بىر سادا پارتلاپ چىقتى:
— ئاھ، مېنىڭ ۋاپادار، قەيسەر تاغام! سېنى كىم مۇشۇ كۈنگە موھتاج قىلدى ۋە سەن ھازىر قەيەردە. قەيەردىسەن مېنىڭ دىكلەش-موڭلۇق تاغام؟!

ئۈرۈمچى.        1978-يىل 12-ئاي،

# پىلە ئانىسى

1

پىلىخانىنىڭ كەڭ ۋە يورۇق زالىدا تەق-تۇرۇمى،
ياش-قۇرامى بىر بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان ئۈچ
نەپەر ئايال پىلە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سان-ساناقسىز تەۋەك،
كەڭ يۇزلۇك نىپىز ياغاچ قاسقان ۋە رەختى بىلەن تىزىلا-
غان قەۋەتلىك جازىلارغا بىر خىل جىددىيلىك بىلەن ئۇژمە
غازىڭى سالاتتى، پىلىلەرنىڭ ئانچە يېقىملىق بولمىغان
ۋاسىلداش بىلەن غازاڭ يېيىشىگە ھىرىس بولۇپ قارشاتتى
ۋە ئۇلارغا نىمىنىدۇر دىگۈسى كەلگەندەك، لەۋلىرىدە ئويى-
نىغان چىرايلىق تەبەسسۇم بىلەن كۆلۈپ قويۇپ، باشقا
تەۋەكلەرگە ئوتەتتى.

پىلىخانىنىڭ سول تەرىپىدە دەرىزىگە تىرەپ قو-
يۇلغان جازا ئالدىدا پىلىگە غازاڭ سېلىۋاتقان ئوتتۇز-
ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى دىقماقىنا كەلگەن ئايال پىلە-
لەرگە قاراپ، بىردىن قولىدىكى سۋەتنى يەرگە قويدى.
بېلىگە تۈگۈۋالغان باناردىس كوينىگىنىڭ ئېتىگىنى پەسكە
چۈشۈرۈپ، تەرتىپسىز بولۇپ كەتكەن چاچلىرىنى بارماق-

زۇپ، ئاسخاننىڭ پىلە ئىلغىشىغا قاراپ تۇرغان ئۈچىنچى پىلىچى — قەمەخانغا قاراپ ۋايساپ كەتتى:

— ئۇكام قەمەخان، سەن نىمىشقا مولۇندەك قاراپ تۇرىسەن. بۇ پىلىلەرگە نىمە بولغاندۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئېيتقىنا، سەن مۇنداق ئىشنى ئۇچراتقانمىدىڭ؟! — دىدى ئۇ ئۆزىنى باسالماي.

بۇ گەپتىن بەختىخاننىڭ يا تېرىكىۋاتقانلىقىنى، ياكى بىر نىمىدىن جىلى بولۇپ خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس ئىدى.

قەمەخان بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئۇ بۇ ئىككى پەلىچىدىن سەل ياشراق ھەم چىرايلىقراق بولسىمۇ، "قىلدەك گېپى قىرىق تەڭگىگە توختايدىغان" ئايال ئىدى. پىلىچىلەر ئۇنى "تىلى قاتتىق، گېپى قىممەت ئايال"، "ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئارتۇق گەپنى ئامبۇر بىلەنمۇ تارتىۋالالمايسەن" — دېيىشەتتى. لېكىن ھەر كىشىدە بىر خىسلەت بار، ئىشقا كەلگەندە ئۇنى "جىنىم ئۇكام، ئالتۇندەك مىجەزىڭ بار-دە" دىمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— قىزىق سەن-دە، بەختىخان ئاچا، — دىدى ئاخىر قەمەخان قوشۇمىلىرىنى سەل تۈرۈۋېلىپ، — مەن بۇنى نەدىن بىلەي. سىلەر بەش-ئون يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىش بىلەن؛ مەن بولسام تېخى بۇ يىل قاتنىشىۋاتىمەنغۇ؟ ......

قەمەخان شۇنداق دىسىمۇ، لېكىن، بىردىن زىرەكلىشىپ:

لىرى بىلەن تاراپ تۇزەشتۇردى ـ دە، يەنە سىنچىلاپ قا ـ راپ، پىلىلەرگە تىكىلىپ قالدى.

بۇ قېتىمقى قاراشتا ئۇنىڭ بۇغداي ئوگلۇك يۇزىدە بىر خىل پەرىشانلىق سىرتىغا تەپتى ۋە بېشىنى يەنىمۇ تۆ ـ ۋەنرەك ئېگىپ قارىغانىېرى، ئۇزىدە كۇتۇلمىگەن بىاراە ـ لىق ھىس قىلىشقا باشلىدى ۋە چەتتىكى تەۋەگلەرگە غا ـ زاڭ سېلىۋاتقان يەنە بىر پىلىچى ئايالغا قاراپ:

— بەختىخان، بولىسلا، بۇ نىمە گەپ؟ مانىگغا قارىسلا، — دىدى.

بەختىخان پىلىخانىدا ئايىغى يېنىك، ئىشچان، شۇ ـ نىڭ بىلەن بىللە دائىم يۇرەكئالدى بولۇپ يۇرىدىغان ئەنسىزرەك بىر ئايال ئىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ھەجەپ بىر ئەنسىرەتتىلە ئاسى ـ خان، — دىدى ئۇ ھولۇققان ھالدا ئاسىخانىڭ قېشىغا كې ـ لىۋېتىپ، — يەنە نىمە گەپ، پىلىگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ھېچ بىلمىدىم، سەگگىرىپ بىر قارىسىلا، ماۋۇ پىلىلەر غەلىتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ ـ يا......

ئاسىخان كوينىكىنىڭ پېشىنى يەنە بېلىگە تۇردى ـ دە، يەگلىرىنى شۇمدەكلەپ، پىلىلەرنى باشقا تەۋەگگە بىر ـ مۇ بىر ئىلغىۋېلىشقا باشلىدى. ئىلغىۋېلىنغان پىلىلەرنىڭ بېلىنىڭ يۇقۇرىسى ساغىرىشقا باشلىغان، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى جانسىز بولۇپ، زادىلا غازاڭ يىمەيتتى.

بەختىخان ئۇز مۇرىسىنىڭ ئۇستىدىن بوينىنى سو ـ

بوۋاق بالىسىغا قىلغاندەك، ئانىلىق مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدا غەمكىنلىك، كۆزلىرىدە بولسا، تەشۋىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ، گويا بىر پەستە قېرىپ قالغاندەك بولدى. يۈرىكىنى نىمدۇر تاتىلاۋاتقاندەك بىئارام بولدى.

— بولدى، تولا چۇقان كۆتەرمەڭلار، — دېدى ئۇ ئاخىر ۋە نىمجان بولۇپ قالغان پىلىلەرنى ئاۋايلاپ باشقا تەۋەككە يۆتكەشنى داۋام قىلدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ نىمىنىدۇر ئويلايتتى ۋە ئۇزايىدىن خىيالىنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمەي قىينىلىۋاتقاندەك ئىدى.

شۇ ئەسنادا تالا تەرەپتىن دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جالالىدىن كىرىپ كەلدى. يېشى قىرىقنى قارىغا ئالغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى بىر ئاز جىددى، ئۇسكىلەك قاپ - قارا بۇرۇتلىرىنى تۇپپا باسقان بولۇپ، تېخى ھازىرلا ئېتىزدىن كەلگەنلىكى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

پىلىچىلەر ياچېيكا شۇجىسىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۆڭلىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ تاشلىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، قانداق قىلىمىز ئەمدى! جالالىدىن شۇجى كۆرلىمۇ بۇ ئىشنى؟ پىلىلەرگە كېسەل يېپىشىپتۇ، — دېدى ھەممىدىن بۇرۇن بەختىخان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ.

قەمەرخان «پاڭگىدا» يېرىلىپ يىغلىۋەتتى:

— توختاڭلار، مەن باشقا پىلىلەرگىمۇ بىر قاراپ باقاي. بۇ بىرخىل كېسەللىك بولۇپ يۇرمىسۇن يەنە ......، — دېدى.

— ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە خېنىم، — دېدى بەختىخان يەنە ئەنسىزلىنىپ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن قەمەخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە ئۈچ-تۆت تال ساغرىيىپ قالغان پە-لىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، بىسەرەمجان بولغان ھالدا ئاسخان-نىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئايسى ئاچا، بۇ نىمە ئىش؟ پىلىلەرنىڭ يېرد-مى جانسىزغۇ! — دېدى ئۇ ھىلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك سى-قىلىپ.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ بىرگە نىمە كەلگۈلۈك، قانداق قىلارمىز ئەمدى؟!

بەختىخاننىڭ ئەنسىز ئاۋازى پىلىخاننى بىر ئالدى، قەمەخان ئۆز تەبىئىگە ئانچە سىڭىشمەيدىغان بىر خىل جىددىيلىك بىلەن جازىلارنى ئارىلاشقا باشلىدى. ئاسخان بولسا، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى سىماپتەك تەر تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ "قانداق قىلىمىز؟" دېگەندەك، پە-لىچىلەرگە غەمكىن قارىدى......

ئاسخان بۇ ئەتراپتا ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تەجرىبىلىك پىلىچى-لەردىن ھىساپلىنىۋاتاتتى. ئۇنى كىشىلەر "پىلە ئانىسى" دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. چۈنكى بۇ ئايال ماھۇقتەك يۇمشاق پىلە تۇرەلمىلىرىگە خۇددى ئۆز كوكسىدىن يېرىپ چىققان

تېگىپ قىرىلىپ تۇگىگەندە، سەن قانداقتۇر بىر ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، بىرنەچچە ئايغىچە ئۆزەڭنى كايىپ يۈرمىگەنمىدىڭ؟! ......

— ۋاي مېنىڭ ئېسىم! ...... — دېدى ئاسخان. بۇ گەپتىن كېيىن ئۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆز پىلەچىلىرىگە نىمىنىدۇر ئالدىراپ بۇيرۇشقا باشلىدى......

تۇرمۇشنىڭ قىزىقلىرى كوپ، "پىلە ئانىسى"نىڭ رەڭگىدە تەشۋىش ئالامەتلىرى بىر مىنۇتقا ئۇچكەندەك بولدى. شۇجىنىڭ بۇرۇتلىرى ئاستىدا چىرايلىق تەبەسسۇم كورۇندى. بەختىخان يەنە ئەنسىزلىنىك بىلەن:

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئۇسۇل نىمىشقا بالدۇرراق بىزنىڭ كاللىمىزغا كىرمىگەندۇ؟ — دەپ پاي-پېتەك بولدى.

2

ئەتىسى مەلۇم بولدىكى، پىلىلەرنىڭ تولىسىغا كېسەل تېگىپتۇ. بۇ ئەھۋال پىلىچىلەرنىڭ ئەمەس، پۈتۈن دادۇي ئەزالىرىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. قاق سەھەردىلا ئەزالار پىلىخانىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن پىلىلەرنى قىرغىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزلەيتتى. جالالىدىن شۇجى ئۇلارنى خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندەپ، ئىش ئورۇنلىرىغا ھەيدىدى.

"پىلە ئانىسى" ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن كۇندىلىك نۆۋەتچىلەرگە ئىش تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بىر

— نېمە ئەمدى، شۇنچە ئەجرى قىلىپ، ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەرمۇ؟ — دېدى.

ئاسخان بولسا، نىمجان، ساغۇچ بىرنەچچە تال پىلىنى ئالقىنىدا كۆرسىتىپ:

— بەك يامان بولدى، تازا غوزا باغلاۋاتقان پەيت ئىدى، — دېدى ئاچچىق ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ.

جالالىدىن ھەممە تەۋەك، قاسقان، جازىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، دەررۇ ئۇنىڭ يۈزىدىمۇ بىر خىل تەشۋىش ئالامىتى پەيدا بولدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، مەقسەتسىزلا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. دادۇي ئىگىلىگىدە پىلە-چىلىك مۇھىم بىر تارماق ئىدى. ئۇ ئۇزۇن تارىخقا ئە-گە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، خەلق گۆكشىسى قۇرۇلغان-دىن كېيىنمۇ، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەزالارنىڭ ئو-مۇمى دارامىتىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ساھە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر بۇ قېتىم يازلىق پىلىدىن ناچار ھوسۇل ئېلىنىدىغان ۋە ئاپەت تېگىش بىلەن تۈگىشىپ كېتىدىغان بولسا، بۇ زىياننىڭ ئورنىنى شۇ تاپتا ھېچنېمە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى......

جالالىدىننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئويلاپ، ئوز خە-يالىنىڭ ئۇچىنى تاپقاندەك بولدى. ئىېغىر قەدەم بىلەن ئاسخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئاسخان، سەن ئەخەر پىلە ئانىسىغۇ، بۇنىڭ-دىن توت يىل ئىلگىرى پىلىلەرگە مۇشۇنداق بىر كېسەل

تېگىپ قىرىلىپ تۈگىگەندە، سەن قانداقتۇر بىر ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىغانلىغىڭ ئۈچۈن، بىرنەچچە ئايغىچە ئۆزەڭ-نى كايىپ يۈرسىگەنمىدىڭ؟!......

— ۋاي مېنىڭ ئېسىم!...... — دېدى ئاسىخان. بۇ گەپتىن كېيىن ئۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆز پىلە-چىلىرىگە نىمىنىدۇر ئالدىراپ بۇيرۇشقا باشلىدى......

تۇرمۇشنىڭ قىزىقلىرى كوپ، "پىلە ئانىسى"نىڭ رەڭگىدە تەشۋىش ئالامەتلىرى بىر مىنۇتقا ئۆچكەندەك بولدى. شۇجىنىڭ بۇرۇتلىرى ئاستىدا چىرايلىق تەبەسسۇم كورۇندى. بەختىخان يەنە ئەنسىزلىنىك بىلەن:

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئۇسۇل نىمىشقا بالدۇرراق بىزنىڭ كاللىمىزغا كىرمىگەندۇ؟ — دەپ پاي-پىتەك بولدى.

## 2

ئەتىسى مەلۇم بولدىكى، پىلىلەرنىڭ تولىسىغا كې-سەل تېگىپتۇ. بۇ ئەھۋال پىلىچىلەرنىڭ ئەمەس، پۈتۈن دادۇي ئەزالىرىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. قاق سەھەر-دىلا ئەزالار پىلىخانىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن پىلىلەرنى قىرغىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزلەيتتى. جالالىدىن شۇجى ئۇلارنى خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندەپ، ئىش ئورۇنلىرىغا ھەيدىدى.

"پىلە ئانىسى" ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن كۇندى-لىك نۆۋەتچىلەرگە ئىش تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بىر

— نىمە ئەمدى، شۇنچە ئەجرى قىلىپ، ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەرمۇ؟ — دىدى.

ئاسىخان بولسا، نىمجان، ساغۇچ بىرنەچچە تال پىلنىنى ئالقىنىدا كورسىتىپ:

— بەك يامان بولدى، تازا غوزا باغلاۋاتقان پەيت ئىدى، — دىدى ئاچچىق ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ.

جالالىدىن ھەممە تەۋەك، قاسقان، جازىلارنىڭ ئال-دىغا بېرىپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، دەررۇ ئۇنىڭ يۈزىدىمۇ بىر خىل تەشۋىش ئالامىتى پەيدا بولدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، مەقسەتسىزلا ئۇياق-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. دادۇي ئىگىلىگىدە پىلە-چىلىك مۇھىم بىر تارماق ئىدى. ئۇ ئۇزۇن تارىخقا ئى-گە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغان-دىن كېيىنمۇ، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەزالارنىڭ ئو-مۇمى دارامىتىدە تەسىر كورسىتىدىغان بىر ساھە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر بۇ قېتىم يازلىق پىلىدىن ناچار ھوسۇل ئېلىنىدىغان ۋە ئاپەت تېگىش بىلەن تۈگىشىپ كېتىدىغان بولسا، بۇ زىياننىڭ ئورنىنى شۇ تاپتا ھېچنىمە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى......

جالالىدىننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئويلاپ، ئۆز خى-يالىنىڭ ئۇچىنى تاپقاندەك بولدى. ئېغىر قەدەم بىلەن ئاسىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئاسىخان، سەن ئەخىر پىلە ئانىسىغۇ، بۇنىڭ-دىن توت يىل ئىلگىرى پىلىلەرگە مۇشۇنداق بىر كېسەل

كىرگەن ئىدى.

— ئەمدى نىمە قىلاي؟ — دېدى قەمەرخان تەڭ- لىدىسكى قىيمىغا قاراپ قويۇپ.

— نىمە قىلىشىڭنى ئۆزەڭ بىلىسەن، جىنىم ئو- كام. جۇگۇر، قىيمىنىڭ ئۇستىگە قول كويگىنىدەك ئىسسىق سۇ قۇ- يۇپ سىجىغىن. كېيىن ئۇنىڭ سۇيىنى ئەگلەكتىن ئوتكۇ- زۇپ تەق قىلىپ قوي.

ئارىدىن ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئوتكەندە ھەممە تەييارلىق پۈتتى. پىلىلەر تەۋەكلەرگە يوتكەلدى، غازاڭلار يىغىلاندى. ئەمدى ئاسىخان باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا پىلىچىلەر جازد- لارنى ئارىلاپ، تەۋەكمۇ - تەۋەك كوزدىن كەچۈرۈپ، پىلە- لەرنىڭ ئۇستىگە نېپىز قىلىپ ھاك سېپىشكە باشلىدى. بۇ ھەركەت تەخمىنەن ئىككى سائەت داۋام قىلدى.

ھاك سېپىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن پىلىخانا ئىچى يەنە تىم - تاس بولۇپ كەتتى. پىلىچىلەرنىڭ چىرايلىرىنى يەنە تەشۋىش قاپلىدى. چۈنكى، نېپىز بىر قەۋەت ھاك پەردىسى ئاستىدا بەشمالتاق چوڭلۇغىدا ياتقان ساغۇش پىلىلەر ھىچبىر ھەركەتلەنمەيتتى. گويا ئۇلار قېتىپ قالغان تاشلاندۇق پىلە شاكىلىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغان ئىدى.

جىمجىتلىقنى يەنە بەختىخان بۇزدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، پىلىلەر ئولۇپ تۈگىدىغۇ، بىز ئۇلارنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئولتۇرۇپ تۈگەتتۇققۇ......

بەختىخاننىڭ نالىشى بىلەن يۈرەكنى ئەزگۈچى سوزى

چەتتە ھاك تاسقاۋاتقان بەختىخانغا ۋاقىراپ كەتتى:

— سىلىدە يۇرەك دىگەن بىر نىمە يوقتە. نىمانچىلا ھولۇقىدىغانلا. بۇ تاسقىغان بىرنىمىلىرى پىلىلەرنى ئوا-تۇرۇپ[2] تۇگىتىدىغۇ! يۇمشاق بولۇشى كىرەك، ئۇندىنمۇ يۇمشاق بولسۇن......

— پىلىلەر ئولۇپ تۇگەۋاتىدىغۇ، ئالدىرىما دىگەنلىرى نىمىسى، — دىدى بەختىخان ئەگلەك ئۇستىدە قالغان ھاك قالدۇقلىرىنى يەرگە توكۇپ تۇرۇپ.

— ھىلىمۇ شۇ، ئولۇپ تۇگەۋاتىدۇ. ئولۇپ تۇگەمەسلىكى ئۇچۇن ھاكنى يۇمشاق تاسقاش كىرەك دەۋاتىمەن!

شۇ چاغدا قەمەخان چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، بىر تەڭلىدە ئۇششاق سوقۇلغان پىياز بىلەن ساماساق قىيمىسىنى كوتىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇلايىم كوزلىرىدىن توكۇلگەن ياش يۇزلىرىدە ئىرىقچە بولۇپ ئاققان ئىدى.

— نىمىشقا يىغلىدىڭ؟ — دىدى "پىلە ئانىسى" مىھرىۋانلىق بىلەن رومىلىنىڭ ئۇچىدا ئۇنىڭ كوزلىرىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ.

— تۇزۇك گەپ قىلە، ئاسى ئاچا، كىم يىغلاپتۇ؟

— يىغلاپسەنغۇ، چىدىماس......

قەمەخان بىر نىمە دىمەكچى بولۇۋىدى، لىكىن ئاسىخاننىڭ لىۋىدىكى كۇلكىنى كورۇپ توختاپ قالدى. چۇنكى پىيازنىڭ ئاچچىغى "پىلە ئانىسى"نىڭمۇ كوزلىرىگە

— بەختىخان، قەمەخان!......

جانان چىنىدەك جاراڭلىغان بۇ ئاۋاز ئەمدىلا كوز-لىرى ئۇيقۇغا بارغان ئىككى پىلىچىنىڭ يۇرىگىگە بېرىپ يەتتى. ئۇلار چەكسىز بىر خوشاللىق بىلەن پىلىخانىغا يۇگۇرۇپ كىردى.

— قاراڭلار، پىلىلەرگە جان بەردۇق، ھەممىسى ئەسلىگە كەلدى! — دىدى "پىلە ئانىسى" كوزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ.

— جېنىم ئاچا، بىز سېنى شۇڭا "پىلە ئانىسى" دەيمىز ئەمەسمۇ؟ — دىدى قەمەخان ئاسخاننى قۇچاقلاپ.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئاخىر جان بەردۇقمۇ؟! ھىلىمۇ ياخشى ئولۇپ قالمىدى...... — دەپ بەختىخان سوزلەپلا كەتتى.

— قەمەخان، يۇگۇر ئۇكام، سەن بېرىپ جالالىدىن شۇجىغا ئېيت، پىلىلەرنىڭ ھەممىسى تىرىلدى! بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئېتىزدىكى ئىشى ئىش بولمايدۇ......

ئاسخان بۇ گەپنى ئېيتقاندىن كېيىن، بەختىخاننى قىيما سۇيىنى ئېپكىلىشكە بۇيرۇدى-دە، ئۇزى قاس-راق تاشلىغان پىلىلەرنىڭ ئاستىدىكى تەۋەكلەرنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. تەۋەكلەر ئالماشتۇرۇلۇپ، غازاڭلار يىغىلانغاندىن كېيىن، پارقىراق پىلىلەرنىڭ ئۇستىگە قىيما سۇيى سېپىلدى. ئاچچىق قىيما سۇيىدىن سەسكىنىپ، چوچۇگەن يۇمشاق پىلىلەر بىر ئېچىلىپ، بىر تولگۇلۇپ، قاسراقلاردىن ئوزىنى پاكىزە تازىلىدى-دە، يۇمران ئۇژمە-غازىڭىنى ئاچكوزلۇك بىلەن

قەمەخاننىڭ يۈرىكىگە ھەسرەت سالدى ۋە دەرروللا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سۈزۈك ياش پارقىرىدى. "پىلە ئانىسى" ئويچان ئىدى. ئۇ، بىلىگە تورۇۋالغان كوينىكىنى پەسكە چۈشۈردى. چاققانغىنا چىپەرقۇت جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، قوللىرىنى چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا سىلىپ، كەينىدىكى جازىغا يۆلەندى ـ دە، ئۇزاققىچە تورۇستىكى بىر نۇقتىغا كۆزىنى تىكىۋالدى. كېيىن ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ئالدىرىماڭلار، دوختۇرنىڭ دورىسىمۇ ئۇياقتىن ئىچىپ، بۇياقتىن پايدا قىلمايدىغۇ، — دېدى.

ئارىدىن تەخمىنەن بەش سائەت ۋاقىت ئۆتتى. پىلىخانا ئىچىدە ئاسخان بىر ئۇزى يالغۇز يۈرەتتى، پىلە-لەرگە مېھرىنى توكۇپ قارايتتى، نىمىنىدۇر دەپ ئۆزىچە شۇۋىرلايتتى ۋە يەنە باشقا تەۋەكلەرگە ئۆتەتتى.

مانا ئاخىرقى تەۋەك. "پىلە ئانىسى" يەنە پىلىگە قارىشى بىلەنلا، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلدى. كۆزلىرى چاق-نىدى، مەرۋايىتتەك سۈزۈك بىر تامچا ياش تەۋەكگە—دەل شۇ پىلىنىڭ ئۈستىگە ئېقىپ چۈشتى.

قانداق بەختلىك مىنۇت ـ ھە!......

بىر تال پىلە قاسراق تاشلاپ، ئاق ئالتۇندەك پارقىراپ غازاڭغا ياماشتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچىسى ھەركەتكە كەلدى. نېرىقى جازىدىن، بولۇڭدىكى تەۋەكدىن يەنە كۆ-تۈلداش، ۋاشىلداش ئاڭلاندى...... ئېخ...... سېنىڭ ئاۋا-رىڭنى يېقىمسىز دەپ بولامدۇ؟ سېنىڭ مېھرىۋان ئاناڭ بۇنى كېچىرەمدۇ؟!......

يازلىق پىلىلەردىن ئىككى ھەسسە كوپ. بۇ غازاڭلىرىڭ ئۇلارغا قانچىلىك روزىغار بولدۇ، دەيسەن! — دەپ جاۋاپ بىرەتتى.

شۇ پەيت قەمەخاننىڭ كوزى قوناقلىقتىكى چىغىر يولدا كېلىۋاتقان بىر ئايالغا چۈشتى ـ دە، باللارچە شاتلىق بىلەن ۋاقىرىۋەتتى:

— ھوي...... ئاسىخان ئاچا!......

باللار ئەكس سادا بىلەن ياڭرىغان بۇ ئاۋازدىن ھەيران بولۇپ، دەرەخ ئۈستىگە قاراشتى. قەمەخان ئالدىراپ ئۈژمە ئۈستىدىن سىرىلىپ چۈشۈشىگە، ئاسىخانمۇ يېتىپ كەلدى:

— قانداق ئايىسى ئاچا، تىچ كەللىمۇ، ئوقۇش تو- گىدىمۇ؟ — دىدى قەمەخان ئۇنىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتمەي.

— ئوبدان، ئۇكام، — دىدى ”پىلە ئانىسى“ ئەتراپىغا ئولۇشۇپ تۇرغان باللارنىڭ بېشىنى سلاپ، — پىلىلەر قانداقىراق، خەتەرسىزمۇ؟

— بەلەن، تولا بەلەن......

چوڭ ـ كىچىك پىلىچىلەر پاراڭلىشىپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. ”پىلە ئانىسى“ بۈنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ناھىيدە ئېچىلغان پىلىچىلەر كۇرسىغا ئوقۇشقا كەتكەن؛ مانا ئەمدى ئوقۇشنى تۈگىتىپ يېنىپ كەپتۇ. قولتۇغىدا يوغان بىر بوپا تۇرىدۇ، بەلكى بۇ مۇكاپات بولسا كېرەك.

ئەتىسى جالالىدىن شۇجىنىڭ باشقۇرۇشىدا پىلىچىلەر-

يىپىشكە كىرىشتى.

كەچقۇرۇن بۇ خەۋەر پۈتۈن دادۇيىنى خوشال قى-لىۋەتتى، كىشىلەر ئۆز ئىشەنچلىرىنى ئاقلىغان پىلىچىلەرگە يېقىملىق ماختاش سوزلىرى ئېيتاتتى. "پىلە ئانىسى": بۇ تېخى ئاز دىگەندەك قىلىپ، ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. بەختىنىڭ خوشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي پىلىلەرنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى نازۇك، پەم - پاراسەتلىك كۇرەشنى ھىكايە قىلاتتى، قەمەخان بولسا، ھىچنىمە كورمىگەندەك بىر چەتتە يېقىملىق كۈلۈپ تۇراتتى......

## 3

ئارىدىن ئىككى ئاي ئوتتى.

دادۇي ئىشخانىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان چوڭ ئوستەڭ بويىدا قاتار كەتكەن ئۈژمە دەرەخلىرى يىراقتىن قارىيىپ كورۇنىدۇ؛ ئەنە شۇ ئۈژمىلەردىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئىتىنگە قالىغاچ سۈرىتى كەشتىلەنگەن شايە كوينىگىنى بېلىگە تۇرۇۋېلىپ، ياش ئايال ھەدەپ غازاڭ سىرىماقتا. ئۈژمە تۈۋىدە بولسا، ئۈششاق باللار شاخلار ئارىسىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن غازاڭلارنى سېۋەتكە سالماقتا، ئۇلار ئارىلاپ - ئارىلاپ:

— قەمەخان ئاچا، ئەمدى بولدى. سېۋەتلەر توشۇپ كەتتىغۇ، — دەپ قويۇشاتتى. قەمەخان بولسا:

— توشۇپ كەتسە ھىچنىمە ئەمەس. كۈزلۈك پىلىلەر

يۇرتتىن كېلىدىكەن. بۇ قېتىمقى كۇرستا پىلىچىلىك بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ھەر قايسى دادۇيلەر ئوز ئەھۋالىڭلارغا قاراپ، پىلە قۇرۇتى يېتىشتۇرۇشنى سىناق قىلىپ كورۇڭ-لار،— دېدى. ئۇسۇلىنىمۇ ئوگەتتى. دادۇي باشلىقلىرى مەدەت بەرسە، سىناق قىلىپ كورۇپ باقساق قانداق؟ — دېدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئولگەنىنىغۇ تىرىلدۇردۇق، ئەمدى يوق نەرسىنى قانداق قىلىپ بار قىلارمىز؟ — بەختىخان يەنە تەشۋىش تارتىپ كەتتى.

— نەدىكىنى يوق بولسۇن، بارنى تىرىلدۇرىمىز- دە،— دېدى ئاسخان كۇلۇپ.

— ماقۇل ئەمىسە.

بەختىخانىڭ بۇ ساددا سوزى ئۇچۇن قەمەخان ئوزىنى تۇتالماي كۇلۇۋەتتى. مەجلىستە جالالىدىن شۇجى بۇ تەشەببۇسنى قىزغىن قوللىدى ۋە مەدەت بەردى.

— بىزدە ئۇژمە غازىڭى كەڭرى، پىلىخانىمۇ يېتىپ ئاشقىدەك. بىرلا مەسىلە — پىلە قۇرۇتى كەمچىل. ئوزەڭ-لەرگە مەلۇم، خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئادەملەر تېجىلىپ، كۇچ توپلىنىپ، پىلىچىلىكنى كەڭ تەرەققى قىلد-دۇرۇشقا شارائىت يارىتىلدى. بۇگۇنكى كۇندە ئۇ، دادۇ-يىمىزنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەئى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پىلىچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى دولەتنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشى-غىمۇ پايدىلىق. شۇڭا مەن ئېيتىمەن، پىلە قۇرۇتى يېتىش-تۇرۇشنى جەزمەن سىناق قىلىپ كورۇش كېرەك!

نىڭ بىر سائەتلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاسىخان ئەتىياز پىلىگە چۈشكەن "هال" ئاپىتىنى داۋالاش ئۇسۇ ـ لىنىڭ توغرا بولغانلىغى، بۇ ئۇسۇلنى بۇ قىتىمقى كۆرستا ناهىيە بويىچە كېڭەيتىشكە بولىدۇ، دەپ قارار قىلغانلىغى توغرىسىدا سوزلەپ بەردى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەختىخان يەنە ۋاهىمىگە چۈشتى:

— ۋاي خۇدايىمەي، مەن بۇ ئاپەتنى پۈتۈن يەر يۈزىدىن قۇرۇپ كەتسۇن ئىلاهىم، دەپ دۇئا قىلغانمەن، يەنە ئۇ قەيەرگە يېپىشىپتۇ؟ — دىدى ئۇ پەرىشان بولۇپ.

— بەختى ئاچا، نىمانچىلا هولۇقۇدىغانسەن، — دىدى قەمەخان ئۇنىڭ سوزىنى ئىلىۋېلىپ، — هىچنەگە ئۇنداق كېسەل چۈشكىنى يوق. ئەگەر شۇنداق كېسەل چۈشكۇدەك بولسا، پىلىچىلىك پۇنكتىنىڭ ياردىمى ئۈلگۈرمەي قالسا، مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ تۇرسىمۇ بولىدۇ، دىگەن گەپ. توغرا ئېيتقاندىمەن ئاسىخان ئاچا؟

— تازىمۇ توغرا ئېيتتىڭ ئۇكام. تازا تېگى ـ تەكتى بىلەن چۈشۈنۈپسەن. ......

— ئەمسە ماقۇل، هازىر ئۇنداق ئاپەت يوق دىسلە.

— شۇنداق، — دىدى ئاسىخان ۋە بىر دەم تۇرۇ ـ ۋېلىپ، — مەن يولدا كەلگىچە بىر نەرسىنى ئويلاپ كەلدىم هەم بۈنى تۈنۈگۈن كەچ جالالىدىن شۇجىغىمۇ ئېيتتىم، بىزدە پىلە قۇرۇتى يېتىشمەيدۇ. بۇ يىل بىزنىڭ دادۇيگە تەقسىم بولغان پىلە قۇرۇتى ئاران ئوتتۇز بەش قۇتا. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ ناهايىتى يىراقتىن، قايسىبىر

ئويى" نى يوقىلايتتى، كېرەكسىلىك مەسىلىھەتلەر بېرەتتى، رىغبەتلەندۈرەتتى.

"تەجرىبە ئويى" دەپ نام بېرىلگەن بىر ئېغىزلىق يالغۇز ئوي چىرايلىق ئاقارتىلغان ئىدى. ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان جوزا ئۈستىدە چوڭ بىر تەۋەك بولۇپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق سامان سېلىنىدى، پىلان بويىچە ئوتتۇز جىڭ ئەڭ ياخشى پىلە غوزىسىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان "پىلە ئۇرۇقچىسى" ("جۇۋاز قۇرۇتى") تەۋەك ئۈستىدىكى سامانغا تەكشى يېيىتىلدى - دە، ئۈستى يەنە بىر قەۋەت يۇمشاق سامان بىلەن چۈمكەلدى. ئەمدىكى مەشغۇلات تەرتىۋى مۇنداق ئىدى: كۈندىگە ئۈچ قېتىم ئىلمان سۇنى سامان ئۈستىگە پۈركۈش؛ ھەر سائەتتە بىر قېتىم ساماننىڭ نەملىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ ئوي ھاۋاسىنىڭ مۇتلەق بىر خىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش (بۇ ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى بولۇپ، ئوي ھاۋاسىدا سەل - پەللا ئۆزگىرىش بولسا، قىلىنغان ئەمگەك بىكار بولاتتى). ئاندىن قالسا، "جۇۋاز قۇرۇتى" دا ھاياتلىق پەيدا بولۇشى مۆلچەرلەنگەن سەككىز كۈنگىچە سامانغا قەتئىي چېقىلماسلىق......

ئىش شۇ تەرتىپ بويىچە باردى. ئۈچ پىلىچى پۈتۈن سوتكا بويى نۆۋەت بىلەن ئىشلىشەتتى، ھەر كۈنى سۇ پۈركۈلەتتى، نەملىك تەكشۈرۈلەتتى. ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئەھۋالغا قاراپ كۈندۈزى ئازراق، كېچىسى كۆپرەك ئوت قالىناتتى.

ئۈچىنچى كۈنى دىگەندە قەمەرخان ئولتۇرۇپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، قېنى سىناق قىلساق قىلارمىز، يەتتە ئۇلچەپ بىر كەس دېيىشىدىغانغۇ، — دىدى بەخ-تىخان.

ئاسخان بۇ ۋەزىيەتنى شەخسەن ئۆزى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قەمەخـان ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى ياقتى......

4

مەمۇرىچىلىك بىلەن كەلگەن كۈز ئايلىرى "گۈلباغ" دادۈيگە يېڭى-يېڭى ئىشلارنى ئېلىپ كەلـدى. ئەزالار قوناق ئورۇشنى باشلىدى. كۆمۈش رەڭلىك كېۋەزلىكلەردە خۇتۇن-قىزلار ياڭـراق ناخشىلار باشلاپ، كېۋەز-پاختا تېرىمىغا كىرىشتى. پىلەچىلەر كۆزلۈك پىلىدىن مول-ھوسۇل ئېلىپ، گۈڭشېدىن لەۋھە-تەقدىرنامىلەر بىلەن مۇكاپاتلان-دى. ئۇلار يەنە ھەم خۇشالـلىق، ھەم ئۆزـدىن نېرى ھەيدەپ بولـمايـدىغان تەشۋىـش بىلەن بۇ يۇرتـتا تېخى كورۇلمىگەن بىر ئىشنى باشلىدى.

بۇ كۈنلەردە "پىلە ئانىسى" يەنە مۇلايىم بولۇپ قالدى. ئۇ، ئويچان كورۇنەتتى. بەختىخان ئېھتىيات بىلەن سوزلىسەمۇ، ھامان تەشۋىش بىلەن سوزلەيتتى. قەمەخـان قارىماققا پەرۋاسىزدەك كورۇنسىمۇ، لېكىن ئۇ پىلە قۇرۇتى يېتىشتۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى زىرەكلىك بىلەن كۆزد-تىپ تۇراتتى. جالالىدىن شۇجى ھەر كۈنى "تەجرىبە

تىكىلىپ تۇردى. ساماندىن بىر تالنى ئېلىپ تۇتۇپ باقتى ۋە يەنە سامانغا تىكىلدى. گويا ئۇنىڭ مېھرى سامانغا تامچىپ-تامچىپ تۆكۈلگەندەك بولدى. كوز ئالدىدا بولسا، سامان ھەركەتكە كەلدى ۋە نىمدۇر مىدىرلىغاندەك قىلدى. ئۇ ئىختىيارسىز قولىنى سوزدى ۋە ساماننىڭ بىر تەرىپىنى ئېچىۋەتتى.

قارايدىكى — كېپىنەك! پىلە كېپىنىگىنىڭ دەل ئۆزى-ھە! ئۇ ئالدىراپ ساماننىڭ ھەممىسىنى ئاچتى ۋە ھەممە يەردە كېپىنەك — ناھايىتى ئاجىز، جانسىز پىلە كېپىنەكلىرى مىدىرلايتتى...... بەختىخان ئەتراپقا قارىدى. ھېچكىم يوق. ئۇنىڭ قەلبى ھاياجاندىن دولقۇنلىنىپ كەتتى، ۋۇجۇدى تىترىدى: "ۋاي خۇدايىمەي، ۋاي خۇدايىمەي، كېپىنەك، پىلە كېپىنىگىنىڭ دەل ئۆزى-يا! ئاسىخان، ئاسىخان......" يۈرىگىدە ئۈنسىز سادا قىلغان بۇ سوز ئۇنى كۈچ بىلەن ئىتتەردى-دە، ئوقتەك ئېتىلىپ تالاغا چىقىپ كەتتى......

ئارىدىن ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئوتۇپ، "پىلە ئانىسى" بىلەن بەختىخان يېتىپ كەلگەندە "تەجرىبە ئۆيى" دە بوران قايىنايتتى. ئۆينى ئوچاقنىڭ كۆلى قاپلاپ چىراقنى ئوچەرگەن ئىدى. ئاسىخان ئۆيگە كىرمەيلا كوزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ بېشى ئايلانغاندەك بولدى، ئۇلۇغ-كىچىك تىندى، ھالسىزلانغاندەك بولۇپ ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يولەندى-دە، ئاسماندا ئېرىپ تۈگەۋاتقان تاڭ ئالدىدىكى يۇلتۇزغا قاراپ، ئۇزاققىچە گەپ قىلمىدى ۋە كېيىن بەختىخانغا قاراپ:

— ھە، ئاسخان ئاچا، ئەگەر بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىز نەتىجىلىك چىقىپ قالسا، گۇڭشېمىز ئۇچۇن كوپ پايدا كەلتۇرىمىز، — دېدى.

— ئېيچ ئۇلتۇر، خېنىم، — دېدى بەختىخان قاپاقلىرىنى سۇزۇپ، — قاچان شۇ سامانىڭ ئېگىدىن بىر نەرسە ئوھ-شىپ چىقاركىن دەپ ھېلىمۇ يۇرىگىمنىڭ يېرىمى تۇگەپ بولدى. ۋاي خۇدايىمەي، ئەگەر سامان راستىنلا لومشىسە يۇرىگىم يېرىلىپ كېتەرمىكىن دەيمەن.

— سىلى پىلە قۇرۇتىدىن بەكلا قورقاملا؟ — دېدى ئاسخان.

— تۇزۇك گەپ قىلسىلا ئاسخان، — دېدى بەختىخان پەرىشان بولۇپ، — قورقاملا دېگەن نىمە گەپ ئۇزى. مەن بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنىۇ پىلە باققان. ئۇ چاغدا بىز يەككە ئىدۇق. جوۋاز قۇرۇتىنى يۇمشاق، تازا ئاق پاختىغا ئوراپ، ئۇنى تۇماچە قىلىپ تۇگۇپ، قولتۇغۇمغا تىقىپ ساقلاپ تىرىلدۇرگەنمەن. قورقىقۇنۇمدىن ئەمەس، دىلىم سۇيۇنگىنىدىن يۇرىگىم يېرىلىپ كېتەرمىكىن، دەۋاتىمەن.

*

يەتتىنچى كۇنى كېچىسى "تەجرىبە ئۇيى" دە بەختىخان نوۋەتچىلىك قىلىپ يۇرەتتى. تۇن تەڭ بولماقتا. بەختىخان تالاغا چىقىپ قايتىپ كىردى - دە، ئۇينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرغان تەۋەگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇزاقىقىچە

قىلىپ، يەنە سىناق قىلايلى......

پىلىچىلەر يەنە غەيرەتلەندى. ئەمدى ئۇلار نوۋەت-چىلىك قىلىشنى ئۇنتۇپ، ھەممىسلا "تەجرىبە ئۆيى" دىن چىقمايدىغان بولدى. ئىش تەرتىۋى يەنە بۇرۇنقىدەك داۋام قىلدى. مانا سەككىزىنچى كۈنمۇ يېتىپ كەلدى! پىلە كېپىنەكلىرى سامانىنىڭ ئارىسىدىن ئۇزلىرى چىقىشتى ۋە سامانىنىڭ ئۈستى چىرايلىق، ئاق، سۇزۇك، قارا كوز، رەڭدار ئەركەك - چىشى كېپىنەكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.

— قېنى، بەختىخان، يەرگە گېزىتلەرنى رەتلىك قىلىپ يايىسلا، — دېدى "پىلە ئانىسى" يەڭلىرىنى تۇرۇۋېتىپ.

ئاق قەغەز ئۈستىدە بېشى يوغان، بەللىرى ئىنچىكە ئەركەك كېپىنەكلەر بىلەن كوزلىرى قاپ-قارا، قوساق-لىق چىشى كېپىنەكلەرنىڭ ئاجايىپ قىزىق ئويۇنى باشلىنىپ كەتتى. نەق ئالتە سائەت بولغاندىن كېيىن كېپىنەكلەر ھىچ كۈتۈلمىگەندە جىمجىت بولۇپ قالدى. ئاندىن ئەركەك كېپىنەكلەر بىر-بىرلەپ ئاجرىتىۋېلىنىپ، چىشى كېپىنەكلەر يالغۇز قالدۇرۇلدى ۋە تولۇق بىر سوت-كىدىن كېيىن قەغەز ئۈستىگە پىلە قۇرۇتىنىڭ سىماپتەك پارقىراق ئۇرۇقچىلىرى توكۇلدى......

رايوننىڭ پىلىچىلىك تېخنىكى تورەلمىلەرنى تەكشۈرۈپ كورۇپ:

— تورەلمىلەرنىڭ سۇپىتى ئەلا، پۈتۈن رايون بو-يىچە كېڭەيتىشكە بولىدۇ. ئاجايىپ ئىجادىيەت. قېنى ھازىرلا

— بۇ نىمە قىلغانلىرى؟ ئەمدى بىز دادۇي ئەزا-
لىرىنىڭ كوزىگە قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايمىز؟ — دېدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئىسىم قۇرۇسۇن، كەم ئەقىلمەن، تووۋا. بۇ نىمە كەلگۈلۈكتۇ!......

بەختىخان ھۆكرەك ئېيتىپ يىغلىۋەتتى ۋە شۇ مىنۇت-
تا ھەممە نەرسە كوڭۈلسىز بولۇپ قالدى......

☆

ئۇلار ئۆز ئارا تاپا-تەنە قىلىشمىدى. ھەر بىر قەلب ھەسرەت-ئېچىنىش بىلەن تولۇپ، چوڭقۇر مۇڭغا چوكۇپ قالدى. ئەزالارنىڭ كوزىگىمۇ دىدىل قارىيالمايتتى. بەختىخاننىڭ ئاق كوڭۈللۈكلىكى تېشىغا تېپىپ تۇرغان چىرايىدىن يۈرەكنى مۇجۇۋەتكۇدەك بىر ئىچكى ئازاپلىنىش-نىڭ بەلگىسىنى كورگەن ئەزالار ئۇنىڭغا تاپا-تەنە قىل-ماقتا يوق، بەلكى ئۇنىڭغا سەۋرى-تەسەللى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى......

— بىر قېتىم يېڭىلگەنلىك — مەڭگۈ يېڭىلگەنلىك ئەمەس، — دېدى جالالىدىن شۇجى پىلىچىلەر بىلەن سوز-لىشىپ ئولتۇرۇپ، — يېڭىلمەيدىغان، يېڭى ئىشتا تەمتىرىمەي-دىغان كىم بار؟ بۇنى بىز ساۋاق قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ساۋاقتىن كېيىن ئىشىمىز تېخىمۇ ئىشەنچلىكرەك بولىدۇ. ۋاقىت زىخ، بۇ قېتىم بۇ ئىشتا جەزمەن نەتىجىنىڭ قولغا كېلىدىغانلىقىغا ھازىردىنلا ئىشىنىپ تۇرىمەن، ساۋاق قوبۇل

# شەمشەرىخان

قەھرىتان قىش. ئاچچىق شىۋىرغان ئەتراپتا ھۇۋ-لايتتى. شەمشەرىخان ئاچا ئۆيدە ئىسسىق توشەكتە شىرىن ئۇيقۇدا يېتىپ، قولىغىنىڭ تۈۋىدە "غىچىر-غىچىر، تاك-تاك" قىلغان ئاۋازنى سەزدى. ئەمما، بۇنىڭدىن يا شامال-نىڭ ئىشىكنى غىچىرلىتىۋاتقانلىقىنى، ياكى ئىشىكنى بىر كىمنىڭ قېقىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلالمىدى ۋە ئويغىنىپ كەتتى.

ئىشىك يەنە غىچىرلىدى، ئاستا، لېكىن، تېز-تېز چېكىپ قېقىلدى. "بىخەستەلىكىمنى قارا، بىرەرسىنىڭ ھاجىتى چۈشۈپ قالغان بولمىسۇن يەنە". شەمشەرىخان ئاچا شۇنى ئويلىدى-دە، ئالدىراپ كىيىنگەچ، ھېچنىمىنى سەزمەي ئۇخلاۋاتقان ئېرىنى نۇقۇدى:

— يائاللا، يائاللا، ئەزمىلىكمۇ يېتەر ئەمدى! قېرىلىق سىلنى يېشىڭلىدىن بۇرۇن بېسىۋالدى. ئاڭلاۋاتامسىلەر، بىرسى ئىشىكنى قېقىۋاتىدۇ. ئۇۋال ئەمەسمۇ ئۇنىڭغا قىش كۈنى تۇرسا، قېنى سەگەكرەك بولۇڭلار، مەن ئىشىكنى ئاچاي......

شەمشەرىخان ئاچا دالان ئىشىكنى ئاچقاندا، مۇزدەك

كېلىشەيلى، پىلىچىلىك پۈنكتىغا قانچە قوتا سېتىپ بېرىسىلەر؟ — دېدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، سېتىپ نېمە قىلىمىز، — دېدى بەختىخان ئۆز تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىغا ئىشىنىپ.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن دادۈينى خۇشاللىق قاپلىدى. جالالىدىن شۇجى "پىلە ئانىسى" نىڭ قولىنى قايتا-قايتا قىستى. قەمەرخان بۇ يىل قىش ئۆزىنىڭ پىلىچىلىك كۇرسىدا ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، "پىلە ئانىسى" نى قۇچاقلىۋالدى.

— جېنىم ئاچا، مەن بۇ ئىشتا سىزنىڭدەك ئىشلەيمەن. ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن دادۈيىمىزدە چوڭ، مۇكەممەل پىلىخانا ئاچىمىز ۋە پۈتۈن رايونغا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈپ بېرىمىز، — دېدى.

1962 - يىل، يەكەن — ئاۋات.

شەمشەرىخان ئاچا 1952 - يىلى ناھىيىدە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش تەربىيىسىنى ئالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشۇنداق تاسادىپ كەلگەن كىشىلەردىن نەچچە ئوننى كۈتۈۋالغان؛ نۇرغۇن مۇشكۈل تۇغۇت بېشىغا كەلگەن ئاياللارنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولغان ئىدى. لېكىن، ئۆز يېزىسىدىن باشقا يېزىغا چىقىپ باقمىغان ئىدى. ھازىر بولسا، ئىككى يېزىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 4 - يېزىغا بېرىپ تۇغۇت ئانىسى بولماقچى......

تۈن تەڭ، ئاسماندا يۇلتۇزدىن ئەسەر يوق. ئاچچىق شۇۋىرغان يۈز - كۆزنى چاقماقتا. شەمشەرىخان ئاچا تۇغۇت سايمانلىرىنى ئېلىپ يىگىتكە ئەگەشتى. يول قىيىن. شۇۋىرغان كۆز ئاچقۇزمايدۇ، لېكىن، ئۇلار ئالدىراۋاتتى......

شەمشەرىخان ئاچا بىلەن يىگىت تاڭ سۈزۈلگەندە 4 - يېزىنىڭ چېگرىسىغا يەتتى. مانا بارىدىغان ئۆيمۇ كۆرۈندى. بىراق، ئۇلار ھويلىغا كىرە - كىرمەيلا ئۆي ئىچىدىن چىققان بىلەن نالىغان يىغا - زار ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، شەمشەرىخاننى باشلاپ كەلگەن يىگىت ھويلا ئوتتۇرىسىدا قېتىپلا قالدى. بىرنەچچە ياشانغان خوتۇن كېلىپ، يىگىتكە:

— ئەلھوكمۇلىللا، تەقدىر، — دېيىشتى ۋە شەمشەرىخان ئاچىغا قاراپ، — بىز بەندە، رىسقى شۇنچىلىك ئىكەن، — دەپ كەينىگە يېنىشتى.

شەمشەرىخان ئاچىنىڭ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا ئاپپاق چوتادىن كېپەن تىكىشۋاتقان بىر نەچچە

سوغاق هاۋا ئۇنىڭ يۈزلىرىنى چىمدىپ ئۆتتى. تالا گور-
دەك قاراڭغۇ ۋە ھەممە يەر شىۋىرغان بىلەن قاپلانغان.
شەمشەرىخان ئاچا ھېچنېمىنى پەرق قىلالمىدى:
— كىمسەن ئوكا، مەن سېنى تونۇيالماي قالدىم......
— مەن، مەن، — دېدى بىر يىگىت ھودۇققان ھالـ
دا، — بۇ مەن. 4 - يېزىدىن كەلدىم. ياردەم قولۇڭنى
سۇنغىن ئانا. يېرىم كۈندىن بېرى سېنى ئىزلەپ يۈرمەن.
چىقمىغان دوك، كىرمىگەن توشۇك قالمىدى. خۇداغا شۈكرى،
ئاخىرى تاپتىم. سېنى جىق ئېغىر ئاياق خوتۇنلارنىڭ
مۈشكۈلىنى ئاسان قىلغان دەپ ئاڭلىدۇق، ئاخىرقى ئۈمىدىـ
مىز سەندە، — يىگىت قاتتىق مۈزلاپ كەتكەنلىكتىن جالاقـ
لاپ تىترەيتتى، ئېغىزىمۇ گەپكە قولاشمايتتى.
شەمشەرىخان ئاچا مېھرىۋانلىق بىلەن:
— ئۆيگە كىر ئوكام، ئاۋال ئىسسىنۋال. ئاندىن
ماڭىلى، — دېدى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ۋە ئارقىغا يېنىپ
چىراقنى ياندۇردى.
— رەھمەت ئاچا، ھازىر جان ھەلقىغە كەلدى،
قانچە تېز بولسا شۇنچە بەلەن، ئېغىر كورمىسەك، شىپالىق
قولۇڭنى سۇنغىن، بىز ماڭىلى......
شەمشەرىخان ئاچا بىلدىكى، بۇ يىگىت ئۆمرىدە
تۇنجى قېتىم بالا يۈزى كورمەكچى. خوتۇنى تۇرسۇنخان
تۇغۇت ئۈستىدە قىينىلىۋېتىپتۇ. ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا
ئۇلگۇرمەيدىكەن. كىشىلەر "نەدىن بولسىمۇ داڭلىق تۇغۇت
ئانىسى شەمشەرىخاننى تاپقىن" دېيىشىپتۇ......

— ھارۋا قېتىڭلار، شەھەرگە ئېلىپ كىرمەي بولمايدۇ، — دېدى.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ! — دېدى بېشىغا ئاق لېچەك سالغان بىر خوتۇن ھەيران بولۇپ، — تۇرسۇنخان...... بىچارە ئاز قىينالدىمۇ، بۇگۇن ئۇنىڭ نەپەس ئالماي ياتقىنىغا ئۇچ كۇن بولدى. بۇگۇن يېرىم كېچە بىلەن جان ئۇزدى. ئولۇكنى سورەپ نېمە قىلىمىز؟

— شەمشەرىخان، ئەقلىمىز ھەيران، تۇرسۇنخان قاراپ تۇرۇپ ئولۇپ كەتكەندىمۇ؟ — دېيىشتى ئۇرۇق-تۇققانلار كوزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ياق، ئالدانماڭلار، تۇرسۇنخانمۇ، بالىمۇ تىرىك، — دېدى شەمشەرىخان، — بالا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئەڭ ياخشىسى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك، مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭلار......

ئويدە تالاش-تارتىش باشلاندى. تۇرسۇنخاننىڭ ياش ئېرىدىن باشقا ھېچكىم تۇرسۇنخاننىڭ ئولمىگەنلىكىگە ئىشەنمىدى. ئولۇكنى ئۇياقتىن-بۇياققا يوتكەپ يۇرۇش ھەتتا گۇنالىق ئىش ئىدى. ئەمما ھازىر ۋاقىت زىخ، بىر مىنۇتمۇ قىممەتلىك ئىدى. كوپچىلىك قوشۇلمايۋاتقان يەردە شەمشەرىخان ئاچىدا نېمە ئامال بولسۇن!

شەمشەرىخان چاپىنىنى سېلىپ تاشلىدى، مورا ئوچاققا ئۇلۇق ئوت قالاتتى، ئويدىكىلەرنىڭ كوپچىلىكىنى تالاغا قوغلىدى. قوش پەنەرنى ئىككى تەرەپكە يېقىپ قويۇپ، ئوزىنىڭ يىللىق توغۇت قوبۇل قىلىش

تەقۋادار خېتۇنغا كوزى چۈشتى. شۇ ئارىدا بىر ئايال يۈگۈرۈپ كېلىپ، تۇرسۇنخاننىڭ ئېرىغا:

— نەگە يىقالدىڭ ئۇكا، يۈگۈر، ھېلىمۇ بولسا مەزلۇمەڭگە رازىلىق بەرگىن، — دەپ كوزىگە ياش ئالدى.

شەمشەرىخان ئاچا ھېرىپ - چارچىغىنىغا، توڭۇپ - مۈزلىغىنىغا قارىماي ئۆيگە كىردى ۋە ئالدىراپ تۇرسۇنخاننىڭ قېشىغا كەلدى. ئايال تاتارغان، لەۋلىرى ئاقارغان، كوزلىرى يۇمۇلغان ھالدا جىمجىت نەپەس ئالماي ياتاتتى. تۇرسۇنخاننىڭ باش تەرىپىدە بىر ئايال "مىيت" ئۇستىدىن ئوقۇيدىغان "قۇرئان" ئايەتلىرىنى قىرائەت قىلىۋاتاتتى. بۇ، تۇرسۇنخاننىڭ "ئولگەن" لىگىنىڭ بەلگىسى، ئەلۋەتتە.

ئەمما، شەمشەرىخان ئاچا ئوزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەجرىبىسى بويىچە تۇرسۇنخاننىڭ "ئولگەن" لىگىگە ئالدىراپ تەن بەرمىدى. ئايالنى ئۇزاق تەكشۈردى، ئايالنىڭ قوسىغىغا قولىغىنى ياقتى، تومۇرىنى تۇتۇپ كوردى ۋە بىردىن تۇرسۇنخاننىڭ ئىڭگىگە تاڭغان ئاق لاتىنى يېشىپ ئېلىۋەتتى.

بۇ ئەھۋالنى كورگەن ھازىدار خوتۇنلار چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇشۇپ، تېڭىرقىغان ھالدا كوزلىرىنى پارقىرىتىپ شەمشەرىخان ئاچىغا تىكىلىشتى.

شەمشەرىخان ئاچا تۇرسۇنخاننى دىققەت بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىر پەس نىمىنىدۇ ئويلاپ جىمجىت بولۇپ قالدى - دە، ئاندىن ئوزىگە خاس بىر خىل ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— بولىدۇ، بالا جىق قىينىلىپ، قىينالسىمۇ بەرداشلىق بېرىپ تۇغۇلىدى. چوڭ بولسا باتۇر بولسۇن، ئىسمىمۇ باتۇرجان بولسۇن! — دەپ تەۋسىيە قىلدى.

*

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتتى. شۇ ئىككى يىل ئىچىدە شەمشەرىخان ئاچا رايون بويىچە 100 دىن ئارتۇق ئايال-نىڭ تۇغۇتىنى قوبۇل قىلىپ، سالامەت يەڭگىتتى. بۇ چاغ-دا ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن رايونغا پۇر كەتكەن ئىدى ۋە ھەممە كىشى ئۇنى "ئانا"، "شىپالىق دوختۇر" دەپ تىلىدىن چۈشۈرمەيتتى......

بۈگۈن شەمشەرىخان ئاچا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇل-تىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ناھىيە مەركىزىگە كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ئۆزىنىڭ سايلىغۇچىسى تۇرسۇنخانلارنى يوقلاپ ئۆتۈشنى قارار قىلدى.

ئۇ تۇرسۇنخاننىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ھويلىدا قىن-قىننىغا پاتماي شوخلۇق بىلەن مېڭىپ يۈرگەن ئوماق ئوغۇل-غا كۆزى چۈشتى. بۇ ئوغۇل — ئاشۇ باتۇرجاننىڭ ئۆزى ئىدى......

1956 - يىل 11 - ئاي، مارالۋېشى.

تەجرىبىسى ۋە ناھىيىدە كۆرستا ئوقۇغانلىرى بويىچە دادىل-لىق بىلەن توغرا كېلىپ قالغان بوۋاقنى قۇتقۇزۇۋېتىشقا كى-رىشتى......

شۇ كۈنى پېشىن مەزگىلى بىلەن شەمشەرىخان ئاچا خۇ-شاللىقتىن كۆزلىرى ياللىرىغان ھالدا ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى ۋە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان تۇرسۇنخاننىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئوكام، خوتۇنۇڭ سالامەت يەڭگىدى، پاخلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى، — دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى......

ھويلىدا تۇغۇت ئانىسىنىڭ «ئۆلگەن» ئايالنى تىرىل-دۈرىدىغان كاراماتىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي بىتاقەت بولۇپ تۇرغان ئۇرۇق-تۇغقان، خۇلۇم-خوشنىلار بۇ ئاجايىپ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، شەمشەرىخاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئارقا-ئارقىدىن بەخت-ئامەت، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى......

شەمشەرىخان بۇ ئۆيدىن خوشلىشىپ كېتىدىغان چاغدا، تۇرسۇنخاننىڭ يولدىشى:

— شەمشەرىخان ئاچا، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئۆلگەن مەزلۇمەمنى تىرىلدۈردۈڭ، سىزنى ئۆمۈر-ۋايەت ئۇنتۇپ قالمايلىغىمىز ئۈچۈن ئوغلۇمغا ئات قويۇپ بەرگىن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

بۇ، بالىغا ئات قويۇش رەسىم-يوسۇنغا سىغمىسىمۇ، لېكىن، شەمشەرىخان ئاچىغا نىسبەتەن قالتىس ھۆرمەت ئىدى.

شەمشەرىخان ئاچا بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

ئانا ئوزىچە بىتاقەت بولۇپ سورىدى:

— ئىپتىقىنىڭ دوروُس بولسا، ئىپتىۋەرگىن. يەنە نىمىلەر بولدى، ئۇلار كىملەر ئۇزى، قايتىپ كېتىشتىمۇ؟......

— قايتقىنى نىمىسى، ئۇلار قايتىپ كېتىدىغان يىگىتلەر ئەمەس، — ئوراز بوۋا ئويلانغان هالدا گۇلبانۇمنى قۇچىغىغا ئالدى، — نەچچە يىلدىن بۇيان، بىر بولسا، بېشىمىزغا بالا، تېرىقچىلىغىمىزغا قازا بولۇپ كەلگەن؛ بىر بولسا، سۇسىزلىقتا چاڭقىتىپ كەلگەن قىيان سۇلارنى تىزگىنلەپ، ئاندىن قايتىدىغان يىگىتلەر ئۇ!

خەدىچە ئانا تېخىچە هەيرانلىقتا ئىدى. گۇلبانۇم:

— سۇنىمۇ تىزگىنلەمدۇ، دادا، — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، — دىدى بوۋاي قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — خۇددى بىزنىڭ چىپار بايتالنى تىزگىنلىگەندەك، تىزگىنلەيدۇ، شاش ئاتنى كونەك قىلغاندەك ئۆگىتىۋالىدۇ، قىزىم.

— ئاڭلىغىنىم راست بولسا، — دىدى خەدىچە ئانا كوزلىرى ئۈمىت ۋە خوشاللىققا تولغان هالدا، — ئىپتىقىنا، يەنە نىملەر بولدى، بىتاقەت بولۇۋاتىمەن......

— سەن تازىمۇ گەپ ئۇقماس بوپسەن، — دىدى ئوراز بوۋا گەپنى باشتىن باشلاپ، — مەن بايىدىن بېرى نىمە دىدىم. جىلغىدا ئوتۇن يىغىۋاتسام، نېرى تەرەپتىن گۈمبۈرلەپ توپ ئىپتىلدى. هىچنىمىگە چۈشەنمەي تۇرۇۋەردىم. ئويگە قايتىپ كېلەر چېغىم ئوتۇپ كەتتى. جىرتۇ، گۇرجەك، كېيىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. " بۇ نىمە بولدى" دىدىمدە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تاغدىن ئوتتۇم.

# ئوراز بوۋاي

كەچ كىرگەنسېرى قار ئارىلاش شۇۋىرغان كۈچەيدى. ئەمما، ئوراز بوۋا ئويگە قايتمىدى. خەدىچە ئانا كۈتۈپ ئولتۇرۇپ زېرىكتى ۋە ئۇخلاۋاتقان گۇلبانۇمنىڭ يېپىنچىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى.

"خوتۇن ساڭا نىمە بولدى؟" — دىگەن سوز قۇلىغىغا ئاڭلانغاندىلا خەدىچە ئانا خىيالدىن باش كوتەردى. پەگادا ھەممە يېرى ئاپپاق قارغا كومۇلۇپ كەتكەن، ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىرو باسقان ئوراز بوۋا جۇۋىسىنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى.

— بىلەمسەن خوتۇن، بۇگۇن مەن كارامەت كىشىلەرنى، ئەزىمەت يىگىتلەرنى كورۇپ كەلدىم، — دەپ ئوتقا قاقلاندى بوۋاي ۋە قىزىق چاي سورىدى.

ھەيران بولغان خەدىچە ئانا ئوراز بوۋىغا چاي سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئاينىپ قالمىغانسەن، بۇ شۇۋىرغانلىق كېچىدە جىلغىدا ئادەم نىمە قىلسۇن؟ — دىدى ۋە بوۋايغا چەكچىيىپ قاراپ قويدى. ئوراز بوۋا گۇلبانۇمغا قارىدى. قىز بولۇۋاتقان گەپ-سوزدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. خەدىچە

دىلا ئوغۇل - قىز ياشلارنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى بولۇپ قالدى.
ئۇ ئۇستەك قورۇلۇشى ئۇچۇن ئىشلەۋاتقان ياشلارغا شۇنداقچىلىك كۆيۈمچان ئىدىكى، بۇ يەردە بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈشكە رازى ئەمەس ئىدى. ئوتۇن تېرىپ، سۇ ئىسسىتاتتى، چاي قاينىتىپ ياشلارغا ئۇسسۇلۇق ئاپىراتتى. يىرتىلغان - تىتىلغان كىيىم - كېچەكلەرنى ياماپ بېرەتتى ۋە ئۇلارغا قىزىق ھىكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كۈلدۈرەتتى.
ئوراز بوۋا بولسا، ئۆز ئۆزىدىن ئوچاستىكا ئىنجېنېرىنىڭ كەم تېپىلىدىغان مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. ئىنجېنېر ھەمىشەم ئوراز بوۋىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ "جىن" جىلغىدا قىيان كېلىش ئەھۋالى، قىياننىڭ يەتكۈزىدىغان زىيانلىرى، جىلغا سۇلىرىنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش مەزگىللىرى، ئۇستەك گىرۋىگىدىكى توپا تاغنىڭ يىمىرىلىش جەريانلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ئاجايىپ ئىدىتلىق، ئېنىق مەلۇماتلىق سۆزلىرىگە قىزىقىپ قۇلاق سالاتتى ۋە پات - پات ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خاتىرە دەپتىرىگە نىمىنىدۇر يېزىۋالاتتى.
بىر كۈنى جىلغا ئىچىدىكى كونا ئېقىننىڭ تارىخى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ئوراز بوۋا ئېغىر ئۇھ تارتىپ ھەسرەتلەندى. ياش ئىنجېنېر بۇنى بايقاپ:
— ئوراز بوۋا، بۇرۇن بۇ جىلغىدا كىشىلەر بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بۇنىڭدىن قىرىق يىلچە بۇرۇن، — دىدى بوۋاي ياش ئىنجېنېر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان ياشلارغا

قارايمەنكى، بىزنىڭ كونا ماكانىمىز "جىن" جاڭغا سان-
ساناقسىز ئادەملەر، بايراقلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، خۇددى
توي، بايرامنىڭ ئۆزى! ھەممىسى قىران يىگىتلەر، سۇلۇ
قىزلار ئىكەن. ئۇيغۇر دەمسەن، خەنزۇ دەمسەن، قازاق دەم-
سەن، بەرى بار......

— ئۇلار نىمە دىدى، نىمە قىلغۇدەك بوپتۇ؟ — ھودۇقۇپ
سورىدى خەدىچە ئانا.

— نىمە دىگىنىنى قوي. "ياشلار ئۇستىڭى" ياسايمىز،
ياۋا سۇلار بىر ئىزغا چۈشۈپ، يۇۋاش-ئىتائەتمەن بولۇپ
ئاقىدۇ. ئۇستەڭنىڭ ئايىغىغا ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرىمىز،
قازاق ئويى نۇرغا تولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىساپسىز بوز
يەر ئېچىلىدۇ. پاتمان-پاتمان ئاش بولىدۇ، — يەنە شۇنداق
ياخشى سوزلەرنى ئېيتتى.

— ياپىرماي، تولا ياخشى ئىكەنغۇ، — دەۋەتتى
خەدىچە ئانا خۇشال بولۇپ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز،
جەنت ئېتىپ ئەزىمەتلەرنى قوناقتا چاقىرساق بولارمۇ؟

— جەنت دەمسەن، قوي ئۇنى، گوش پىشۇرۇپ
ئېلىپ بارايلى......

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئوتتى. ئەمدى ئۇستەڭنىڭ باش
قىسمىدا قارا تەرگە چۈشۈپ ئىشلەۋاتقان ياشلارغا ئوراز
بوۋا، خەدىچە ئانا ۋە قولدىن-قولغا كوتىرىلىپ تۇرىدىغ-
ان كىچىككىنە گۈلبانۇملار ئوبدانلا تونۇش بولۇپ قالدى.
گۈلبانۇم ياشلارنىڭ ئەتىۋالىق سىڭلىسى ئىدى. ئۇنى قول-
دىن-قولغا كوتىرىپ قەدىرلەيتتى ۋە ئۇنى "قار بوۋاي"
ياساپ بېرىپ خوشال قىلاتتى. خەدىچە ئانا ئاز كۈن ئىچىد-

تەرەپكە تېزىپ كەتتى. دادام رەھمەتتى شۇ يىلى تاغمۇ-تاغ ئېشىپ، پۇت تىققىدەك پانا جاي تاپقىچە قاتتىق سوغاقتا قازا تاپتى......

ئوراز بوۋا ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا كوزىنى ئېرتىپ سەرگۈزەشتىسىنى ئاياقلاشتۇرغاندا، ئىشتاپنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باسقان ئىدى. ئىنجېنېر بوۋايغا سەۋىر تىلەپ، ئەمدى ياۋا سۇلارنىڭ بەگۋاشلىقىغا "بەس" دەيدىغان ۋا-قىتنىڭ يەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى كوتەردى. چېدىردىكىلەر "جىن" جىلغىدىكى بەگۋاش سۇنى تىزگىنلەش-نىڭ تولىمۇ زورۇرلىكىنى ھىس قىلىشتى.

بىر كۇنى قۇرۇلۇش ئىنجېنېرىنىڭ خىيالىغا نىمە كىرىۋالدىكىن، ئوراز بوۋىنى ئىزلەپ بارمىغان يېرى، سو-رىمىغان ئادىمى قالمىدى. ئاخىرى ئۇنى تۇغام قۇرۇلۇۋاتقان يەردە، مۇز قاتلاملىرىنى يېرىپ تاشلاپ، ئاستىدىن شېغىل چىقىرىۋاتقان ياشلارنىڭ يېنىدا ئۇچراتتى:

— سىز ماڭا ناھايىتى كېرەك بولۇپ قېلىۋىدىڭىز، ئوراز بوۋا، — دىدى ئىنجېنېر ئۇنى قۇرۇلۇش قوماندانلىق ئىشتاۋىغا باشلاپ كېتىۋېتىپ، — مېنىڭ ئويۇمغا بىر نەرسە كىرىۋالدى. جىلغا ئېقىنىدا سۇ بەزىدە كوپىيىدۇ، بەزىدە ئازىيىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ھە، ھە، شۇنداق......

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، جىلغىنىڭ يۇقۇرى تەرىپىدە بۇرۇن سۇيى شېغىل ئارىسىغا سىڭىپ تۇگەيدىغان بۇلاقلار بولغان ئىكەن. كېيىن نىمە ئۇچۇندۇ كوزى تىنىپ

قاراپ، — مېنىڭ ئات ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان تازا قىران يىگىتلىك چاغلىرىم ئىدى. شۇ كەدە بۇ جىلغىدا پۈتۈن بىر ئاۋۇلنىڭ كىشىلىرى ياشايتتى. جىلغا چوڭقۇر بولغاچ، قىش كۈنلىرى سوغاق ئانچە قاتتىق بولمايتتى، ياز كۈنلىرى سۈيى مول، هاۋاسى تازا، ئوت-چۆپلىرى ياخشى بولاتتى. جىلغا ئىچىدىكى ئېقىننىڭ ئىككى قاسنىغىدا تاسما-تاسما پەلەمپەي ئېتىزلار بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا تولا ئەپلىك ئىدى. ئارىلاپ قىيان سۇمۇ كېلەتتى، لېكىن، تولا دەھشەت-لىك ئەمەس ئىدى.....

— هازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، — دېدى ئوراز بوۋا چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن هالدا، — كۈز كۈنلىرى ئىدى. مېنىڭ مۇشۇ خەدىچىگە ئۆيلەنگەن يىلىم. بىز "قىز قوغلاش"تىن قايتقان ئىدۇق. قاش قارايغان چاغلار بىلەن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. دادام رەھمەتى "بۇ يامغۇرنىڭ بىر بالاسى كەلمىگىدى" دەپ، ئەنسىرەپ ياتالمىدى. ئېيتقاندەك سەھەرگە يېقىن گۈلدۈرلەپ، پۈتۈن جىلغىنى تولدۇرۇپ قىيان بېسىپ كەلدى. جىلغا ئىچى — پۈتۈن ئاۋۇلدا قىيا-چىيا كۆتى-رىلدى. بىز قېچىپ جېنىمىزنى ئاران پانا جايغا ئالدۇق. مال-مۈلۈك، ئازراق تېرىلغۇ يېرىمىزنى سۇ يۇتۇپ كەتتى. بىزنىڭ ئاۋۇلدىنلا بەش كىشى ئۆلۈپ كەتتى. بىز ئەتىسى جىلغىغا قارىدۇق، لېكىن بۇ جىلغىدا بۇرۇن ئادەم بولغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان هېچنىمە قالمىغان ئىدى......شۇندىن باش-لاپ بۇ ئاۋۇلنىڭ ئادەملىرى بېشى قايغان، پۇتى تايغان

هازىر ئۇ يەرنى پۈتۈنلەي مۇز قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇلاقلارنىڭ تۇت ئەتراپى ئىگىز بولغاچ، سۇ ئۇرلىيەلمەپتۇ، تېشىپ-يامرىغان سۇلار ئىككى-ئۈچ يۈز مېتىر يەرگىچە ئېقىپ بېرىپ، ئاندىن شېغىل ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ كېتىد-دىكەن......

چېدىرنىڭ ئىچىنى خوشاللىق قاپلىدى. يېڭى سۇ مەنبەئىنى كورۇپ كېلىشكە ئالدىرىغان ئىنجېنېر چايىنىنى كىيىپ، دالا سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ:

— ئەگەر بۇ ئىككى كوز بۇلاق تېپىلىدىغان بولسا، بىز-نىڭ بۇ ئوستىڭىمىزدە سۇنى قىش-ياز بىر خىل ئاققۇزۇ-شىمىزدا چوڭ رول ئوينايدۇ، — دىدى ۋە تالا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئوراز بوۋىمۇ يېڭىل باشلاپ، تالاغا چىقتى.

ئۇلار قوماندانلىق چېدىرىغا ئەتراپقا قاراڭغۇ چۈشۈپ، كوز باغلانغان مەھەل بىلەن قايتىپ كەلدى ۋە شۇ زامات قۇرۇلۇش ئۇچاستىكىسىنىڭ باشلىقىغا دوكلات قىلدى:

— بۇلاقتا زاپاس سۇ مەنبەئى مولچەردىكىدىنمۇ كوپ ئىكەن. ئۇنى تاش ئوستەڭگە چۈشۈرسەك، ئوستەڭدە قىش-تىمۇ ئوخشاش سۇ ئاققۇزۇش جەزمەن ئىشقا ئاشىدۇ......

ئايلار ئوتتى. نەنسەننى ئىللىق باھار قۇياشى نۇر-لاندۇردى، تۇرلۇك تۇمەن ئوت-چوپ، گۈل-گىيالار نەن-سەن تېغىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. ئەتراپ شۇنچە گوزەل. نۇ، گۈلبانۇمنىڭ قەلبىدەك تازا ئىدى.

ئوراز بوۋا بىلەن گۈلبانۇم بۇگۈن ئەتىگەندىلا

كەتكەن بولسا كېرەك. شۇ بۇلاق كوزلىرىنى تاپقىلى بولـ-
ماسمۇ؟

ئوراز بوۋا ئويلىنىپ قالدى. قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، نىمىنىدۇ ئەسكە ئالغاندەك قىلدى. لېكىن، تۈزۈگرەك بىر نەرسە ئېيتىپ بېرەلمىدى. كېيىن، قانداقتۇ چۈشىنىكسىز هالدا "توختاڭلار، توختاڭلار" دېدى-دە، چېدىردىكىلەر بىلەن خوشلىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئىككى كۈنگىچە ئىنجېنېر ئوراز بوۋىنىڭ يولىغا قاراپ، تاقىتى-تاق بولدى. بوۋاينىڭ نەلەردە يۈرگىنى بەلگىسىز ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى بوۋاي چۈشلۈك تاماقنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى؛ چېدىردىكىلەر ئوپۇر-توپۇر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ:

— بوۋا، تازىمۇ ئەنسىرىدۇق. نەگە كېتىپ قالدىڭىز؟ — دېيىشتى.

— بالىلىرىم، — دېدى بوۋاي، — بۇلاق تېپىلدى!......

— هە! راستىمۇ؟......بۇ قالتىس ئىش بولدى-دە......

— بۇلاقنىڭ كوزى نەدىكەن......

— تازا كوڭۇلدىكى ئىش!......

ئولتۇرغانلار تەرەپ-تەرەپتىن سورىشىپ كەتتى.

— ئۈچ كۈندىن بۇيان سىنچىلاپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، — دېدى ئوراز بوۋا، — قېرىغاندا خىيالىم بىر جايدا ئەمەس، تېگە مىنىپ تېگە ئىزلىگەندەك ئىش بولـ-
دى. مانا مۇشۇ تاغنىڭ يۇقۇرىسىدىكى قاپتال باغرىدا، بىر ئۇن يېتىم يەردە بىر ئەمەس، ئىككى بۇلاق بار ئىكەن.

باشلاش مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىندى. بىر قولىدا دومبىرا تۇتقان، بىر قولىدا گۈلچەنبەرنى يېتىلىگەن ئوراز بوۋايمۇ ھەشەمەتلىك تۇغامنىڭ يېنىغا ياسالغان پىرىز-دىيوم مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالدى. قۇرۇلۇش ئۇچاستىكىسى-نىڭ باشلىقى:

— ھازىر ئۆستەڭگە سۇ باشلىنىدۇ! — دەپ ئېلان قىلغاندا، پۈتۈن مەيداننى چاۋاك - ئالقىش سادالىرى قاپلاپ كەتتى.

ناقاق كوتىرىلدى. ئويناق تاغ سۇلىرى ئاپپاق كۆۋەجەپ، يېڭى ئۆستەڭدە لومۇلدەپ ئېقىپ كەتتى......

1958 - يىل 4 - ماي.

ئەش مەيدانىغا ئالدىراپ كىرىشتى، خەدىچە ئانا ئۇني ئەچىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى.

خەدىچە ئانا قۇرۇلۇش مەركىزىدىكى چوڭ مەيدانغا كەلگەندە، نۇرغۇن يېڭى ئادەملەرنى، سان ـ ساناقسىز ماشىنىلارنى، رەڭگا ـ رەڭ پىلاكات ــ بايراقلارنى كورۇپ، بىر ئاز ھەيران بولدى. بۇگۇنكى تويىنىڭ خوشاللىغى بىلەن ھايا ـ جانلىنىپ تۇرغان ئوراز بوۋا مومىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

ــ بىلەمسەن خوتۇن، بۇگۇن ھەممە يەردىن مېھمان ـ لار كەلدى. ئوستەڭگە سۇ باشلىنىدۇ، ياشلار ئوستىڭىنىڭ پۇتكەنلىگىنى تەبرىكلەش تويى، ــ دىدى.

مەيدانغا سەنئەتچىلەر، شەھەر خەلقى ۋەكىللىرى، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان جاپالىق كۇرەش قىلغان، ئۇ ـ رۇمچى شەھرىدىن چىقىپ ئىشلىگەن ئوغۇل ـ قىز ئەزىمەت ـ لەر توپلانماقتا ئىدى. سۇ باشلىنىدىغان توغاننىڭ قېشىدا چوخچىيىپ تۇرغان تاشنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇۋالغان بوۋاي خوشاللىق بىلەن دومبىرىسىنى قولىغا ئېلىپ، ناخشا ئېيتىپ سايرىماقتا ئىدى:

تاڭ قۇياشى قەلبىمدە،
ئوتلۇق ئىستەك ياندۇردى.
قيان سۇلار تىزگىنلىنىپ،
ئارمىنىمغا قاندۇردى.....

رادىيو كانىيىدىن ئۇرۇمچى ياشلار ئوستىڭىگە سۇ

كىشىلەر ئاللىنىمىلەرنى قىلىۋاتسا، بىز تەككۇر قىرلاپ يېتە-
ۋېرىمىزمۇ؟

بۇ گەپتىن بوۋاينىڭ قۇلىغى دىڭ بولدى. ئالدى-
راپ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. تاڭ سۈزۈلمەكتە
ئىدى. يېقىملىق باھار شامىلى بوۋاينىڭ ئاپپاق، يېرىك
ساقاللىرىنى تاراپ ئۆتتى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى بوز ئېتىز-
گە تىكىلىپ قالدى. قانداق موجىزە؟ بوز ئېتىزدە قىزىل
بايراق لەپىلدەيتتى. ئادەملەر ئۆزئۆزىدىن - ئۆزئۆزىغا سۈزۈلۈپ
كەتمەن چاپماقتا. نېرىدا بولسا بوزنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ
تىراكتۇر گۈكىرىمەكتە......

☆

— ئۇكا، سېنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىڭ، — دېدى تومۇر
بوۋا بىر كۈنى دادۇيجاڭنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، — بۇ، بوز
ئەمەس، ئالتۇن. بۇ يەرگە زىرائەت ئەمەس، ئادەم تېرى-
ساڭمۇ ئۈنىدىغۇ!

— بوۋا، نېمىشقا ئالدىرايسەن، بىز ھازىر كەنت
ئىچىدىكى يەرلەرنىمۇ ئەپلەشتۈرۈپ كېتەلمەيۋاتىمىز. ئادەم
ئاز، سەۋرى قىلساڭ ئۈنىڭغىمۇ قولىمىز يېتىپ قالار.

— سەۋرى قىلساڭ ئىمىش، — تېرىكىپ كەتتى بو-
ۋاي، — كەنت ئىچىدىكى يېرىڭ ماڭا ئوخشاش قېرىپ
جۇلۇغى قالمىغان، تېرىلىۋېرىپ ماغدۇرى كەتكەن. بوز
ئۇنداق ئەمەس، توپىسىمۇ، ئوغۇتىمۇ ئۆزىدىن. چۈشكەن ئۇ-

# ئارزۇلار ئەمەلدە

تومۇر بوۋا كوپتىن بېرى يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى يالغۇز ئۆيدە تۇراتتى. دادۇي يەرلىرى مۇشۇ ئۆي كەي-نىگە كېلىپ توختايدىغان بولۇپ، ھويلىنىڭ ئالدىدىكى كە-چىك ئېرىقتىن ئۆتكەندىن كېيىنلا پايانسىز بوز يەر يېيى-لىپ كېتەتتى......

كېيىنكى كۈنلەردە دادۇيچاڭ جامال تومۇر بوۋىنىڭ كەنت ئىچىگە كوچۈپ كېتىشىنى بىرنەچچە قېتىم تەك-لىپ قىلدى. لېكىن بوۋاي ئۇنى رەت قىلاتتى. ئۇ، ئوز ئادىتى بويىچە بوز ئىچىدىن يۇلغۇن ئېپكىلەتتى. سۆەت، زەمبىل، سورەم توقۇپ ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم دادۇي-گە ئوتكوزۇپ بېرەتتى. كۈنلەر ئاشۇنداق ئوتۇۋەردى......

مەريەمخان ئاچا بۇگۈن ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، تالاغا چىقتى-دە، ئالدىراپ قايتىپ كىردى:

— ھەي، تۇرۇڭلا، — دېدى ئۇ بوۋاينى نوقۇپ، — ۋاي خۇدايىم، بىز نەدە قالغاندىمىز!......

— تېخى ئەتىگەن، بىردەم يېتىڭلا.

— ئەستا، قۇلاق سالساڭلىچۇ، تومشۇغىمىزنىڭ تېگىدە

تىراكتورمۇ بار بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈيتۇسنى بۇزماي بولمايدۇ.

— مانا مېنى "كەنت ئىچىگە كەتمەسەن، بىر چەتتە تۇرۇۋېرەمسەن؟" دېيىشىدۇ، — بوۋاي ئەمدى قايناپ كەتتى، — مەن ياۋايى ئادەم بولۇپ قاپتىمەنمۇ، نىمىشقا بىر چەتكە چىقىپ ھۇقۇشتەك تۇرۇۋېرىمەن؟ گەپ شۇنىڭدىكى، بوز مېنى ئۆزىگە تارتىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كەلگۈسىمىزدىن راھەتلىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغانمەن......

☆

بوۋاينىڭ خوتۇنى چىرگۇندە چاي، داستىخاندا نان ئېلىپ كەلگەندە تومۇر بوۋا دادۇيجاڭنىڭ يېنىدىن تاتۇشتۇرۇپ يۇرۇپ ئاللىقەيەرلەرنى كورستىۋاتقان، يۇلغۇنلارغا قىزىل لاتىدىن بەلگە سېلىپ، بولغۇسى ئېتىزلاردىن چېگرا بەلگىلەۋاتقان ئىدى.

— ماڭا قارا ئۇكا، — دەيتتى بوۋاي دادۇيجاڭغا مەسلىھەت بېرىپ، — سەن قوناق بىلەن كېۋەزدىن ھازىرچە غەم قىلما. مانا بۇ يەرنى يازغى بوغدايغا ئۇلگۇرتۇش كېرەك. تىراكتور دىگەن ئەزىمەت نەرسكەن، قوناققىمۇ، كېۋەزگىمۇ يەر ئولگورتۇپ بېرىدۇ. ئادەملەرنى بولسا تىرگەن سوقۇپ بېرىشكە قوي. يەر تەييار بولسا بولغىنى، بىر تەرەپتىن ئوسا قىلىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن تېرىۋېرىمىز......

رۇق زايا كەتمەيدۇ. "بىرگە-ئون" دىگەن مانا شۇلداق يەردىن چىقىدۇ.

دادۇيجاڭ گەپ قىلمىدى. بوۋاي ئاچچىق بىلەن قولىنى سىلكىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. ھەر يىلى دادۇينىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، بوۋاي ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان بوزنى ئۆزلەشتۈرۈش توغ-رىسىدا تەكلىپ بېرەتتى. پۇخادىن چىققىنىچە جاڭجاللىشات-تى. لېكىن كەنت ئىچىدە يەر كوپ، ئادەم ئاز، سۇ قىس بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئامالسىز بولاتتى-دە، بوۋاينىڭ تەك-لىۋى دائىم پىلانىنىڭ سىرتىدا قالاتتى.

بىر كۈنى گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى سايىم يۇنۇس ھال سوراپ بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىردى. تۆمۈر بوۋا توقۇۋاتقان سۇۋىتىنىمۇ بىر چەتكە تاشلىدى-دە، ئۇ-نىڭ يېنىدىن تارتىپ سوزلەپ كەتتى:

— مانا قارا ئوغلۇم، — دىدى بوۋاي ئۇزۇندىن-ئۇ-زۇنغا سوزۇلغان بوزنى كورسىتىپ، — بۇ بوز نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۇخلاپ ياتىدۇ. مەن بولسام ئۇنى 80 يىلدىن بېرى ساقلاپ كېلىمەن. بىز نىمىشقا بىر ئوبدان يەرنى بىكار قويىمىز؟

— راست ئېيتىسەن بوۋا، مانا ئەمدى ۋاقتى كەلدى. پارتىيىمىز ئاشلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىر قاتار سۇ قۇرۇلۇشلىرى قىلىپ، بوز يەرگە سۇ ئېچىندىغان بولدۇق.

# ئەزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

## 1

ئاپرىل ئايلىرى. چىڭقى چۈش.

ئاۋات رايونىدىن توپ-توغرا ئالەت گۈڭشىسىغا قاراپ سوزۇلغان، ئىككى قاسنىغىدا بۈككىدە تېرەك، ئەرمۇدۇن ۋە مەجنۇن تاللار سايە تاشلاپ تۇرغان يېڭى يولدىن يالتىراپ تۇرغان "ئازات" ماركىلىق بىر يۈك ئاپتوموبىلى ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتتى، دەرەخلەر ئارىسىدىن قىزغۇچ لىپىلدەك چۈشۈپ تۇرغان باھار قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئاپتوموبىلنىڭ ئەينىكىدە ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنايتتى ۋە يېرىم سائەتتىن كېيىن ماشىنا گۈڭشى مەركىزىدىكى كىچىككىنە كوجۇم بازار يېنىدا — ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ھويلا ئالدىدا سىلىلىقىنا توختىدى.

ئاپتوموبىلنىڭ كەينىكىسىدىن يىگىرمە تۆت، يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرگەن، ئاق يۈزلۈك، قارا قاش، قوي كۆزلۈك، خۇشخۇيەم، كۆچلۈك-بىجىرىم كەلگەن بەستلىك بىر يىگىت چىقتى-دە، ئۈستىدىكى پورىلىق شىرپۇر كىيىمىنى تۈزەشتۈرۈپ، بېشىدىكى جىگەررەڭ توقۇلما قۇلاقچى-

دادۇيجاڭ بوۋاينىڭ سوزىنى ماقۇللىدى. بوۋاينىڭ كوزى چاي كوتىرىپ كەلگەن خوتۇنغا چۈشۈپ قالدى:

— خوتۇن، بۇ ئىشلار بولمىدى، — دىدى كايىپ، — ئەدى سىلى ئايغىلىنى يېنىكرەك قىلمىساڭلا بولمايدۇ. جۇگورۇڭلا، دادۇينىڭ چوڭ قازىنىنى ئىپكىلىڭلار -دە، يىگىتلەرنىڭ ئالدىدىن چاينى كەم قىلماڭلار.

ئارىدىن ھەپتە ئوتۇپ كەتتى. بوۋاينىڭ ھويلىسى ئالدىدا رەتمۇ-رەت تىزىلغان تاختا-تاختا ئىتىزلار پەيدا بولدى. كىشلەر بوز ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كەتتى. ئەمدى تىراكتورنىڭ ئاۋازىمۇ يىراقتىن ئاڭلىناتتى. يېڭى يەرگە ئوسا قىلىش باشلىنىپ كەتتى......

1962 -يىل يەكەن، خاڭدى

— بەللى يىگىت، ياشاپ كەت! بولسا تېخى ئۇ- يۇقنى تاپالمىغىن، — دېدى قارا كوز، تەمبەل ۋە كىچىك- كىنە بۇرۇت قويۇۋالغان ئۇچىنچى كىشى كەينىكىدىن چۇ- شۇپ كېلىۋېتىپ.

— يولداش مېخايىنىك، سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز تازا جايىدا بولماي قالدىغۇ دەيمەن ، — دېدى خەي تىڭ چېچە- نى ئۇششاق قوللىرى بىلەن تاراپ كۆلۈمسىرىگەن هالدا بۇرۇتلۇق كىشىگە قاراپ، — ئەزىزنىڭ ئوز ئويىنى تاپال- ماي قېلىشى ئانچە ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ۋەتىنى- مىزدە هەممە نەرسە تېز ئوزگىرىپ يېڭىلىنىۋاتىدۇ. هەممە يەردە بۇ ئەهۋال بار، بىز نېفىتچىلارغا بۇ ئىش تې- خىمۇ ئېنىق، يولداش ئەزىز ئوز يۇرتىدىن ئايرىلغىلى سەككىز يىل بوپتۇ، بۇ، چۇشىنىشلىك، — خەي تىڭ ئەزىزگە قاراپ ئېيتتى، — يولداش ئەزىز قېنى، ئېيىپ ئەمەس، بىرسىدىن سوراپ كورگىنە......

شۇ ئارىدا ئاپتوموبىلنىڭ ئەتراپىغا ئون - يىگىرمە بالا ئولاشتى. بالىلارنىڭ ئارىسىدا سەككىز - توققۇز ياشقا كىر- گەن، بېشىغا دوپپا كىيىپ بوينىغا، پىونېر گالاستۇگى تاقىغان بودرۇققىنا بىر بالا هەدەپ ئەزىزگە تىكىلىپ قاراۋەردى،ئەزىز بۇنى سەزدى.

— مەيەگە كېلىڭا ئۇكام، ئېتىڭىز نىمە؟ — دېدى ئە- زىز بالىنى ئالدىغا چاقىرىپ.

بالا سەل تارتىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەنما، مېنىڭ ئېتىم ئازات......

سىنى قولىغا ئېلىپ، ئەتراپقا خۇددى بوۋاق ئانىسىغا تەل-پۈنگەندەك تەشنالىق بىلەن قاراشقا باشلىدى.

ئەتراپتا ھەممە نەرسە يېڭى ئىدى. مەكتەپ، دوخ-تۇرخانا، ماگىزىن، پوچتىخانا...... ۋە يول بويلاپ سېلىنغان رەتلىك ئاپپاق ئۆي-ئىمارەتلەرمۇ، ھەممە يەرنى قاپلاپ ئېچىلىپ كەتكەن ئۈرۈك، شاپتۇل، بادام لارنىڭ رەڭگا-رەڭ چېچەكلىرىمۇ، ئەتراپقا يېيىلغان سالا ئېتىزلاردا يېشىل مەخ-مەلدەك ياشناپ ئۇسۇۋاتقان بۇغداي مايسىلىرىمۇ، ئىشقىلىپ ھەممىسى يىگىتنىڭ كوزلىرىگە بىباھا ۋە ئىسسىق كورۈندى.

— ئىخ مېنىڭ يېزام! ...... قانداق چىرايلىقسەن، نىمە دىگەن يېقىملىقسەنا! ......

كەينىكىدىن ئوتتۇرا ياشلىق، چوڭ كوز ۋە قىسقا چاچ قويغان، يالاڭۋاشتاق، شوپۇر كىيىمىدە يەنە بىر كىشى چىقتى ۋە ئۇ ھەممە نەرسىگە تويماي تەلپۈنۈپ تۇرغان يىگىتكە قاراپ:

— يولداش ئەزىز، سەن نىمە، ئوز ئويۇڭنى تاپال-ماي قېلىۋاتامسەن-قانداق؟ — دىدى.

— يولداش خەي تىنى، راستىنى ئېيتسام، دىگىنىڭىز-دەك ئىش بولۇۋاتىدۇ، — دىدى ئەزىز ئەتراپتىن كوزىنى ئۈزگىسى كەلمىگەن ھالدا يالاڭۋاشتاق كىشىگە قاراپ قو-يۇپ، — ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئەنە قاراڭ، مەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندە بىز كەلگەن بۇ ماشىنا يو-لىمۇ، ئاۋۇ ئاپپاق ئىمارەتلەرمۇ، تېلېفون - رادىيو سىمتاناپ-تۈۋرۈكلىرىمۇ ......يوق ئىدى-دە! ......

تە ئويۇڭنى بىر يوقلىۋال ......

— مەن قوشۇلىمەن، ئەزىز ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كەلسۇن، — دېدى رېمونتچىك خەي تىك، — ناھايىتى بىر ئىككى كۈنلا ۋاقىت كېتىدۇ......

ئەزىز ئاتا - ئانىسى، تۇغۇلغان يۇرت، بىللە ئويناپ ئوسكەن يارۇ - بۇرادەرلىرىنى قانداق سېغىنغان - ھە؟ ......

شۇ تاپتا ئىشىك ئالدىغىلا كېلىپ قالدى، ناھايىتى يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يول، ھە دېسىلا، ئاپتوموبىل رولىنى قولىغا ئالسىلا ئۆز ئويىدە، سېغىنغان قېرىنداشلىرى ئىچىدە بولىدۇ! ...... ئەزىز شۇلارنى ئويلاپ بىر ئاز ھا - ياجانلاندى. كوزلىرى چاقناپ، چىرايىدا بالىلارچە سەمىمى شاتلىنىش ئالامىتى تېپىشقا تەپتى.

بىراق، ئەزىزنىڭ خوشاللىغى ئۇزاق داۋام قىلمىدى، ئۇ نېمىنىدۇر ئويلاندى - دە، ئابدۇللا بىلەن خەي تىڭغا قاراپ:

— يولداش ئابدۇللا، يولداش خەي تىك، ماڭا كوڭۇل بولگىنىڭلارغا چىن كوڭلۇمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بىز يەنىلا ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىمىز كېرەك. بىز ئاددى ماشىنىدا ئەمەس، جىددى قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا يۇرىمىز، ئۇرۇمچى بىلەن خوتەن ئارىلىغىدا قاتناۋاتقان نەچچە يۇز ماشىنىنى قوغداش، خەتەرگە ئۇچرىسا قۇتقۇزۇش، بۇزۇلسا رېمونت قىلىش — بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. شۇڭا، دەرھال خەتەرگە يارايلى، — دېدى.

ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. مېخانىكنىڭ ئاب - دۇللا ئەزىزنىڭ ئۇستىسى، ئاپتوموبىل ئوپېراتسىيىسى بويە -

بالا شۇنداق دەپ ئەزىزگە بىر قارىدى-دە، بىر-دىن قاپ-قارا كوزلىرى ئوتتەك يالتىراپ، كۆتۈلمىگەندە ئە-زىزنىڭ ئالدىدىن قاچتى ۋە يۈگۈرگىنىچە ئەينەكلىك ئاپ-پاق ئىمارەتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بار ئاۋازى بىلەن:

— دادا بول، ئانا ئىتتىك، ئاكام كەپتۇ، ئەزىز ئا-كام كەپتۇ! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئەزىزنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، ئارىدىن ئون-ئون بەش مىنۇت ئۆتمەي ئۇ، مېخانىك ئابدۇللا، رېمونتچىك خەي تىڭنى باشلاپ ئۆز ئويىگە كىرىپ كەلدى، ئەتراپتىن تۇتقانلىرى قانات قېقىپ يېتىپ كېلىشتى......

2

بۇنىڭدىن تىپ-توغرا بىر ھەپتە ئىلگىرى كەبىنە-كىنىڭ ئۈستىگە دەررۇ كوزگە چېلىقىدەك قىلىپ "ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت ئىدارىسى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى" دىگەن خەت يېزىلغان تاختا بېكىتىلگەن بىر ماشىنا يەكەن ئاپتوموبىل بېكىتىگە كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن شوپۇر ئەزىز، مېخانىك ئابدۇللا، رېمونتچى خەي تىڭلار چۈشتى.

يولداش ئەزىز، — دىدى مېخانىك ئابدۇللا ئەزىز-نىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ، — مانا يەكەنگىمۇ كەلدۇق. سەن ئاتا-ئاناڭنى كورمىگەنگە سەككىز يىل بولدى، گەرچە، ھازىر ۋەزىپىمىز ناھايىتى جىددي بولسىمۇ، مۇشۇ پۇرسەت-

# 3

ئەزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ يوقلاپ كېلىشى بىلەن ئەزىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى بايرام خوشلىقىغا چۆمدى. ئەينەكلىك ئاپپاق يېڭى ئىمارەتنىڭ ئالدىدا دىدار كورۇشۇشتىن كېلىپ چىققان تەنتەنە، شاتلىنىش ئۇ-زاق داۋام قىلدى. ئەزىزنىڭ دادىسى ھېيتاخۇن ئوغلىنى باغرىغا باسقاندىن كېيىن، دەرھال ئېغىلغا كىرىپ، بىر قوينى بوينىدىن سورەپ چىقتى ۋە قوينىڭ پۇتىنى چېي-تىپ، ئەزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى شەرىپىگە قوينى بوغۇز-لاشقا تەييارلاندى.

مېخانىكنىڭ ئابدۇللا بىلەن رېمونتچى خەيتىڭ دەر-ھال بېرىپ، ھېيتاخۇننىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى:

— بولدى ئاتا رەھمەت، — دىدى ئابدۇللا ھېيتاخۇن-غا، — قەدىرلىك كىشىلەر كەلگەندە قوي ئۆلتۈرۈپ قارشى ئالى-دىغان ئادىتىمىز بولسىمۇ، مۇشۇنىڭ ئۇزىمۇ يەتتى: قوي ئۆلتۈرۈلگەندەك، گوش-شورپىغا ئېغىز تەككەندەك بولدۇق......

لېكىن ھېيتاخۇن ئوز قارارىدىن يانمىدى ۋە قوينى بوغۇزلىۋەتتى:

— بۇ يىل بىز ئازات بولغان ئون ئىككىنچى يىل، — دىدى ھېيتاخۇن قوينى ئۆلتۈرۈپ، گوشنى تېرىسىدىن ئاي-رىپ بولۇپ، — دەرۋەقە، ئون ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قە-دىرلىك مېھمانلار ئۈچۈن مەن قوي ئەمەس، توخۇمۇ ئۆل-

چە ئاتاقلىق دوختۇر ئىدى. خەي تىڭ بولسا، قولى چەۋەر رېمونتچى بولۇپ، ئەزىزنىڭ تەڭ قۇر دوستى ئىدى. ئۇلار يەتتە-سەككىز يېشىدىن بۇيان ئەزىز بىلەن ئىجىل دوستلار بولغاچ، ئەزىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى كورۇۋېلىشنى بەكمۇ خالايتتى. ئەمما، ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ئاددى ۋەزىپە ئەمەس، نەچچە يۈزلىگەن ماشىنىلارنىڭ راۋان يۈرۈشىگە، دولەت پىلانىنى ئورۇنلاشقا، ھەتتا، ۋەقە يۈز بەرگەن ماشىنىلاردىكى شوپۇرلارنىڭ ھاياتى-تەقدىرىگە ئالاقىدار جىددى ۋەزىپە ئىدى.

— شۇنداق قىلىلى، — دىدى ئەزىز، — پارتىيە كومىتېتى شۇنداق مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى بىز ئۈچىمىزگە ئىشىنىپ تاپشۇردى. نىملا بولمىسۇن، ئالدى بىلەن پارتىيە تاپشۇرغان ئىشنى قىلايلى، پارتىيىنىڭ ئۇمىت ئىشەنچىسىنى ئاقلاشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق، خوتەنگە بارايلى......

ئابدۇللا بىلەن خەي تىڭ دوستىغا قارىدى. ئۇلار: 900 مىڭ كىلومېتىر يولنى بىخەتەر باسقان، ئىدارە بويىچە "قىزىلبايراقدار" دىگەن شەرەپلىك نامنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان بۇ ياش كوممۇنىستقا — قەدىرلىك دوستىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى......

بىر سائەتتىن كېيىن ئەزىزنىڭ ماشىنىسى دوستلىرى بىلەن خوتەنگە قاراپ راۋان بولدى......

ئۆي ئىچىگە سەپسالدى، تامدىكى گىلەمگە، دەرىزە تۈۋ-
دىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىغا، قاتلاقلىق يوتقان-كۆرپىلەرگە
قاراپ قويدى. ئەنە شۇ كىيىم تىكىش ماشىنىسى قويۇل-
غان تامدا قاتار تۇرغان ئەينەكلىك جازىلارغا ئىلىنغان
تەقدىرنامىلەر ئابدۇللانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— ھېيتاخۇن ئاكام پىششىقدەم پارتىيە ئەزاسى، گۆك-
شېمىز بويىچە ئاتاقلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، — دېدى
سورۇندا بىللە ئولتۇرۇۋاتقان دۇيجاڭ سېلىم قوزى مېخاي-
نىڭ ئابدۇللاغا قاراپ پەخىرلەنگەن ھالدا، — يەر ئىسلاھا-
تىدىن كېيىن نەچچە يىل ئۆتكەن بولسا، ھېيتاخۇن
ئاكىنىڭ تەقدىرنامىسىمۇ شۇنچىلىك، ھەر يىلى بار.
ئۆتكەن يىل بالدۇر پىشىدىغان قوناق بىلەن كەنجى كې-
ۋەزنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، كېۋەز غوزىسىنىڭ ئۆزلۈ-
گىدىن توكۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە
ئىلمىي تەجرىبە قىلىپ، غەلىبە قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ
ناھىيە ئالاھىدە مۇكاپات، تەقدىرنامە بەردى......

خەي تىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلەر تازىمۇ قاملاشقان ئاتا-بالا ئىكەنسىلەر، —
دېدى ھېيتاخۇنغا خۇشاللىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، — سى-
لىنى دادۇيىنىڭ پەخرى دېيىشكە بولىدىكەن، لېكىن، مېنىڭ
دوستۇم ئەزىزمۇ شۇنداق. ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان
نېفىت ئىدارىسى بويىچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سېپى-
دىكى ياش ئاكتىپ، "قىزىل بايراقدار شوپۇر" دېگەن
شەرەپلىك نام ئىگىسى. ئۇ بۇ يىل بىر مىليون كىلومېتىر يول-

تۇرەلمەيتتىم. قولىمىز ئۆزۈك ئىدى. بۇ ئۇن ئىككى يىل خاسيەتلىك يىللار بولدى. قولىمىزنى نەگە سوزساق، شۇ يەرگە يەتكىدەك بولدى. ئىغىلغا كىرىپ بىقىڭلار. يەر ئىسلاھاتىدا تەككەن مۆھ ھازىر كوپىيىپ، توپاقلىق ئىنەك، ئۇن ئالتە قوي بولدى. ئوغلۇم ئەزىز سەككىز يىلدا بىر كەلسە، بىر قوينىڭ كاللىسىنى ئۆزمىسەم بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەردەك ياخشى دوستلىرىمىز كەگەن تۇرسا!.....

كەچقۇرۇن ھېيتاخۇن داستىخان ئۈستىدە ئەزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى تونۇر كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دىدى:

— ئوغلۇم ئەزىز نىفىت ئىشچىلار مەكتىۋىگە قوبۇل قىلىنىپ ئىلىپ كىتىلگەندە، يېزىمىزدا يەر ئىسلاھاتى ئەمدى توگىگەن ئىدى. شۇندىن كىيىن بۇ يەردە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، باشلانغۇچ، ئالى كوپىراتسىيەلەرنى قۇردۇق، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. ھال-ئوقىتىمىز يامان ئەمەس، ئوتمۇشتىكىدىن ياخشى بولدى. مانا ئىككى يىل بولدى، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ھەركىتى كىتىۋاتىدۇ. پىقىر تونجى قېتىم يېڭى، ئازادە ئويلەرگە كوچۇپ چىققانلاردىن بىرى. تاغاردا زاپاس ئاشلىق، ئىغىلدا مال-ۋاران، بانكىدا ئاز-تولا ئىشىنچە پۇلىمىز بار. گەپ نىمدە؟ سوتسىيالىزم يولىدا، بۇ يول بىزنى بىر بالداق، بىر بالداقتىن يۇقۇرى ئورلىتىپ كىتىۋاتىددۇ......

مېخاينىك ئابدۇللا ھېيتاخۇننىڭ گىپىنى ئاڭلىغاچ،

# جېنىم ياشىرىۋاتىدۇ

## 1

ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئۇزاق داۋام قىلدى:

— قويە ئوغلۇم، شۇ گېپىڭنى. سەن ھەرقانچە ئەقىللىق بولۇپ كەتسەڭمۇ، يەنىلا سەن بالا، مەن ئانا. بۇ دورىم، بىر قېتىم مېنىڭ گېپىمگە كىرگىن...... بىز شۇ كوپىرا-تىپقا ......

— ئانا، مەن سېنى مۇشۇنچىۋالا كەينىگە تارتىپ تىرەجەپ تۇرۇۋالىدۇ، دەپ پەقەت ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئۆتكەن 4 يىل ئىچىدە ئاسمان-زېمىن ئۆزگىرىش بولدى. ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق مەن پومېشچىك-نىڭ يىللىقچىلىقىدىن، سەن ئۇنىڭ ئۆي ئىشىدىن قۇتۇلدۇق. سەن ئېيتىپ باقە، پارتىيىگە ئەگىشىپ قايسى ئىشتىن زىيان تارتتۇق؟ مەن بۈگۈن ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ قېرىنداش-لارغا: ”تەشكىللىنەيلى، ئىش — ئوملۇقتە، كۈچ — بىرلىكتە. تۈگۈلگەن مۇشت — تامنى تېشەر، ئايرىلغاننى تۈلكە يەپتۇ، بۆلۈنگەننى بۆرە......“ دەپ تەشۋىق قىلدىم. خېلى كۆپ-

نى بىخەتەر بېسىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ......

— ئوخشاش بولمىغان سەپتە تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان ئاتا - بالا، قالتىس گەپ، — دىدى مېخايىنىڭ ئابدۇللا ھېيىتاخۇن بىلەن ئەزىزگە پەخىرلەنگەن ھالدا قاراپ.

شۇ كۈنى ئۇلار ئوتكەن - كەچكەنلەرنى ئەسلىشىپ، تۈن تەڭ بولغانلىغىنى سەزمەي قېلىشتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئەزىز ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى. ھېيتاخۇن ئەزىزگە قاراپ:

— ئوغلۇم، زامانىمىز ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، ئادەم پاقىدەك ئوملەپمۇ، دۈلدۈلدەك چېپىپمۇ ئالەمدىن ئوتۇش مۇمكىن. دۈلدۈلدەك چېپىپ، سەپىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىش — يىگىتنىڭ يىگىتى قىلالايدىغان ئىش. بەردەم بول، كومپارتىيە ئەزاسى دىگەن شەرەپلىك نام ساڭا ھەمىشەم مەدەت بولسۇن! — دىدى.

ئەزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تاڭ قۇياش نۇرىدا چەكسىز كەتكەن ئۇزۇن يولدا ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەپ مېڭىپ كەتتى......

1962 - يىل 5 - ئاي يەكەن، ئاۋات.

— ياق ئوغلۇم، يەنە بىر ئاز قاراپ باقىلى......

ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سوھبەت 1954 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن رايونى 5 ـ يېزىسىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىۋى قۇرۇش تۇنجى قېتىم سىناق قىلىپ ئېلىپ بېرىلغاندا بولغان ئىدى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ياسىن ئوتمۇشنىڭ كوپ ئەۋزىيەتلىرىنى تارتىپ، ئازاتلىق كۈنلىرىگە ئاران ئۇلاشقان ئانىسى نىساخان بىلەن قايتا ـ قايتا مەسىھەتلەشتى، دادىسى ۋاپات بولغان چاغدىكى يالغۇزچىلىقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى ئەسلىدى ۋە ئاخىر قايىل قىلدى. ئاز ۋاقىت ئوتمەي بۇ ئائىلە "بەشيۇلتۇز" كوپېراتىۋىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قېلىشتى......

2.

ئارىدىن ئىككى يىل ئوتتى. كوللېكتىپلىشىش ئوز ئەۋزەللىكىنى كورسەتتى. نىساخان بىلەن ياسىن كوپېراتىپقا كىرمىگەن دېخانلارغا نىسبەتەن بىر ھەسسە ئارتۇق دارامەتكە ئىگە بولدى. ياسىن ئاشۇ دارامەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمگەك قايناملىرىدا كوز قىرىنى تاشلاپ يۈرگەن سۇيۇملۇك ئامرىغى — ئىشچان قىز نۇربۇۋى بىلەن توي قىلدى.

1956 ـ يىلىنىڭ ئوكتەبىر ئايلىرىدا مەن سەمەن رايونىنى زىيارەت قىلدىم. بۇ چاغدا پۈتۈن رايون سوتسىيالىستىك كوپېراتىپلىشىشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغان ئىدى. ئوكتەبىر قۇياشى نۇر چېچىپ تۇرغان بىر

چىلىك دېخانلار بارىكاللار ئۈكام، شۇنداق قىلىلى، ئۇمۇ-
شىپ كوپېراتىپ بولساقمۇ بولىلى، دېيىشتى. سەن ئاشۇنداق
دەپ تۇرۇۋالساڭ، قانداق بولىدۇ؟ ......

— تۇۋا خۇدايىم، — دېدى ئانا، — مەن ئاشۇنچىلىك
گەپنى چۈشەنمەيمەنمۇ! مېنىڭ دېگىنىم، بىز نەچچە ئەۋلا-
دىمىزدىن تارتىپ ئالقانچىلىك يەرگە ئىگە بولالمىغان.
بۈگۈنكى كۈندە بىز خەت-مۆھۈر بىلەن ئاتىنىڭ قاشقى-
سىدەك ئۇن نەچچە مو يەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق.
قاراپ تۇرۇپ، ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمىزمۇ؟

— قىزىقسەن-دە، ئانا، — دېدى ئوغۇل، — يەرنى
كىم قايتۇرۇپ بېرىۋېتىدىكەن؟ تەشكىللەنسەك، كوپېراتىپ
بولساق، بىرىنچى، پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان بولىمىز،
ئىككىنچىسى، ئەل-يۇرتتىن كېيىن قالمايمىز، ئۈچىنچىسى،
ئەڭ مۇھىمى تەشكىللىنىپ، ھارۋىنىڭ بېشىنى سوتسىيالىزىم
تەرەپكە تارتىمىز. بۇ، يەرنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىك ئەمەس،
ئوتتۇرىغا قوشۇپ، ئۇمۇمىيلىشىش يولىغا ماڭغانلىق ......

— ئەل بىلەن بىللە ئوتۇش — خاسىيەتلىك ئىش، —
دېدى ئانا، — لېكىن، ھازىر تېخى ھەممە كىشى كوپېراتىپ
بولغىنى يوق، تۇنۇگۈن سېكرېتار كوپېراتىپقا كىرىش ئىخ-
تىيارى ئىش دېدىغۇ ......

— ئىختىيارلىقى ئىختىيارى، — دېدى ئوغۇل، —
مەسىلە نىمىدە؟ مۇھىمى بىزنىڭ ئائىلە پارتىيىنىڭ چاقىرى-
غىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا باشلامچى بولساق يامانمۇ؟ ئانا،
قانداقلا بولمىسۇن، كوپېراتىپقا كىرەيلى ......

نساخان ئىككى يىللىق كوپىراتىپ ھاياتى ئىلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى سوزلەپ، ئەمگەك مىۋىلىرىنى كور-سىتىپ چىقتى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئەمگەك — بەرىكەت. ئوغلۇممۇ، كېلىنىممۇ، مەنمۇ بىر كۈنمۇ كوللىكتىپ ئەمگەكتىن قالمايمىز. ئەمگەك — بىز ئۈچۈن خوشاللىق، ئەمگەك — ئائىلىمىزنىڭ ئىناقلىغى. ئەمگەك — ھەممىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى. ئەمگەك — بىزنى پاراۋان قىلىۋاتىدۇ. مەن 50 ياشتىن ئاشقان بولسامۇ، ئېكىن، ھالال ئەمگەكنىڭ مۇنچىۋالا قەدرى - قىممەتلىك بولغىنىنى پەقەت ئومرۇمنىڭ ئاخىرىدا كورۈۋاتىمەن. ئەم-گەكتىن جېنىم ياشىرىۋاتىدۇ......

1956 - يىل 10 - ئاي، سەمەن.

كۇنى مەن ھەممە يېرىنى مول ھوسۇل مەنزىرىسى قاپلى-
غان كوجۇم مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، خىلىدىن بىرى داڭقى
تارىلىپ كەتكەن نىساخان ئائىلىسىگە باردىم. بۇ ئائىلى-
دىكى 3 جان كىشىنىڭ ھەممىسى "بەشيۇلتۇز" كوپېراتىۋى-
نىڭ داڭلىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بولۇپ، ياسىن بۇ
كەمدە 2 - بىرىگادىنىڭ باشلىغى ئىدى.

— ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا دىگىنى دۇرۇس
ئىكەن، — دىدى نىساخان ئۆتكەن ئىككى يىللىق كوپېرا-
تىپ ھاياتىنى ئەسلەپ، — يەر ئىسلاھاتىدا تەككەن شۇنى-
داق بەلەن يەرنى كوپېراتىپقا قوشۇۋەتسەك قانداق بولار،
دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. ياسىننىڭ دىگىنى دۇرۇس چىق-
تى. بار - يوقلىرىمىز تولۇقلىنىپ، كۈچ - قۇدرىتىمىز جەملىشىپ،
ھەممە ئىشىمىز خىلى دۇرۇس بولۇۋاتىدۇ، ئىشلىگەن چىش-
لەۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلقى دارامىتىمىز بىلەن يارىشىملىق
توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز قىزىمدىن چارە كېلىنگە
ئىگە بولدۇم. بەكمۇ ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز. بۇ يىل يازلىق
ھوسۇلدىن 1854 جىڭ بۇغداي تەقسىم بولدى. ئەمگەك
مۇكاپاتىغا بېرىلگەن 370 جىڭ بۇغداي قوشۇلسا، قانچە
بولىدىغانلىغىنى ئۆزەڭلەر ھىساپلاپ كورۇڭلار. ئائىلىدە
ئۆزەم بىر قۇتا پىلە باققان ئىدىم. 44 جىڭ پىلە غوزى-
سى چىقتى. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىنلا 45 يۈەن پۇل
كەلدى دىگەن سۆز. كىگىز - پالاس، يوتقان - كوپىلەرنى
يېڭىلىدۇق. ئىككى قوي، بىر موزاي، ئاپتوۋا - چىلاپچا،
مانتا قازانمۇ سېتىۋالدۇق......

دانە ـ شېخ ناخشىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاجايىپ سەلتەنەت ـ لىك، يېقىملىق جاراڭلايتتى ۋە بۇ مەنزىرە كىشىدە ۋىسال ـ غا يەتكەن بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ شادىيانە تويى مەرد ـ كىسىنى ئەسلىتەتتى.

"ئازات ئەمگەك، خوشال تۇرمۇش دىگەن ـ مانا شۇ، نىمە دىگەن كوڭۇللۈك ئىش" دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

مەن ئوز يېزامنىڭ ئىچىدىن كېتىۋېتىپ، ئازاتلىق ـ تىن كېيىن بۇ يەردە يۈز بەرگەن ھەر بىر ئۆزگىرىشكە — ئەر ـ ئايال دىخانلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى خوشاللىق، كى ـ يىم ـ كېچەكلىرىدىكى يېڭىلىنىش ۋە مۇئامىلە، سالام ـ سائەت ـ لىرىدىكى جاراڭلىق ـ روھلۇق كۇلكە ـ چاخچاقلارغا؛ يېڭى سېلىنغان مەكتەپ، ئاقارتىلغان ئوي ـ ئىمارەت، رەتلەنگەن كوچا ۋە ئاۋاتلىشىپ قالغان يېزا گۈزىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كېلەتتىم.

مەن يۇرتداشلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، ھەشە ـ مەتلىك بىر مېچىتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز مې ـ نىڭ باللىق ـ ئوسمۇرلۇك چاغلىرىمدىكى بەزىبىر ئىشلار كوز ئالدىمغا كېلىپ قالدى.

## مېچىت سۇپىسىدىكى "سىرلىق" ئادەم

مېنىڭ باللىق چاغلىرىم كەنتىمىزنىڭ قاق ئوتتۇ ـ رىسىغا جايلاشقان، پىششىق خىش بىلەن ياسالغان ھەشەمەت ـ لىك مېچىتنىڭ ئالدىدىكى قۇمۇلاقدا ئوتكەن ئىدى.

مېچىت ئالدىدىن كىشىلەر ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن

# مېنىڭ يېزام

(ئەسلىمە)

مەن ئۆز يېزامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ ئا-
زاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭ شۇيېزەننى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ
گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سۈپىتىدە ئۆز يېزامغا تۇنجى قې-
تىم بېرىشىم.

1956-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئايلىرى ئىدى. قەشقەر
تۈمەن دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىغى قىزغۇچ ئالتۇن رەڭگە-
دە تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاستىمدىكى چىلان تورۇق ئات سى-
لىق يورغىسى بىلەن بىر خىل ماڭماقتا. ئۆكتەبىر قۇياشى
بىلەن نۇرلانغان كوچۇم، باراقسان يېزا يولى كۆز گۈزەل-
لىكلىرى بىلەن بېزەلگەن ئىدى. كۆز ئېتىزلىرىنىڭ چېكىسىگە
قىسىپ قويغان غۇنچىلاردەك، گۈللۈك چىت، رەڭلىك شايى-
ئەتلەسلەردىن كوينەك كىيىشكەن ئاياللار توق دانلىرى مەر-
ۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان قوناقلىقلاردا؛ ئاق بۇلۇتتەك
كۆپۈپ ئېچىلغان كۈمۈش رەڭلىك پاختا ئېتىزلىرىدا يايراپ
ئىشلىمەكتە. ئۇلارنىڭ لەرزان ناخشىسى قوناق پايىلىرىغا
"شىرت-شىرت" ئۇغاق سېلىۋاتقان دېخان يىگىتلەرنىڭ مەر-

ئاشۇ ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن، ئۆزى تۇغۇلۇپ-ئۆسكەن ما-كانلىرىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا كوچۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قىسقىسى، تاشاخۇنۇم بىز دېخانلارنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرىدىغان ئېغىر تاغ دېگىنە!

مېنىڭ گودەك كوڭلۇمنى چۈشەنگەن يۇرتداشلار بولسا:

— بېشىمىزدىن تەلپىگىمىز چۈشسە، تاشاخۇنۇمنىڭ يې-رىگە چۈشىدۇ. چۈنكى، بىز سۈزاقلىقلارنىڭ خېلى بىر قىس-مىمىز تاشاخۇنۇمنىڭ ئىجارىكەشلىرى، ئوتاقچىلىرى، چاكار-يىللىقچىلىرى. نىمە ئامال! يۈزبېشى بىلەن بەگنىڭ ئە-مەل تۇتىمغى تاشاخۇنۇمنىڭ باش لىگىشتىشىغا باغلىق. دېمەك، تاشاخۇنۇم ماقۇل كورمەيدىكەن، ھېچكىم بۇ يۇرت-تا "ھەررو-پەررو" دېيەلمەيدۇ، ھەررو-پەررو دەيدىكەنسەن، يەيدىغان نېنىڭدىن، ئىچىدىغان سۈيۈڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، دېگەن سوز...... — دېيىشەتتى.

مەن بۇ گەپ-سوزلەردىن يېزىمىزدىكى دېخانلارنىڭ تاشاخۇنۇمنى تولىمۇ ئوچ كورىدىغانلىغىنى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ نەپرەتلىنىدىغانلىغىنى سېزەتتىم. لېكىن ئۇ چاغدا، بۇ غەلىتە ئادەم مېچىت ئالدىدىكى "سىرلىق" ئادەم بولۇپ كورۈنگىنىچە قېلىۋېرەتتى......

## قانلىق دەرەخ

1948-يىلىنىڭ باھارى تولىمۇ جۇدۇنلۇق كۈنلەر بىلەن باشلاندى. تولا ئويلەردە ئەتىيازدىكى ئاشلىق

ئوتەتتى. مېچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ھەشەمەتلىك ياسال-
غان بىر ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تاشاخۇنۇم دىگەن "مەر-
تىۋىلىك" بىر كىشى ياشايتتى. تاشاخۇنۇم ئەتىگەندە-ئاخ-
شامدا ئاچ بورىنىڭكىدەك پال كوزلىرى بىلەن بىزگە زە-
ھەرلىك قاراپ، ئاشۇ مېچىتنىڭ پىششىق خىشلىق سۇپىسى-
دا پەيدا بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىختىيارسىز قۇمۇ-
لاڭدىكى "قى-چۇ" لىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، دەرھال تار-
قىلىپ كېتەتتۇق. يولۇچى خوتۇن-قىزلار بولسا، مېچىت
ئالدىدىن ئوتۇشتىن ھەزەر ئەيلەپ، يان كوچىلارغا بۇ-
رۇلۇپ كېتەتتى. ئېتىز-ئېرىقتىن يانىغان دىخانلار مېچىت
ئالدىغا كەلگەندە ئات-ئېشەكلىرىدىن چۈشۈپ، تاشاخۇنۇم-
غا ئېگىلىپ سالام بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

— تاغا، خەقلەر تاشاخۇنۇمدىن نىمانچە چۈچۈي-
دۇ؟ — دەپ سورايتتىم مەن دىلكەش تاغامدىن.

— قورقىدۇ، قورقماي! — دەيتتى تاغام، — قورقماسقا
نىمە ئامال! خۇددى مۈشۈك ئالدىدىكى چاشقاندەك قور-
قىدۇ، ئۇ، شۇنداق ئىش......

مەن بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم ۋە ھەيران
ئىدىم.

— مانا قارا، سېنىڭ ساددىلىغىڭنى، —دەيتتى تاغام، —
تاشاخۇنۇم بۇ شۇنداق كىشىكى، سەن ئۇنىڭغا سەل-پەل
ھورمەتسىزلىك قىلىپ قويساڭ، سەن بۇ سوزاق يېزىسىدا
يوق! بۇ جىمغۇر قېرى تۈلكە يەرنىڭ تېگىدە ئىلاننىڭ
كوشىگىنىنى بىلىدۇ. سوزاقلىقلارنىڭ تەگىدىن تولىسى

تۇرغان دېخانلارنىڭ ئالدىغا كەلدىمدە، تونۇش كىشلەرنىڭ كوزلىرىگە قارىدىم ......

ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

گېمىنداڭنىڭ قوراللىق ئىككى ھەربىسى يەرلىك ھېكۇمەتنىڭ ھەربىلەرگە مەخسۇس ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان "سەيجو"سىغا ئالۋاڭ ئوتۇن سوُيلەپ كەپتۇ. "سەيجو" دا ھەدىگەندىلا ئوتۇن بولمىغانلىقتىن، ھىلىقى ئىككى ھەربى ئاتلارغا مىنىشىپ، بېشى قايغان يېزىلارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئايلىنىپ-چۆگىلەپ بىزنىڭ بۇ يېزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار يېزا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئاۋال تاپانچىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، يېزا كۆزدىرىدىكى ئۇششاق باللار بىلەن ئايالالارنى قوشقاچ، پاختەكتەك توزىتىپ ھەر تەرەپكە قاچۇرۇپتۇ، ئاندىن يېزا ئىچىدە قالايىمىقان ۋاقىراپ-جاقىراپ، بىردەم ئۇياق-بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپتۇ-دە، خەقلەر تازا ئەنسىزلىككە چۈشكەندىن كېيىن، دۇل يېزا ئاقسا-قىلىنىڭ ئويىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئاقساقال خوجايىنىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتقان ئىتتەك ھەربىلەرگە خوشامەت قىلىپ، ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ، ھەربىلەر يەپ-ئىچىپ قوسىغىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، دەرھال يۈز ئۇلاق قۇرۇق ئوتۇن ئۇندۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئاقساقال:

— بۇ كەمدە قۇرۇق ئوتۇن تۈگۈل، ھۆل ئو-تۇن تاپماقمۇ تەس. ئاز-تولا كومۇش تەڭگە راسلاپ بېرەيلى، كېتىڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. لېكىن،

قەھەتچىلىگى ھوكۇم سۈرەتتى. چىرايىنى توپا باسقان، قەددى پۈكۈلگەن دەرتمەن دېخانلار باھارغا — كۈنىنىڭ سېرىقىغا ئۇلۇشۇۋالغانلىقىدىن رازى ئىدى. ئومۇمەن باش ئەتىيازدىكى يىلىك ئۈزۈلگەن چاغلار مىنىڭ يېزامدا زور پاجىئە، ئېغىر مۇسىبەتلەر بىلەن باشلىناتتى.

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن يېزىمىزدىكى قارىخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىز ئوينايدىغان قومۇلاڭنىڭ ئالدىدىكى قارىياغاچتا ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ پۇتى توۋەن، بىرىنىڭ بېشى توۋەن ھالدا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدىم، مەن چوچۇپ ئەتراپقا قارىسام، ساۋاقداشلىرىم "ئەسكەر، ئەسكەر تۇرىدۇ!" دەپ ھودۇقۇپ قېچىپ كېتىشىۋېتىپتۇ. مەنمۇ ئىختىيارسىز كەينىمگە داجىدىم.

شۇ چاغدا، ئۈستىگە كۆك كىيىم كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلاپ، ئەگرى ساپلىق قىلىچ ئېسىۋالغان، تەلەتى مۇزدەك سوغاق ئىككى ئەسكەر ئەتراپتا ئىسەنكىرەپ تۇرغان دېخانلارغا قاراپ:

— كىم سېلىق تۆلەشتىن بويۇن تولغىسا، ئەنە ئاقىۋىتى! قايسىڭ ئۆلۈشنى خالىساڭ، دۈگدۈرەپ تۇرۇشۇۋە!— دەپ ۋاقىراشتى-دە، شەپكىلىرىنى قىڭغىر-قىيشىق كىيىشىپ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، دەلدەڭشىگەن ھالدا تاشاخۇنۇمنىڭ ھەشەمەتلىك ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتراپتا تەلمۈرۈپ تۇرغان دېخانلار ياقىسىنى تۇتۇشتى. لېكىن، ھېچكىم نىمە ئۈچۈندۇر ئاۋازىنى چىقارمىدى. مەن كۆزلىرىدە غەزەپ ۋە مىسكىنلىك قايناپ

شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر "مانا، ئىزلىگەن بوي سۇنماسنى تاپتۇق"دېيىشىپتۇ ـ دە، ھېلىقى ئىككى دېخاننى دوقپۆپوزا بىلەن سۆرىگىنىچە مېچىت ئالدىدىكى قاراياغاچقا ئېسىپتۇ ۋە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، "يۇرتنى قانغا بويايمىز، يۈز ئۇلاق قۇرۇق ئوتۇن تەييار بولمىسا!"دەپ ۋاقىرىشىپ-جاقىرىشىپتۇ......

مەن دەل مۇشۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىگە كەپتىمەن.

چېرىكلەر تاشاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن تەشۋىش بىلەن قاراياغاچنىڭ قېشىغا باردىم. قاراياغاچقا ئېسىلغان ئىككى ئادەم — تاشاخۇنۇمنىڭ نامرات ئوتاقچىلىرى مۆمىن ئاكام بىلەن ھەسەن تاغام ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى يېرىلغان، جاۋغايلىرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، پۇتى تەرىپىدىن ئېسىلغان مۆمىن ئاكامنىڭ جۇل ـ جۇل چاپانلىرى تۆۋەنگە سىرىلىپ چۈشكەنلىكتىن، قۇرۇق ئۇستىخان بەدىنى ئېچىلىپ قالغان ۋە مۇزلاپ كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى......

شۇ كۈنى كۆز باغلانغىچە يۇرتداشلار قانچە قىلغان بىلەن يۈز ئۇلاق قۇرۇق ئوتۇننى تەييار قىلالمىدى. بىزنىڭ يۇرت شەھەرگە يېقىن بولغانلىقتىن، بۇ يەردە ئەزەلدىن ئوتۇن قىس ئىدى. شۇڭا، كۆپچىلىك ئاز ـ تولا پۇل ـ پۈچەكلىرىنى يىغىش قىلىپ، شەھەر بازىرىدىن ئوتۇن سېتىۋېلىپ ئالۋاڭ ئوتۇننى تولىمەكچى بولۇشتى. ئەمما بۇ تەلەپكە چېرىكلەر ماقۇل بولغىچە تۈن تەڭ بولدى. مۆمىن ئاكام بىلەن ھەسەن تاغامنى ئۇلارنىڭ چوچۇ-

ھەربىلەر ئۇنىماپتۇ، ئاز ـ تولا تاكاللىشىپمۇ قاپتۇ. قارىسا، جىدەل ئاۋۇپ كېتىۋاتقىدەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسالنىڭ كاللىسىغا ئەقىل كىرىپ، ھەربىلەرنى تاشاخۇنۇمنىڭ ئۇيىگە باشلاپ بېرىپتۇ.

— ھىم ...... بولىدۇ،— دەپتۇ تاشاخۇنۇم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئىككى چېرىككە،— بۇ ئاي، بۇ كۈن ـ لەردە يېزىمىزدىكى ئاۋام پۇقرا تولىمۇ قاشىشاقلىشىپ، ھوكومەت، شەرىئەتنىڭ گەپ ـ سوزىگە ئاز قۇلاق سالىدىغان بوپقالدى. يۇز ئۇلاق قۇرۇق ئوتۇنى ئۇندۇرۇش ئۇچۇن بىر ـ ئىككى ھاڭۋاقتىنىڭ كېلىشتۇرۇپ ئەدىۋىنى بېرىپ قويغان تۇزۇك!......

شۇنىڭ بىلەن ھىلىقى ھەربىلەر ئويمۇ ـ ئوي يۇرۇپ، دىخانلارنى "قۇرۇق ئوتۇن چىقار، بولمىسا ئوگزەڭنى ئاچ، چەللى ـ لاپاسلىرىڭنى بۇز!" دەپ قۇرۇق ئوتۇن چىقىرىشقا قىستاپتۇ. ئالدىغا كەلگەن، ئانچە ـ مۇنچە ھال ئېيتقانلارنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، يۇز ـ كوزىنى قانغا بوياپتۇ. ئاياق مەھەللىنىڭ ئىككى نامرات دىخان ئەقلىغا سىغمايدىغان بۇ زورلۇققا زەردىسى قايناپ:

— ھەي بەندە، ئىنساپ بارمۇ سەندە!— دەپتۇ چېرىكلەرگە،— قالاپ ئاشۇنىڭدەك ئوتۇنلىرىمىز بولسا، بۇ سوغاق، جۇدۇندا ئۇششاق باللىرىمىزنى تىزەك تۇتەپ تۇرغان ئوچاق ئالدىغا يىغىپ قويارمىدۇق. تىزەك قالاپ جاننى قىيناش پەرزمىدى، ئىنساپ قىلىڭلار! — دەپ بىر ـ ئىككى ئېغىز ھەق گەپنى ئېيتىپتۇ.

كىرەك. ئاياقچىلا مەھەللىسىنىڭ ئېرىقىدىن سۇ تۇتىدىغان ھەزىماخۇن باينىڭ چوڭ ئوغلى ئۆز يېرىگە سۇ تۇتۇش نۆۋىتى كەلگەن بىر كۈنى نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئاياق-چىلا ئېرىقىنىڭ توما تاختىسىنى سەل ئېگىزلىتىپ، يار بېشى تومىسىنىڭ توما تاختىسىنى سەل پەسلىتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ ئاياقچىلا ئېرىقىغا كۆپرەك ئاقىدۇ، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تاشاخۇنۇم ئۆز تەۋەلىكىگە ئۇتىدىغان سۇنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىدىن غەزەپلىنىدۇ-دە، ئادەم ئەۋەتىپ ئاياقچىلا مەھەللىسىگە ئايرىلىدىغان توما ئېغىزىنى پۈتۈنلەي بېكىتىۋېتىدۇ ۋە چوڭ ئوغلىغا بۇيرۇيدۇ:

— يار بېشى تەرەپتىن سۇ تۇتىدىغانلارنىڭ ھەممە-سىگە ئېيت، قولىغا كالتەك-توقماق ئېلىپ توما بېشىغا يىغىلىشسۇن!

ھەزىماخۇن باي بىلەن تاشاخۇنۇم بىر يېزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان "چوڭ" لار بولۇپ، كۆپتىن بېرى يۇقۇرى-تۆۋەنلىك تالىشىپ يۈرگەن ئىدى. ئاسانلىقچە بىر بىرىگە يول قويۇشمايتتى. ھەزىماخۇن باي تاشاخۇنۇمنىڭ تاقاقنى پۈتۈنلەي بېكىتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ-دە، ئاياقچىلا مەھەللىلىكلەرنى يىغىپ، كۈچلىكنى تاشاخۇنۇمنىڭ ئادەملىرىنى توما بېشىدىن قوغ-لىۋېتەلىسە چوڭ زارەختەمە ئوتكۇزۇپ بېرىشكە، ئەگەر بۇ قېتىمقى ئېلىشىشتا قارشى تەرەپتىن ئۆلۈم-يېتىم بولۇپ

رىدەك ئۇششاق باللىرى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ۋە يېزىدىكى غەزەپلەنگەن دېخانلار قاراياغاچتىن يىشۋالغاندا، پۈتكۈل ئۆمرى رىيازەت چېكىش بىلەن ئۆتكەن بۇ ئىككى دېخان ـ نىڭ نەپسى ئۈزۈلەي دەپلا قالغان ئىدى!...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ يېزامنىڭ دېخان ـ لىرى تاكى ئازاتلىق بولغىچە بۇ قاراياغاچنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئىختىيارسىز باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ كوزلىرىگە ياش ئالاتتى ۋە ئۇنى "قانلىق دەرەخ" دەپ ئاتاشتى......

## تۇگىمەس پاجىە

ھېيلىمىزنىڭ ئالدىدا بىر تاشلىقچە سۈيى بار بىر ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ سۇ بىزنىڭ يېزىنىڭ جان تومۇرى ئىدى. مۇشۇ سۇدىن باشقا ھېچقانداق سۇ مەنبەئىمۇ يوق ئىدى. بۇ سۇ دەل بىزنىڭ يالاڭ قانات ئىشىگىمىز ئالدىغا كەلگەندە، كىچىككىنە توما ئارقىلىق ئىككىگە بولۇنۇپ، بىرى ئاياقچىلا مەھەللىسى تەرەپكە، بىرسى، يار بېشى مەھەللىسى تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ، مەن بۇ توما بېشىدا تالاي كى ـ شىلەرنىڭ "سۇ ـ سۇ" دەپ چاڭقاپ، دەرت ـ ئەلەم بىلەن سۇغا قانماي ئۆتۈپ كەتكەنلىگىنى كورگەن.

مېنىڭ يېزامنىڭ مويسىپىتلىرى بۇ تومىنى "جېدىلى تۈگىمەيدىغان توما" دەپ ئاتايتتى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ توما بېشىدا ئەگىز سۇلىرى ئېقىپ كەلگەن باش ئەتىيازدىن تاكى قارا كۈزگىچە جېدەل ـ ماجرا تۈگىمەيتتى.

1947 ـ يىلىنىڭ كۈزگى تېرىم مەزگىلى بولسا

بېسىقاندىن كېيىن، توما بېشىدىكى سۇ تەقسىماتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سۇ ھەر ئىككى باينىڭ ئېتىزلىرىغا تەڭ ئاقىدۇ. ئېكەن، نىمە ئۈچۈندۇر ھەر ئىككى باي بىر بىرىگە خۇن داۋاسى قىلىشمايدۇ، "خۇن دەۋاسى" قىلىشماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ دەۋانى شۇ كەمدىكى يېزا قازىسى ھەر ئىككى باي ئۈچۈن پايدىسىز ھىساپلاپ، ھوكۇمەت ئالدىغا ئاپارماسلىققا دەۋەت قىلىپ، دەرھال جىمىقتۇرۇۋېتىدۇ......

مېنىڭ يېزامدىكى بۇ ئىككى باي ھىساۋىغا بولۇپ تۇرىدىغان ئۇلۇم - يىتىم يىلىدا دىگۇدەك تەكرارلىنىدىغان ئىشلاردىن بولغاچقا، بۇ پاجىەمۇ كوپ ئۇتمەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

## "قاسىم قوشماق كوپىراتىۋى"

مەن ئۇز يېزامدا بولغان كۇنلەردە كوپرەك 173 ئائىلە دىخاندىن تەركىپ تاپقان كوپىراتىپ — "قاسىم قوشماق كوپىراتىۋى" نىڭ مۇدىرى يولداش قاسىم قوشماق بىلەن بىللە بولدۇم.

قاسىم قوشماق ئەسلىدە يار بېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قوشماق باپكارنىڭ ئوغلى بولۇپ، تاپىنى يەرگە تەككەندىن تارتىپ ئاياق مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى سازلىق ئىچىدە تاشاخۇنۇمنىڭ ئۇي - ئوچكىسىنى باقىدىغان پادىچى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مەن ئوسمۇرلۇك چاغلىرىمىزدا ئىناق دوستلاردىن بولۇپ ئوتكەن ئىدۇق. ئىگىز بوي، چوڭ كوز، بۇغداي ئوڭلۇك بۇ "پادىچى" ئەينى يىللاردا ئوز تەڭ-

قىلىپ، جاۋاپقا تارتىلىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ھوكۇمەت ئالدىدا شەخسەن ئۆزى بارلىق دېپى ـ دۇنياسىنى تىكىپ، باش ـ پانا بولۇشقا ۋەدە قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاياقچىلا مەھەللىسىدىكىلەر كالتەك ـ توقماق كوتىرىپ توما بېشىغا باستۇرۇپ بارىدۇ. بۇ چاغدا تاشاخۇنۇم ئۆز ئادەملىرىنى ئالدىقاچان "تەييار" قىلىپ قوي ـ غان ئىدى. ئۇلار ھە دىگەندىلا جىدەلنى گەپ تالىشىشتىن باشلايدۇ، كىسەلنىڭ ئانىسى ئەسنەك، جىدەلنىڭ ئانىسى تەستەك، دىگەندەك، كىمدۇر بىرسى ھىزىماخۇن باينىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ كوزىگە قولى بىلەن نوقۇيدۇ. تاشاخۇنۇم شۇنىڭ بىلەن تەڭ، "تۇرامسەن خەق، ئۇرە ـ ئۇر!" دەپ ۋاقىرايدۇ. تىل ـ ئاھانەتتىن قىزىشىپ قالغان خەق سەرەڭگە يېقىلغان قۇرۇق غازاڭدەك لاپپىدە يېنىپ، بىر بىرىگە ئېتىلىشىدۇ. "ئۇر ـ ئۇر" باشلىنىپ، ھەممە يەردىن قى ـ چۇ، ۋاقىراش ـ جاقىراش سادالىرى ياڭرايدۇ. كىمنى كىمنىڭ ئۇرۇۋاتقانلىغىنى ئايرىۋىلىش تەس ئىدى، توقماق ـ چوماق، پالتا كەتمەننىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋازنى كىشىلەر يىراقتىن ئاڭلايدۇ......

جىدەل پەيزىۋات ناھىيىسىدىن يۇرت ئاتلاپ كىلىپ تاشاخۇنۇمغا يىلىلىقچىلىق قىلىۋاتقان ئويلەنمىگەن يىگىت ھاشىمنىڭ ئولۇمى، سۇ تۇتقىدەك يېرى بولمىغان ئۇچ كى ـ شىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنىڭ كىسىپ تاشلىنىشى بىلەن ئاياقلى ـ شىدۇ. ئولگۇچى تاشاخۇنۇم تەرەپتىن بولۇپ، ئەيىپناق قىلىپ قويۇلغان 3 كىشى ھىزىماخۇن باي تەرەپتىن ئىدى. جىدەل

مىز باشقىچە بولۇپ كەتتى. يەر ئىسلاھاتىدا پۇت-قول-مىزدىكى كىشەنلەر چېقىپ تاشلاندى، قەد كوتەردۇق. ئارقىدىنلا تەشكىللەندۇق. ھال-ئوقىتىمىز يامان ئەمەس. قازانىمۇ، چومۇچىمۇ ياغ بولىدىغان زامان كەلگەندەك قىلىدۇ. كوپېراتىۋىمىز ئۇدا ئىككى يىل مول ھوسۇل ئالدى. ناھىيە بويىچە كوپ قېتىم تەقدىرلەندى. بۇ يىل 400 مو بىنەم ئېچىپ شال تېرىدۇق. تۇنۇگۇن باھالاش ھەيئەتلىرى بۇ شالنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 470 جىڭ قىلىپ بېكىتىپ باھالىدى. بىز ئەمدى كونا دىخان ئەمەس، تەشكىللەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى دىخان بولۇپ قېلىۋاتىمىز. ئەڭ مۇھىمى، يۇرتداشلار ئەمدى ئوز تەقدىرىنىڭ ئوز قولىدا ئىكەنلىگىگە ئىشەندى!......

مەن ئوز يېزامدا بولغان كۇنلەردە قېرىنداشلارنىڭ يېڭى ئويلىرىدە، كەچكۇرس، يېڭى مەكتەپ، مەدەنىيەت ئويى، سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەشرەپلىرىدە ۋە قاينام-تاشقىنلىق، خۇشال ئەمگەك قاينىغان ئېتىزلاردا بولدۇم. ھەممە يەردە كونا دۇنيادىن يېڭى دۇنياغا قەدەم قويغان يېڭى دىخان-لارنىڭ گۇللىنىش مەنزىرىسى قۇچاق ئاچقان.

قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى:

— ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقانلى-غىمىزغا گۇمان قىلمايمىز، تېخىمۇ گۇزەل، تېخىمۇ پارلاق يېڭى ھايات ئالدىمىزدا، — دەپ ئىشەنچ بىلەن سوزلەيتتى......

1956-يىلى ئوكتەبىر، قەشقەر.

تۈشلىرىدىن زىرەك، چاققان ۋە باشقا پادىچىلارغا دىلكەش-لىك قىلىدىغان پەزىلەتلىرى بىلەن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى.

قاسىم قوشماق ئازاتلىقتىن كېيىن كەچكۇرسلاردا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەركەتلىرىدە كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دەرتمەن دېخانلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، زومىگەر پىرىششىك تاشاخۇنۇم ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى توختاتمىغان باي دېخان ھىزىمنى خەلقنىڭ سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىقىپ، ئەدىۋىنى بېرىپتۇ. تەبىي كەنت. مەمۇرى كەنتلەرگە باشلىق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيغا ۋەكىل بولۇپ سايلى-نىپتۇ، كومپارتىيىگە ئەزا بوپتۇ. 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئەتراپتا بىرىنچى بولۇپ، نامرات دېخانلارنى تەشكىللەپ تۇنجى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىۋىنى قۇرۇپ-تۇ. بۇ كوپىراتىپ رايون بويىچە دەسلەپكى كوپىراتىپ بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى ”قاسىم قوشماق كوپىراتىۋى“ دەيدىكەن.

قاسىم قوشماق ھازىر كوپىراتىپنىڭ مۇدىرى ھەم كوپىراتىپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىكەن:

— ئوتكەن 6 يىل ئاجايىپ يىللار بولدى، — دېدى قاسىم قوشماق مەن بىلەن سوھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، — تەلىيىمىز ئوڭ ئىكەن، ئۇستىمىزدىن دۇم كومتۇرۇلگەن قازان ئېلىۋېتىلگەندەك، يورۇق دۇنياغا ئېرىشىپ، تەقدىرد-

# 孜来甫仙河边

（维吾尔文）

柯尤慕·图尔迪

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本　8 $\frac{3}{8}$ 印张

1981年1月第1版　1981年2月第1次印刷

印数：1—15,000

书号：M10098·459　定价：0.40元